# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版·季刊）



主编：阿扎提·苏里坦（教授）

副主编：

阿布都肉苏力·克其克阿洪（副编审）

吐尔逊·卡迪尔（副教授）

本期责任编辑：

吐尔逊·卡迪尔

**各固定栏目负责人**

《丝绸之路文化研究》

阿扎提·苏里坦

《政治、经济与管理学研究》

《法学、历史学、社会学研究》

吐尔逊·卡迪尔

《民族文化研究》

阿布都肉苏力·克其克阿洪

《语言文学研究》

阿不都力木·阿不都热依木

باش مۇھەررىر:

ئازات رەھمەتۇللا سۇلتان (پروفېسسور)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:

ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تۇرسۇن قادىر (دوتسېنت)

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى:

تۇرسۇن قادىر

**ھەرقايسى مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»

ئازات رەھمەتۇللا سۇلتان

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش تەتقىقاتى»

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى»

تۇرسۇن قادىر

«مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»

ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

«تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى»

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئىتى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، ئابدۇراخمان ئۆرايىم، ئابدۇكېرىم راخمان بوچى، ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن، ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن، ئادىل ئايۇپ، ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر، ئاسىمە نىياز، ئازات رەھمەتۇللا سۇلتان، گۈلئازات تۇرسۇن، گۈلنار يۈسۈپ، چىمەن نەجمىددىن، رەخمىتۇللا ھەسەن، ئەخمەت سۇلايمان قۇتلۇق، غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر، گويىاگۈل قادىر، ئۆمەر داۋۇت، ئوسمان ئىسمايىل تارىم، پەخرىددىن ھىسامىددىن، راھىلە داۋۇت ئەلچىن، شىرىن قۇربان، تۇرسۇن قادىر

بۇ سانىدىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار ئابدۇرېشىت، رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت غازى • بەت ياسىغۇچى: ئەخمەتجان ئۆمەر • مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)**
**38 ـ يىللىق 2 ـ سان (ئومۇمىي 150 ـ سان) 2017 ـ يىلى 6 ـ ئاي**

# بۇ ساندا

## يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى ۋە شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ SWOT ئانالىزى..........
..........نۇرلانبېك قاپاس(1)
دامىكۇدىن تېپىلغان ئۈچ تارىلىق بەرباپ ھەققىدە تەھلىل ..........ئابلەت ياسىن بابا(10)
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاراشلىرىغا بولغان ئىجادىي ۋارىسچانلىق توغرىسىدا..........
..........ئابلىكىم ئابدۇراخمان(27)
سالار تىلىنىڭ ئېلىمىزدىكى تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىغا باھا..........رۇقىيە ئوسمان(36)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي يولى ئۈستىدە مۇلاھىزە..........
..........نەجمىدىن يۈسۈپ(43)
جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسى بىلەن «جۇڭگو ئارزۇسى»نىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا..........
..........غالىپ تىلىۋالدى(53)

## مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزە(2) .......... شېرىن قۇربان(57)
جۇڭگودا «گۆر ئوغلى» داستانى تەتقىقاتى..........غ. ئو. ئۇتغۇر، ئوسمان جۇمە(66)
« تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى نىكاھ تويىغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر توغرىسىدا......مەمەت قايۇم، ئايگۈل ئابلىز(79)
ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسى توغرىسىدا مۇلاھىزە.....ئايگۈل ئابدۇرېھىم(89)

## تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى

ئۇقۇملارنى بۆلۈشنىڭ لوگىكىلىق ئۇسۇلى ۋە قائىدىلىرى توغرىسىدا..........قەييۇم مىجىت(96)
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە.......... كەرىمجان سابىرىي، قاسىمجان سادىقوپ (102)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا..........ئابدۇراخمان قۇربان(108)
تىل تەكشۈرۈش ۋە تىل تەسۋىرىدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك مەزمۇنلار ھەققىدە..........
..........رىسالەت ئابلىمىت(114)
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگ» سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش..........
.......... ئاينۇر ياسىن(118)
«ئائىلە» رومانىنىڭ ئىككى نەشرىدىكى ”宝岛“ نىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا..........مېھرىگۈل تۇرسۇن(122)

## قانۇن، تارىخ ئىلمى تەتقىقاتى

ئائىلە زۇلۇمى ۋە ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ھەققىدە تەھلىل..........
..........رىزۋانگۈل ئابدۇراخمان، غالىپ ئىسمايىل(125)
يۇنان مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن كۇڭزىچىلارنىڭ قانۇن ئىدىيەلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە..........
..........ئەركىن توختى (130)

## نەشرىياتچىلىق تەتقىقاتى

مۇھەررىرلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيىنى ياڭرىتىشتىكى رولى..........مەدىنە تاھىر(136)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2017-3

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）
第38卷第2期（总150期）　2017年6月

# 目　录

## 丝绸之路文化研究

"一带一路"战略和新疆外贸企业的SWOT分析……努尔兰别克·哈巴斯(1)
达玛沟遗址出土的三弦琵琶渊源探析……阿不来提·亚生(10)
关于维吾尔古典文艺学术的继承……阿布力克木·阿布迪腊合曼(27)
国内撒拉语研究评析……茹黑也木·吾斯曼(36)

## 政治、经济与管理学研究

浅析全面从严治党的基本途径……乃吉米丁·玉素甫(43)
浅论社会治理体制与《中国梦》的关系……阿里甫·提力瓦力地(53)

## 民族文化研究

塔吉克族非物质文化遗产保护探索与思考(二)……西仁·库尔班(57)
关于维吾尔民间达斯坦《古尔·乌古力》在我国的研究简况……海热提江·乌斯曼，吾斯曼·居买(66)
试戏《突厥语大辞典》中的婚姻习俗……买买提·喀尤甫，阿依古丽·阿布力孜(79)
论维吾尔族民间谚语所体现的安定和谐观……阿依古力·阿不都热依木(89)

## 语言与文学研究

试论划分概念的逻辑方法和规则……克优木·米吉提(96)
简析维吾尔语－汉语对照《高昌馆杂字》……克里木江·沙比尔，卡斯木江·萨迪克夫(102)
论现代维吾尔语中混合派生词的结构……阿不杜热合慢·库尔班(108)
语言调查与语言描写时应交代的内容……热萨莱提·阿卜力米提(114)
论古代维吾尔语词《ئۈگ》的意义及其演变……阿依努尔·亚生(118)
小说《家》两种维吾尔语版本中"宝岛"的翻译问题……米日古丽·吐逊(122)

## 法学、历史学研究

浅析家庭暴力和妇女权益的保护……热孜万古丽·阿不都热合曼，阿力甫·司马义(125)
论古希腊思想家与儒家的法律思想比较分析……艾尔肯·托乎提(130)

## 出版学研究

编辑在唱响民族团结乐章的作用……买迪娜·塔依尔(136)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2017-2

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 09 ـ 001 ـ 02(2017) 5878 ـ 1005

# «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى ۋە شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ SWOT ئانالىزى*

نۇرلانبېك قاپاس

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830047)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ھالىتىدە شەكىللەنگەن، جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيىتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇپ، بۇ رايونلار ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش، ئاسىيا ـ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇقەررەر تاللاش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇشتا شىنجاڭ روشەن رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىراق، يەنە نۇرغۇنلىغان ناچار تەسىر ۋە خىرىسلارمۇ مەۋجۇت. «بىر بەلباغ، بىر يول ئىستراتېگىيەسى »نى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، SWOT ئانالىزى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ بىر بەلباغ، بىر يول ئىستراتېگىيەسىدىكى ئەۋزەللىكى، بېتەرسىزلىكى، پۇرسەت ۋە خىرىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئانالىز قىلىش ھەم مۇشۇ ئانالىز ئاساسىدا شىنجاڭدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ بۇ ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇش جەريانىدىكى تەرەققىيات يولىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى؛ شىنجاڭ؛ تاشقى سودا كارخانىلىرى؛ SWOT ئانالىزى

## “一带一路”战略和新疆外贸企业的 SWOT 分析

努尔兰别克 · 哈巴斯

**摘要:** “一带一路”战略是中国经济新常态下构建中国全方位开放新格局的必然要求，是推进区域经济一体化建设，促进亚欧国家共同发展繁荣的必然选择。在这一战略的实施过程中，新疆占据显著优势、面临很多机遇，但也存在诸多劣势和威胁。为推进“一带一路”战略的全面实施及中国新疆与中亚国家的深度合作，有必要采用 SWOT 分析法对新疆外贸企业在“一带一路”战略中的优势、劣势、机会和威胁展开全面分析，并在这一基础上探究新疆外贸企业在这一战略实施过程中的发展途径。

**关键词:** “一带一路”战略； 新疆； 外贸企业； SWOT 分析

**Abstract:** “One Belt One Road” strategy is the inevitable requirement of building a new pattern of China's all - round openness under the new normal situation of China's economy, it is to promote regional economic integration, and promote the common development of Asia and European countries the inevitable choice of prosperity. In this strategy, Xinjiang region occupies a significant advantage, facing many opportunities, but also there are many disadvantages and threats factors. In order to promote the comprehensive implementation of the strategy of “One Belt One Road” and the deep cooperation between Xinjiang and Central Asian countries, it is necessary to use SWOT analysis to analyze the advantages, disadvantages, opportunities and threats of Xinjiang foreign trade enterprises in the strategy of “One Belt One Road”. On this basis to explore the Xinjiang foreign trade enterprises in the implementation of this strategy in the process of development.

---

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ «كۆزگە كۆرۈنگەن ياش تەتقىقاتچىلارنى تەربىيەلەش پىلانى» تۈرىنىڭ «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ دۆلەت ھالقىغان ئىقتىسادقا كىرىش ئەندىزىسى ئۈستىدە تەتقىقات»( تۈر نومۇرى: (16JG002) نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى.

**ئاپتور:** نۇرلانبېك قاپاس (1970 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتور، دۆلەت ھالقىغان كارخانىلارنىڭ سىرتقا قارىتا بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش، رايون ئىقتىسادىي تەتقىقاتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**Keywords:** "One Belt One Road" strategy, Xinjiang Foreign Trade Enterprises, SWOT analysis

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F752 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش دەۋرىنىڭ تەلىپى. «13 - بەش يىللىق» پىلانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھاللىق جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۈرەش نىشانىنى قەرەلىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنى سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىككى ئومۇمىيەتنى بىر تۇتاش پىلانلاش پىرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك. دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ قۇرۇلۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى، بازار ئەۋزەللىكى، تۈزۈم ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەت سىرتىدىكى مۇھىت ئۆزگىرىشىگە ئاكتىپ ماسلاشقاندىلا، ئاندىن ئىككى بازاردىن، ئىككى خىل مەبلەغدىن ئۈنۈملۈك ھەم تولۇق پايدىلىنىپ ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش، ئورتاق راۋاجلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى دۆلىتىمىزنىڭ يىپەك يولىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يېڭى ئۇقۇم بولۇپ، كەلگۈسىدىكى ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، دۇنيانىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يېڭى بىر جەريان بىلەن تەمىنلەيدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ مەركىزىي رايونىنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، يېتەرسىزلىكلىرى، پۇرسەت ۋە خىرىس دېگەنلەر زادى نېمە ؟ شىنجاڭدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ بۇ ئىستراتېگىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى تەرەققىيات يولى قايسى؟ بۇ مەسىلىلەر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 1. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى ھەم SWOT ئانالىزىنىڭ مەنىسى

### 1) «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ مەنىسى

«بىر بەلباغ» - «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى»نى كۆرسىتىدۇ. يىپەك يولى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يىپەك يولى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى يىپەك يولىدىن ئىبارەت ئىككى لىنىيەگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى يىپەك يولى سەنشى ئۆلكىسىدىن باشلىنىپ گەنسۇ، نىڭشيا ۋە شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننى بېسىپ ئۆتىدۇ؛ كېيىنكىسى جەنۇبىي جۇڭگو يىپەك يولى ياكى جەنۇبىي يىپەك يولى دېيىلىدۇ، بۇ ئاساسلىقى دۆلىتىمىزنىڭ سىچۈەن ۋە يۈننەندىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىنى بېسىپ ئۆتۈپ، چېگرادىن چىققاندىن كېيىن بىرما، تايلاند قاتارلىق ھىندونېزىيە ۋە ئوتتۇرا شەرققە بارىدۇ. بۇ ئىككى يىپەك يولىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. بۇ يىپەك يولى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە رەسمىي شەكىللەنگەن ھەمدە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىن جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگىچە داۋاملىشىپ سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىگە كەلگەندە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، بارا - بارا سۇسلاشقان (بۇنىڭ ئورنىنى ئاساسلىقى دېڭىز يىپەك يولى ئىگىلەشكە باشلىغان).

« بىر يول»— «21 - ئەسىر دېڭىز ئۈستى يىپەك يولى»نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ قۇرۇقلۇق يىپەك يولىنىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان. ئۇ ئاساسلىقى دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى بىر قىسىم پورتلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، دېڭىزدىن چىققاندىن كېيىن ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تۇتىشىدۇ ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يىپەك يولى دەسلەپتە چىن سۇلالىسى دەۋرىدە شەكىللەنگەن. كېيىن چىن، خەن سۇلالىلىرىگە كەلگەندە رەسمىي يولغا قويۇلغان، ئۈچ پادىشاھلىق ۋە بەش دەۋر 10 بەگلىك زامانىسىدا تەرەققىي قىلغان، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىگە كەلگەندە ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەن، كېيىن مىڭ سۇلالىسى دېڭىزدا يۈرۈش

www.uyghurkitap.com



چەكلىمىسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن توختاپ قالغان.

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق گۈللىنىش، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە ئالماشتۇرۇش ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئۇچرىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىستراتېگىيە بولۇپ، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تەسىر كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا ئۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

**2) SWOT ئانالىزى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى**

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ئامېرىكىلىق ئالىم ۋېلىيامسۇن(Williamsons) بىر خىل ھالەت ئانالىزى ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ خىل ھالەت ئانالىزى ئارتۇقچىلىق(Strength)، يېتەرسىزلىك (Weakness)، پۇرسەت(Opportunity)، تەھدىت (Threat)تىن ئىبارەت تۆت ئامىلدىن تەركىب تاپقان، بۇ تۆت سۆز S، W، O، T ھەرپىدىن باشلانغان بولغاچقا، بۇلارنى بىر يەرگە تىزىپ كۆرگەندە SWOT دېگەن سۆز كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ قىسقارتىلىپ SWOT ئانالىزى دېيىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ھالەتنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئانالىز قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل ھالەت ئانالىزى ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، بارغانسېرى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان SWOT ئانالىزى كەڭ كۆلەمدە كارخانا باشقۇرۇش، ساياھەت باشقۇرۇش، مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە قوللىنىلدى ھەمدە نۇرغۇنلىغان قىممەتكە ئىگە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشىپ، ھەر تۈرلۈك تەتقىقات ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 2. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى ۋە شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ SWOT ئانالىزى

**1)«بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىدىكى شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى**

بىرىنچى، رايون ئەۋزەللىكى. شىنجاڭ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «بىر بەلباغ، بىر يول» بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا ئالاقىسى ئېلىپ بېرىشتا ئۆزگىچە رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە. 1990 - يىلىدىن باشلاپ، جۇڭگونىڭ لىيەنيۈنگاڭ پورتىدىن گوللاندىيەنىڭ ئامستېردامغىچە بولغان يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئېچىۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونى ۋە پۈتۈن ياۋروپادا ئەڭ قولايلىق، ئەڭ ئەرزان ترانسپورت يولى ئەۋزەللىكىگە ئايلاندى. شىنجاڭدا نۆۋەتتە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت بىرىنچى دەرىجىلىك ئالاتاۋ ئېغىزى دۆلىتىمىزدىكى بىردىنبىر تۆمۈريول، تاشيول، تۇرۇبا، ترانسپورتتىن ئىبارەت ئۈچ بىر گەۋدە قىلىنغان قۇرۇقلۇق يولى ئېغىزى ھېسابلىنىدۇ. قورغاس ئېغىزىمۇ كەلگۈسىدە فۇنكسىيەسى بىر قەدەر ئۈنىۋېرساللاشقان، تەسىر دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ ئېغىزغا ئايلىنىشى مۇمكىن. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى قەشقەر يېپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىياغا تۇتىشىدىغان مۇھىم قاتناش يولى ۋە خەلقئارالىق سودا ئورنى بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن بىرىنچى دەرىجىلىك شەھەر ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلاشقانلىقتىن، جۇغراپىيەلىك رايون ئەۋزەللىكى بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ، شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ دۇنيا سودا ساھەسىگە كىرىش ئۈچۈن قولايلىق شارائىت ھازىرلاندى.

ئىككىنچى، ئادىمىيەت ئەۋزەللىكى. جۇڭگو شىنجاڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىقتىساد بەلبېغىدىكى

غەرب بىلەن شەرقنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتى تۇتاشقان رايون بولۇپ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۆزئارا ئالاقە قىلىش جەريانىدا ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىچە رايون مەدەنىيىتى ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەنگەن. جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت ھالقىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، قوشنا دۆلەتلەردىكى مىللەت ئەزالىرى بىلەن بەدەن ۋە چىراي شەكلى جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، تىل ئالاقىسى يېقىن بولۇپ، ئۆرپ-ئادەتلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇق رىشتىسى چوڭقۇر بولۇپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىدۇ. تارىختا جۇڭگو شىنجاڭ يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، 2000 يىلدىن بۇيان ئۆزئارا ساقلاپ كەلگەن تارىخىي ئەنئەنىسى ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىدا ئۆزگىچە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

ئۈچىنچى، تاشقى سودا جەھەتتە ئۆزئارا تولۇقلاش ئەۋزەللىكىگە ئىگە. «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ تەبىئىي بايلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش جەھەتتە بىرقەدەر ئەۋزەل شارائىت مەۋجۇت بولۇپ، بۇ شارائىت جۇڭگو بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرقەدەر چوڭ ئۆزئارا ماسلىشىش، ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بايلىق مەنبەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، بىراق مەبلەغ، تېخنىكا، ئادەم كۈچى بايلىقى كەمچىل؛ جۇڭگونىڭ تەبىئىي بايلىقى نىسپىي ھالدا كەمچىل، بىراق ئەمگەك كۈچى بايلىقى، مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئېنېرگىيە، مېتاللورگىيە، ئېغىر سانائەت، ئېغىر تېپتىكى مېخانىكا قاتارلىق جەھەتتىكى تەرەققىياتى بىرقەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، بىراق يېنىك سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە ئىنتايىن ئاجىز؛ جۇڭگو يېنىك سانائەت، يېمەك - ئىچمەك، خىمىيە سانائىتى، دورىگەرلىك، ماشىنسازلىق، توقۇمىچىلىق ساھەسىدە بىرقەدەر چوڭ ئارتۇقچىلىققا ئىگە. شىنجاڭدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرى «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى ئېلىپ كەلگەن بۇ تەرەققىيات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېنېرگىيە ھەمكارلىقى، سانائەت پىششىقلاپ ئىشلەشنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرغاندا، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش، نەپ ئېلىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

**2) «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىدىكى شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى**

بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ چېگرا سىرتىغا مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىنچىلىقى بىرقەدەر ئېغىر. جۇڭگو شىنجاڭدىكى كارخانىلار «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىدىكى دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقتا مەبلەغ كەمچىل بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىن بولۇش مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ جۇغلانما مەبلىغى ئاساسلىقى كارخانىنى كېڭەيتىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا كۆپلەپ ئىشلىتىلگەچكە، تاشقى سودىغا ياكى بىۋاستە مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشقا ئانچە قۇربىتى يەتمەيدۇ. شۇڭا بانكا ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق مەبلەغ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ، بىراق شىنجاڭدىكى كارخانىلار تاشقى سودىغا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە بانكىدىن قەرز ئېلىشمۇ ئاسان ئەمەس. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب: بىرىنچىدىن، خۇسۇسىي كارخانىلار بانكىدىن قەرز ئېلىشقا كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن رەنىگە قويىدىغان كۆچمەس مۈلكى چەكلىك؛ ئىككىنچىدىن خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن، بانكىلارنىڭ سېلىنما مەبلەغكە كاپالەتلىك قىلىش تەلپىي بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۇ كارخانىلارنىڭ ئالدىن تۆلەش شەكلى ئارقىلىق بانكىدىن قەرز ئېلىش يولىنى چەكلەپ قويىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئاساسلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، مەسىلەن، كارخانىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە تايىنىش ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك بولسا مەبلەغكە ئاسانلا ئېرىشىدۇ، بىراق ئېرىشكەن مەبلىغى چەكلىك، مەبلەغ سېلىش خەۋپى بىرقەدەر چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، كارخانىلارنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى يەنىلا تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، مەبلەغكە ئېرىشىشنىڭ قىيىن بولۇشى، شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرماقتا.

ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدىكى يېتەرسىزلىك. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئاز، ئېكسپورت رىقابەت كۈچى ئاجىز، سىرتقا كۆرسىتىدىغان تەسىر كۈچى يوق دېيەرلىك بولغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى تاشقى سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق تاۋارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، مەبلەغنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن، ئۈنۈمى چەكلىك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىلىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق مەۋجۇت، بۇ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ تولۇق ماسلىشالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرقەدەر ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۆنىلىشىگە داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۈچىنچى، شىنجاڭ كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسى تۆۋەن، ئۇچۇر يورۇتۇش مېخانىزمى كەمچىل. شىنجاڭدىكى كارخانىلار «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن دىسلەپكى باسقۇچتا، ئاساسلىقى تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق بەلگىلىك بازار ئىگىلىگەن بولۇپ، ساياھەتكە چىققاچ سېتىش - سېتىۋېلىش ۋە شەخسلەرنىڭ يۆتكەپ سېتىشى جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودىسىدىكى ئاساسلىق مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر تۆۋەن قاتلاملىق سودا شەكلى بولۇپ، چوڭ كۆلەمدىكى ئېكسپورت سودىسىنى شەكىللەندۈرەلمىگەن. گەرچە جۇڭگونىڭ مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىدا باھاسى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، بىراق داۋاملىق مۇشۇنداق تۆۋەن سۈپەتلىك، تۆۋەن باھالىق تاۋار ئالماشتۇرۇشقا تايىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ خىل شەكىلنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، بىراق بۇ شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمكارلىقىدىكى دىسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنىڭ ئاساسلىق بازار يۆزلىنىشىگە ماسلىشالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تۆۋەن سۈپەت، تۆۋەن باھالىق مەھسۇلاتلار شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىدىكى تاۋار سودىسى ئىناۋىتى بىلەن كارخانا ئىناۋىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان كىچىك كارخانىلار ساختا، ناچار، سۈپەتسىز مەھسۇلاتلىرىنى تاموژنا ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا ئەكىرىپ، شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىدىكى ئىناۋىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

نۆۋەتتە، دۆلەت ئىچىدىكى تاشقى سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ دىسلەپكى بازار تەكشۈرۈش ۋە تور ئانالىزى ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، كارخانىلار ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ـ ئۆزىنى تولۇقلاشقا تايىنىدىغان بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلار ھەم ۋاسىتىچى ئاپپاراتلارنىڭ زۆرۈر بولغان ئۇچۇر ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىشى كەمچىل بولغانلىقتىن، كارخانىلار يەنىلا ئۆزىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ساھىبخان دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ۋە تۈرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى مۇۋاپىق ئۇنىۋېرسال باھالاشتا ئامالسىز قېلىپ، تاشقى سودىغا مەبلەغ سېلىشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىكەن. جۇڭگو شىنجاڭ گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «بىر بەلباغ، بىر يول»

بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولسىمۇ، ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز، تاشقى سودا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرغان ۋاقتى قىسقا، تەجرىبىسى كەمچىل، باشقۇرۇش سەۋىيەسى تۆۋەن بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان دۆلەت سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىش مېخانىزمىنى ئورنىتالمىغانلىقتىن، ھەمكارلىشىش مۇددىئاسى بار كارخانىلارمۇ مۇۋاپىق ھەمكارلاشقۇچىنى تاپالمىغان، ئۇچۇرغا ئىگە بولغان ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە مەسلىھەت بېرىدىغان ۋاستىچى ئورۇنلار بولسا مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىنى تاپالمىغان، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئۇچۇرلار ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئېرىشەلمەي، كارخانىلار نۇرغۇنلىغان ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان.

**3) «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىغا ئېلىپ كېلىدىغان پۇرسىتى**

بىرىنچى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ياخشى ماكرولۇق ئىقتىسادىي مۇھىت يارىتىپ بەردى. مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا يولغا قويۇلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بۇ 30 نەچچە يىل جەريانىدا GDP نىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى ھەر يىلى 10%كە يېقىنلىشىپ، ئىقتىسادىي كۆلەم تېز كېڭەيدى. ھازىر ئېلىمىزنىڭ GDP ئومۇمىي مىقدارى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىدىكى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ماكرولۇق ئىقتىسادىي مۇھىت ھازىرلاپ بەردى، ئەڭ مۇھىم بولغىنى «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىدە شىنجاڭ بىر قەدەر يېتەرلىك مەبلەغكە ئىگە بولدى. بۇ مەبلەغلەر قاتناش ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى( مەسىلەن، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىش، پورت ۋە ئايرودۇرۇم قۇرۇلۇشى)، شۇنداقلا يۇمشاق ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى (بولۇپمۇ ئادەم كۈچى بايلىقى) قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىككىنچى، كاپالەت سىياستى ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت. «بىر بەلباغ، بىر يول» بويىدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا رايون تاشقى سودا ھەمكارلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش تۈزۈم قۇرۇلۇشى مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2001 ـ يىلى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى يېڭى قۇرۇلغاندا ئاساسلىقى ھەربىي ئىشلار ۋە بىخەتەرلىك ساھەلىرىدە ھەمكارلىشىش ئېلىپ بېرىلغانىدى، كېيىن «رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ئاساسىي نىشانى ۋە يۆنىلىشى ھەمدە سودا ۋە مەبلەغ سېلىشقا قولايلىق يارىتىش ئەسلەتمىسى»، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر كۆپ تەرەپلىك تاشقى سودا ھەمكارلىق پىروگراممىسىنى يولغا قويۇش چارىسى پىلانى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش ھۆججەتلەر ماقۇللىنىپ، رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇساپىسى تېزلىتىلدى ھەمدە سودىغا مەبلەغ سېلىش قولايلاشتۇرۇلدى، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، رايون ئىچىدە ماددىي ئەشيا، كاپىتال، مۇلازىمەت، تېخنىكا ئەركىن يۆتكىلىدىغان رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىدىن ئىبارەت «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش» فاڭجېنى تۈزۈلۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەر قاتناشقان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە مەبلەغ سېلىش مۇھىتى يارىتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر رايون ئىچىدىكى سودا كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، سودىغا قولايلىق بولۇش جەھەتتە بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ ئارقىلىق تاموژنىدىن تېز ئۆتۈش قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، قاتناش ۋە ئالاقە قاتارلىق ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى سودا ئىشلىرى مۇھىتى قاتارلىقلارنى تىرىشىپ ياخشىلىدى.

**4) «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىدە شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرى دۇچ كېلىدىغان خىرىس**

بىرىنچى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى رىقابەت بىر قەدەر كەسكىن. دۇنيا سودىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكا، ياپونىيە، ياۋروپا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



دۆلەتلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، دۆلىتىمىز قۇرغان «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى» دۇچ كېلىۋاتقان رىقابەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشتى، مۇشۇنداق كەسكىن رىقابەتتىن جۇڭگو شىنجاڭمۇ چەتتە قالمىدى. دۆلەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باشقا ئۆلكە، رايونلاردىكى «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش جەريانىمۇ ئىنتايىن كەسكىن بولدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا بەلگىلىك خىرىسقا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

يەنە بىر تەرەپتىن، رۇسىيە، بېلارۇسىيە، قازاقىستاننىڭ سودا تاموژنا بىجى ھەمكارلىق تۈزۈلمىسىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرىغا بولغان تەسىرى بارغانسېرى گەۋدىلەندى. رۇسىيە، بېلارۇسىيە، قازاقىستان يولغا قويغان بىرلىككە كەلگەن تاموژنا بىجى نىسبىتى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ تاموژنا باج نىسبىتىنى ئۆرلەتتى. بولۇپمۇ قازاقىستاننىڭ تاشقى ئېكسپورت باج سوممىسى20% تىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو شىنجاڭدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرىدا ئېكسپورتنىڭ تەننەرخى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى روشەن ھالدا ئېشىپ باردى؛ ئۇنىڭدىن قالسا، تاموژنا بىجى ئەھدىنامىسى ئەھدىنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىگە ئىلھام بېرىپ، ئەھدىنامە تۈزۈشمىگەن دۆلەتلەرنىڭ مال ئوبوروتىدىكى ئېكسپورت - ئىمپورتنىڭ ئومۇمىي نىسبىتىدە تۆۋەنلەشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئېكسپورتىغا قارىتا بەلگىلىك تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ئىككىنچى، رايون مۇھىتىنىڭ مۇقىمسىزلىقى پەيدا قىلغان خەۋپ - خەتەر. «بىر بەلباغ، بىر يول» بويىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئاستا ھەم تەكشۈكسىز بولۇپ، گەرچە ئىقتىسادىي ئاساسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا نىسبەتەن ئارقىدا قالغان. بۇ يەردىكى گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، قانۇن تۇرغۇزۇش ئارقىدا قالغان بولۇپ، قانۇن - تۈزۈمى ساغلام ئەمەس؛ قانۇن - تۈزۈمى مۇقىمسىز بولۇپ، ئىزچىللىقى كەمچىل بولغانلىقتىن، بۇ چەت ئەللىك ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى سۇسلاشتۇردى.

دۆلەت ئىچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىز شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەتراپىتىكى بىر قىسىم مىللەتلەر بىلەن تارىختا قويۇق باردى - كەلدى مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن خەلقئارا ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى دوستانە ئالاقىدە پائال ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، چېگرا سىرتىدىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

## 3. شىنجاڭدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىدىكى تەرەققىيات يولى

بىرىنچى، قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شىنجاڭدا ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئايلىنىشىدا زۆرۈر بولغان قانۇن - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى بولغان قانۇن مۇھىتى بەرپا قىلىپ، ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاش، ئىچكى قىسمىنى تۈزەش قۇرۇلمىسى ھەمدە ئاساسىي تەرتىپنى تۈزۈملەشتۈرۈش جەھەتتىكى قانۇن تۇرغۇزۇش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش، ئالاقىدار قانۇن، قائىدە تۈزۈش قاتلىمى ۋە

سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈش، قانۇن يولى ئارقىلىق شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ھازىرقى بار بولغان ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ھەم يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا: قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلەش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چوڭ تەدبىرلەردە ئاخىرغىچە مەسئۇل بولۇش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىنجاڭدا بۇ فاكىتنىڭ يېتەكچىلىكىدە «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا قانۇن ـ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قانۇن ـ تۈزۈمگە خىلاپ قىلمىش بايقالغان ھامان جازالاش كېرەك. نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نازارەتنى كۈچەيتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە تاشقى نازارەتنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؛ ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش جەريانىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا، ئېنىق بولۇشىنى ساقلاش؛ پاش قىلىش تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئاممىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئاخبارات تاراتقۇلىرى ھەم باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، تاشقى نازارەتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، سودىنىڭ راۋان بولۇشى بىلەن ئەل رايىنىڭ بىردەكلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. سودىنىڭ راۋان بولۇشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش كۆپلىگەن ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا دۆلەتلىرىگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بازار يوشۇرۇن كۈچى ۋە كۆلىمىنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەر بۇ ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇش جەريانىدا، مەسلىھەتلىشىپ بىرلىككە كەلگەن ئاساستا، سودىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللارنى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ تۈزىتىپ، مەبلەغ سېلىش تەننەرخى ۋە سودا تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىش ھەم سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. شىنجاڭدا «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» قاتارلىق ھەمكارلىق سۈپىتىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ھەم كېلىشىمنامە ئىمزالاپ، بۇ ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇش جەريانىدا تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك. ئەل رايىنىڭ بىردەك بولۇشى جەھەتتە، جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە نىسپىي ئورتاقلىق مەۋجۇت. جۇڭگو شىنجاڭ زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ تەرەپتىكى ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت خەلقلىرى بىلەن دوستانە ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ھەمدە شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۈچەيتىشتە زۆرۈر بولغان ئاممىۋى ئاساس ۋە ئىجتىمائىي ئاساسنى ياخشى سېلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، كەسىپ قۇرۇلمىسى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى تېزلىتىپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئۆزئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. شىنجاڭدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرى «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك كەسىپنىڭ تېخنىكا تەلەپلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش سۈرئىتىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا كەسىپلەر ئىش تەقسىماتىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تېزلىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قولايلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرى ئەشيا ئوبوروتى، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ ھەمدە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭچە

www.uyghurkitap.com



ئالاھىدىلىكنى «سىرتقا چىقىرىش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى؛ تاشقى سودا ئوبيېكتىنى تاللىغاندا جۇڭگو شىنجاڭ ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەر بىلەن سودا ئالاقىسى ئورنىتىشى ھەمدە سودا ئالاقە بىخەتەرلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. كارخانىلار يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ياخشى كارخانا ئوبرازىنى يارىتىپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭ بازار ئىگىلىشى كېرەك.

## پايدىلانمىلار:


1. 陈强. “一带一路”战略下新疆国际贸易与国际物流协同分析[J].金融理论与教学，2017(1):75-79.
2. 姚彤. 丝绸之路经济带为新疆提供新机遇[J]. 大陆桥视野. 2013(10):18 - 19.
3. 于津平,顾威. “一带一路”建设的利益、风险与策略[J].南开学报(哲学社会科学版),2016(1):65 - 70.
4. 刘亚洲. ”丝绸之路经济带”是西北经贸的机遇[J]. 中国对外贸易. 2013(10):19 - 20.
5. 黄一超.以建设“丝绸之路经济带”为契机加快实现新疆跨越式发展和长治久安[J].实事求是. 2013(6):12 - 13.
6. 刘亚洲. “丝绸之路经济带”是西北经贸的机遇[J]. 中国对外贸易，2013(10):19 - 20.
7. 再英·塔拉甫. 浅谈新丝绸之路给我国带来的机遇与挑战[J]. 现代经济信息. 2013(18):13 - 14.
8. [8] 刘育红. 新丝绸之路,经济带交通基础设施投资与经济增长的动态关系分析[J]. 统计与信息论坛. 2012(10):14 - 15.
9. 迪木拉提·奥迈尔. 发挥新疆地缘优势和人文优势促进丝绸之路经济带核心区建设[J]. 中国民族. 2015(3):68 - 71.
10. 李中海. 丝绸之路经济带将带来什么[J]，时事报告. 2013(10):15 - 16.
11. 陈德峰. 将新疆打造成丝绸之路经济带的新增长极[J]. 实事求是，2013(06):20 - 21.
12. 陈晓艳. “丝绸之路经济带”战略背景下 新疆边境贸易发展研究[J]. 对外经贸. 2014(12):10 .


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

38 ـ يىللىق 2 ـ سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 38 卷第 2 期
2017 ـ يىلى 6 ـ ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2017 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 17 ـ 010 ـ 1005 ـ 5878 (2017)02

# دامىكۇدىن تېپىلغان ئۈچ تارلىق بەرباپ ھەققىدە تەھلىل*

ئابلەت ياسىن بابا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** چىرا ناھىيە دامىكۇدىكى خارابىلىكتىن ئۈچ تارلىق بەرباپ تېپىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ بەرباپنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەقتە ئىلىم ساھەسىدە بەرباپنى ھىندىستاندىن، پارسلاردىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن، كۇسەندىن تارقالغان دېگەندەك بىر قانچە خىل ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بۇ ماقالىدە، سېلىشتۇرما تەتقىقات ۋە مەنبەلەرنى دەلىللەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا خاس چالغۇ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىختىرا بولغان بەرباپ ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنىپ شەكىللەنگەنلىكى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۈچ تارلىق بەرباپ؛ مەنبە؛ چالغۇ

## 达玛沟遗址出土的三弦琵琶渊源探析

阿不来提 · 亚生

**摘要:** 在策勒达玛沟遗址出土的三弦琵琶的渊源问题上学术界有多种解释。有人说源于印度,有人认为来自于伊朗,有人推测源于中原地区,也有人说琵琶是在中亚本土地区发明的,还有人认为它是龟兹的产物。本文通过比较研究和文献论证方法对达玛沟的三弦琵琶之渊源问题进行探讨并论证出它的最终渊源及历代演变过程。

**关键词:** 三弦琵琶; 渊源; 乐器

**Abstract:**. Abstract: There are many scientific explanations on the origin of the three-stringed lute which was found in Chira county's Damagou ruins. The opinions for the origin of the subject is quite controversial since it is said differently from India, Iran, central China, central Asia and Kucha. Based on comparative analysis and literature demonstrating, this paper clarifies its origin and historical development.

**Keywords:** three-stringed lute; origin; musical instrument

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** J632.33 **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيەت گۈللەنگەن، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان، بۇددا مەدەنىيىتى ئەۋج ئالغان بىر ئەل بولغان. ئۆز دەۋرىدە بۇددا دىنى مەركەزلىرىدىن بولغان ئۇدۇن ئىلى غەربىي يۇرتتىكى گۈللەنگەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە پاراۋان بىر جەمئىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن تېپىك بوستانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تارىخقا ئايلانغان ئىدېئولوگىيەگە تەۋە بۇ مەدەنىيەتلەر بىر مەزگىل كۆمۈلۈپ ياتقاندىن كېيىن، ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارنىڭ تۈرتكىسىدە يەنە ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققەت نۇقتىسىغا ئايلاندى. ئەينى ۋاقىتلاردىكى ئېقىن بويلاپ شەكىللەنگەن بوستانلىقلارنى چۆرىدەپ تەرەققىي قىلغان ھەرقايسى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۈنىمىزدە قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھالىتىدە بىزگە قايتا نامايان بولۇپ، شۇ دەۋر ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرماقتا. بۈگۈن ئۈچۈن يالدام بولۇپ قالغان بۇيۇملار

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلار تەتقىقات فوندى 2015 ـ يىللىق تۈرى «ئۇيغۇر سوپىزم ساما مۇراسىمى ھەققىدە تەتقىقات»(تەستىق نومۇرى: BS150135)نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بىرى.

**ئاپتور:** ئابلەت ياسىن بابا (1983 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، ياردەمچى تەتقىقاتچى، دوكتور، مىللەت، دىن مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۈگۈنكىلەرنى ئەينى دەۋرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، تەرەققىيات سەۋىيەسى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى ھەققىدە قىممەتلىك مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قەدەر تېپىك دەپ قارالغان چىرا ناھىيە دامكوغا جايلاشقان بۇتخانا خارابىلىكلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق چىرا ناھىيەسى مەدەنىيەت ئىزلىرى بىر قەدەر كۆپ جايلارنىڭ بىرى. بۇنىڭ ئىچىدە دامكودىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار مەيلى سان ياكى كۆلەم جەھەتتە بولسۇن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ دامكونى مەركەز قىلىپ خادىلىق، توپىلىق دۆڭ، كۆك جىگدە، بالۋاستى، كونا دامكو، ئۇزۇن تاتى، قاراچىن، دەندان ئۆيلۈك قاتارلىق بۇددىزم دەۋرىگە تەئەللۇق خارابىلىكلەر قېزىلغان بولۇپ، دامكو بوستانلىقىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان بۇ خارابىلىكتىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە توپىلىق دۆڭ خارابىلىكىدىن تېپىلغان بەرباپ [1] ئۆزگىچە يۈكلىگەن مەدەنىيەت مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

## 1. بەرباپنىڭ تېپىلىشى

2006 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ ئەترىدىكىلەر خوتەن چىرا ناھىيە دامكو يېزا توپىلىق دۆڭ خارابىسىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق بۇتخانىنى ئارخېئولوگىيەلىك قازدى. بۇ جەرياندا يەرلىك بىر دېھقان توپىلىق دۆڭ خارابىلىكىدىن ئالاھىدە بىر خىل چالغۇنى تېپىۋالىدۇ ھەم ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ ئەترىدىكىلەر نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەھقىقلەش ئارقىلىق بۇ چالغۇنىڭ توپىلىق دۆڭ خارابىسى 2 ـ نومۇرلۇق بۇتخانا خارابىسىنىڭ شىمالىغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن تېپىۋېلىنغانلىقى بېكىتىلدى[2]. بۇ بۇتخانا توپىلىق دۆڭ خارابىسى 1 ـ نومۇرلۇق بۇتخانىنىڭ غەربىگە 70مېتىر كېلىدىغان ئورۇندا بولۇپ، ئوك قوۋۇق، ئالدى زال، شەرقىي يانخانا، شەرقىي شىمالى يانخانا، شىمالىي قوۋۇق، شىمالىي يانخانا ۋە مەركىزىي زالدىن تۈزۈلگەن. بۇ بۇتخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىنچىكە، ئېنىق، نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە خوتەن رايونىدا بايقالغان قۇرۇلمىسى ئەڭ مۇرەككەپ ئايلانما كارىدورلۇق بۇتخانا ھېسابلىنىدۇ [3]. بۇنداق قۇرۇلمىلىق بۇتخانا ئۇدۇن، قاراشەھەر، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارقالغان. بۇ بۇتخانا قۇرۇلما جەھەتتىن ئەتراپتىكى باشقا بۇتخانىلارغا قارىغاندا كۆپ مۇرەككەپ لايىھەلەنگەن بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئايلانما كارىدورلۇق بۇتخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ نامايەندىلىرىدىن سانىلىدۇ[4]. ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، 2 ـ نومۇرلۇق بۇتخانىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

## 2. بەرباپنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

دامكو توپىلىق دۆڭ خارابىسىدىن تېپىلغان ئۈچ تارىلىق بەرباپ تىك شەكىللىك، ياپىلاق يۈزلۈك بولۇپ، ياغاچتىن ياسالغان. سىرتقى كۆرۈنۈشى قىزىل مىڭئۆي 69 ـ تاشكېمىرنىڭ كەينىخانىسىنىڭ تورۇسىغا سىزىلغان بەرباپ بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، دامكودىن تېپىلغان بۇ بەرباپ ئېنىقكى تاڭ دەۋرىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا تەۋە بولۇپ، جۇڭگودا قېزىۋېلىنغان مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئىچىدە ھازىرغىچە بايقالغان يىل دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بەرباپ ھېسابلىنىدۇ [5]. مۇناسىۋەتلىك خادىملار بەرباپنى ئۆتكۈزۈۋالغان ۋاقىتتا، بەرباپنىڭ پەدە يۈزى بىلەن قورساق قىسمى ئاجراپ كەتكەن، تارا بېكىتىدىغان قۇلىقى ھەم تارىسمۇ يوق ھالەتتە ئىكەن. بەرباپنىڭ ماتېرىيالىغا

قارتامۇ بەزى ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئارقىسى، يۈز قىسمى ۋە خەرىكى چىرادا كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسالغان. ئەمما ئاۋاز تۈۋرۈكى قىسمى باشقا بىر خىل ماتېرىيالدىن ياسالغان بولۇپ، بۇ قىسمى بەك كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، زادى قايسى خىل ياغاچتىن ياسالغانلىقىنى بېكىتىش قىيىن بولغان. ئەمما بۇ قىسمىنىڭ ئۆرۈك ياغىچىدىنمۇ قاتتىق بىر خىل ياغاچتىن ياسالغانلىقى قىياس قىلىنماقتا.

بەرباپنىڭ قورساق قىسمىنىڭ تۆۋىنىدە تارا باغلايدىغان كىچىك ئۈچ تال تۆشۈك ئېچىلغان خەرىكى بار. خەرەكنىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 4.6 سانتىمېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 4.2 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 5.2 سانتىمېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئۈچ دانە تۆشۈك بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە ئەمەس، سەل قىيپاش شەكىلدە ئېچىلغان. بەرباپنىڭ باش قىسمىغا تارىنى باغلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆزئارا سىممېترىك كەلگەن ھەر بىر تەرەپتە ئۈچتىن جەمئىي ئالتە دانە يۇمىلاق تۆشۈك، يەنى تارا بېكىتىدىغان قۇلاق جايلاشتۇرۇلغان. بۇ ئۈچ جۈپ قۇلاق تارا بېكىتىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، يەنى قۇلاق ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئىككى تۆشۈك ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان. بۇ ئالتە تۆشۈكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى تەكشى، ئوخشاش قىلىپ تېشىلگەن بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات پەرەزلىرىدە بۇلارنىڭ تۆمۈرنى قىزىتىپ تېشىلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە[6]. باش قىسمىدىكى قۇلاق بېكىتىلىدىغان جاينىڭ ئوتتۇرى سەل ئويمان قىلىپ ئويۇلغان. بەرباپنىڭ باش قىسمى ئازراق كەينىگە يانتۇ قىلىپ ياسالغان بولۇپ، تەخمىنەن بەرباپنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىغا باراۋەر كېلىدۇ. بۇ بەرباپنىڭ ئومۇمىي قورۇلمىسى بىلەن ناھايىتى ماسلاشقان بولۇپ، ياسىلىش جەھەتتە كىشىگە كۆركەم ۋە جىپسلاشقان تۇيغۇ بېرىدۇ. بەرباپنىڭ باش قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12.2 سانتىمېتىر بولۇپ، كەڭلىك جەھەتتىن ئەڭ كەڭ قىسمى بولغان يۇقىرى قىسمىنىڭ كەڭلىكى 2.64 سانتىمېتىر، تۆۋەن قىسمى 2.08 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئالتە دانە قۇلاق جايلاشتۇرۇلىدىغان ئويۇپ ياسالغان كاتەك قىسمىنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 1.3 سانتىمېتىر، ئاستى تەرىپى 1.15 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9.15 سانتىمېتىر چىقىدۇ[7].

بەرباپنىڭ قورساق قىسمى يۈز ۋە قورساقتىن ئىبارەت ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قورساق قىسمى ئۆرۈك ياغىچىنى يونۇپ ئېللىپىس شەكىلدە ياپىلاق قىلىپ ياساپ چىقىلغان. قورساق قىسمى بىلەن يۈزى يېلىملاپ تۇتاشتۇرۇلغان. قورساق قىسمىنىڭ يۈزىنىڭ سەل يۇقىرى قىسمىدا بىر - بىرىگە تەتۈر قىلىپ ئويۇلغان ئىككى دانە ھىلال ئاي شەكىللىك ئاۋاز تارقىتىش رولىنى ئۆتەيدىغان تۆشۈك بار. قورساق قىسمىنىڭ ئەڭ كەڭ قىسمى 12.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تار يېرىنىڭ كەڭلىكى4.9 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قېلىنلىقى خەرەك بار جايدىن ئۆلچىگەندە 3.95 سانتىمېتىر، ھىلال ئاي شەكىللىك تۆشۈكتىن ئۆلچىگەندە 3.2 سانتىمېتىر چىقىدۇ. قورساق قىسمىنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 42.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

پەدە باغلايدىغان دەستە قىسمى تېپىۋېلىنغان چاغدىلا ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن بولۇپ، يۇقىرى قىسمى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان. پەدە قىسمىدىكى بىرىنچى تارىسى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغاندىن باشقا، قالغان ئىككى تارىسى يوق. ئەمما پەدە قىسمىدا ئۈچ قاتار روشەن بولغان تارا ئىزى بار. بۇ ھازىر چىرا ناھىيە دامىكۇ بۇددا خارابىلىكى مۇزېيىدا ساقلىنىپ، كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان بەرباپنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ بەرباپنىڭ ئۈستىدە ھېچقانچە بىر ئالاھىدە نەقىش ياكى زىننەت يوق، ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بۇنىڭدىن دامىكۇدىكى بۇ بەرباپنىڭ ئاۋام ئىچىدە ياسىلىپ، ئاۋام ئىچىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن[8].

## 3. ئۈچ تارلىق بەرباپقا ئالاقىدار تارىخىي ئۇچۇرلار

ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلاردا ئىشلىتىلگەن چالغۇ ۋە مۇزىكىلاردا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندىكى

www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلاردىن تېپىلغان بەرباپ بىلەن بەرباپنىڭ تارىخى ۋە بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلغاندا، ئاندىن بەرباپنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، دىنىي ئېتىقاد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدا قايىل قىلغۇدەك چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

يازما ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۈچ تارىلىق بەرباپقا ئائىت مەزمۇنلار كۆپ ئۇچرىمايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ۋە گەنسۇ رايونلىرىدىكى بايقاشلاردىن ئۈچ تارىلىق بەرباپقا مۇناسىۋەتلىك بەزىبىر ئۇچۇرلارنى تاپالايمىز. «يېڭى تاڭنامە»دە ئۈچ تارىلىق بەرباپ ھەققىدە بەزى مەلۇماتلار بار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى بىرما ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تاڭ ئوردىسىغا كەلگەندىكى ئۇسسۇلى ۋە ئۇلارنىڭ چالغۇلىرىغا ئالاقىدار مەزمۇنلاردا بەرباپ مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ. «ئەجدىھار باشلىق، كۆسەندە ياسالغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەرباپى بار...پەدە دەستىدە ئۈچ قاتار بولۇپ، تارىسىنىڭ سانىمۇ شۇنىڭغا ماس بولىدۇ»[9] بۇنى ئۈچ تارىلىق بەرباپ ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يازما مەنبە دەپ قاراشقا بولىدۇ. خوتەننىڭ سوغۇققۇم، يوتقان خارابىلىكلىرىدىن چىققان ساپال كومزەك، ئىدىش قاتارلىق بۇيۇملارغا بەرباپنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. بۇ خارابىلىكلەردىن چىققان ئۈچ تارىلىق بەرباپ رەسىمى بار ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسى ئەينى ۋاقىتتا رايونىمىزدا قېزىش ئېلىپ بارغان كىشىلەر تەرىپىدىن چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن بولۇپ، ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن بۇيۇملار ئىچىدە پېتىرووۇسكىدا ئۈچ دانە، ستەيىندە ئىككى دانە، خورىنلىدا بىر دانە، كېلىمكىتتە بىر دانە، جەمئىي يەتتە دانە ئۈچ تارىلىق بەرباپ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بۇيۇم بار. بۇ بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسى يوتقان خارابىلىكىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ خارابىلىكنىڭ يىل دەۋرى ئەڭ بالدۇرقىسى مىلادىيە 3- ئەسىردىن ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ مىلادىيە 12 - ئەسىرگىچە[10] توغرا كېلىدۇ. چەت ئەللىك ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ خارابىلىكلەردىن چىققان ساپال كومزەكلەردە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ۋە شەكىللەرگە قاراپ بۇ بۇيۇملارنى مىلادىيە 1- ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ياسالغان، دەپ قارايدۇ[11]. يوتقان خارابىلىكىدىن چىققان ئۈچ تارىلىق بەرباپ چۈشۈرۈلگەن كومزەكلەر، دامكودىن چىققان بەرباپ قاتارلىق ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار ئەينى زاماندىكى ئۇدۇندا ئۈچ تارىلىق بەرباپنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كۇچا، باي قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا مىڭئۆيلىرىدىمۇ بەرباپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك رەسىم ۋە مەزمۇنلار بار بولۇپ، بەرباپنىڭ دىيارىمىزدىكى ياسىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە تارقىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مول پاكىتلىق قىممىتىگە ئىگە.

كۇچا قىزىل مىڭئۆي تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە تۆز شەكىللىك، بەش تارىلىق بەرباپ رەسىملىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. خەن، جىن دەۋرىگە تەۋە قىزىل مىڭئۆي 14 -، 38 - نومۇرلۇق تاشكېمىرلەردە، قۇمتۇرا مىڭئۆيى 58 - نومۇرلۇق تاشكېمىردە بەش تارىلىق بەرباپنىڭ رەسىمىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دېمىسىمۇ ھەرقايسى جايلاردىكى ھەر خىل تام رەسىملىرىدە بەش تارىلىق بەرباپنىڭ رەسىملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەكسىچە ئۈچ تارىلىق بەرباپ تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلار كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئىلىم ساھەسىدە بەزىلەر دامكودىن تېپىلغان ئۈچ تارىلىق بەرباپنى ئەسلىدە بەش تارىلىق بولۇپ، كېيىن بۇزۇلۇپ ئۈچلا تارىسى قالغان ۋە ياكى تام رەسىملىرىدىكى ئۈچ تارىلىق بەرباپنىڭ رەسىملىرى رەسسامنىڭ سەۋەنلىكىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەسلى بەش تارىلىق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ [12]. شۇنداقلا بۇ قاراشنى تۇتقا قىلىپ دامكودىن تېپىۋېلىنغان ئۈچ تارىلىق بەرباپنىڭ تارىخىي پاكىتلىق قىممىتىگە سەل قاراپ، ئۈچ تارىلىق بەرباپنى يوققا چىقارماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۈچ تارىلىق بەرباپ بار رەسىملەر گەرچە بەش تارىلىق بەرباپتەك كۆپ ئۇچرىمىسىمۇ، ئەمما ئەستايىدىل ئىزدەنسەك ئۈچ تارىلىق بەرباپ مەزمۇن قىلىنغان ئاز بولمىغان رەسىملەرنى ۋە مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملارنى ئۇچرىتىمىز.

كۇچا قىزىل مىڭئۆيى 69 ـ نومۇرلۇق تاشكېمىرنىڭ ئارقاخانىسىنىڭ تورۇسىدا تىك نۇسخىدىكى ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ رەسىمى بار بولۇپ، بەرباپنىڭ ئۈچ تارىسىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ [13]. بۇ رەسىمدىكى بەرباپ دامىكۇدىن تېپىۋېلىنغان ئۈچ تارلىق بەرباپ بىلەن سىرتقى شەكىل جەھەتتىن تامامەن دېگۈدەك ئوخشاش بولۇپ، تام رەسىمدىكى بەرباپ دامىكۇدىن چىققان بەرباپنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ سىزىپ چىقىلغاندەكلا ئوخشىشىدۇ [14]. بىز بۇنىڭدىن بەش تارلىق بەرباپنىڭ خاتا ھالدا ئۈچ تارلىق قىلىپ سىزىلىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەن ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. 1985 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، كۇچانىڭ خانىقاتام يېزىسى تەۋەسىدىن ساپال پارچىسى تېپىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بەرباپنىڭ شەكلى بار. مىلادىيە 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارالغان بۇ ساپال پارچىسىغا سىزىلغان رەسىمدىن تۆز شەكىللىك، ئۈچ تارلىق بەرباپنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ [15]. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا كۇچادىمۇ ئۈچ تارلىق بەرباپ بار بولۇپ، خېلى كەڭ تارقالغان.

1990 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى 336 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن ياغاچتىن ياسالغان بەرباپ قېزىۋېلىنغان. بۇ بەرباپ تىك شەكىللىك، دەستىسىنىڭ باش قىسمىدا تارا بېكىتىدىغان ئالتە دانە قۇلىقى بار ئۈچ تارلىق بەرباپ بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇ بەرباپنىڭ دەستىسى بىلەن قورساق قىسمى ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەممە بۆلەكلىرى تولۇق، ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىغان ھالەتتە ئىكەن. بۇ بەرباپ قۇرۇلمىسى، ياسىلىش شەكلى ۋە بەرباپ دەستىسى جەھەتلەردىن كۇچا، خوتەن تەرەپلەردىن تېپىلغان بەرباپلار بىلەن ئازراق پەرق قىلىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئاستانە قەبرىستانلىقىنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن 7 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە دەپ قارىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ دەۋردە تۇرپان رايونىدىمۇ بۇ خىل ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تېپىلغان يادىكارلىقلار ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى مىڭئۆيلەرگە سىزىلغان ھەرخىل تام رەسىملىرىدىكى بەرباپقا ئالاقىدار مەزمۇنلاردىن ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ شىنجاڭدا خوتەندىن تارتىپ تۇرپانغىچە بولغان كەڭ رايونغا تارقالغانلىقىنى، ئەل ئىچىدە ھەرخىل سورۇنلاردا كەڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 4. ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ مەنسۇبىيىتى

بەرباپ ئۆزگىچە چالغۇ ئەسۋابى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە تارىخى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بۇ قاراشلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا بىر ـ بىرى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى بولۇپ، چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ئاساسلانغان مەنبەلىرى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. شىنجاڭدىن تېپىلغان بەرباپلار بىلەن باشقا جايلاردىكى بەرباپلار ياسىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئاساسىي شەكىل ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ھەرقايسى جايلارنىڭ بەرباپلىرىدا شۇ جاينىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن. شىنجاڭدىن تېپىلغان بەرباپ، ھىندىلاردىكى بەرباپ، پارسلاردىكى بەرباپ، ئەرەبلەردىكى ئۇد، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بەش تارلىق بەرباپ، جەنۇبىي ئاسىيا بۇددىزم مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى دۆلەتلەردىكى بەرباپلاردا بۇ خىل ئەھۋال ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

**1) ئۈچ تارلىق بەرباپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندىن تارقالغانمۇ؟**

بەرباپنىڭ بارلىققا كەلگەن ئەسلىي جايى ۋە كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدە ھەرخىل قاراشلار بار. بۇ خىل قاراشلار ئىچىدە ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بەرباپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پارسلاردىن تارقىلىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلار ئەڭ ئاۋۋال كۆزگە چېلىقىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ تەسىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن تارلىق چالغۇ كىرگەن بولۇپ، پەدىسى بار، قورساق قىسمى شەكىل جەھەتتە نەشپۈتكە ئوخشاپ كېتىدىغان، تۆت تارىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بار بۇ چالغۇنىڭ غەربىي يۇرتتىن كەلگەنلىكىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكىلەر بۇنى «ئۇيغۇر بەرباپى» [16] دەپ ئاتىغان. بۇ خىل چالغۇ كۇنىمىزدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئۇدىغا، پارسلارنىڭ بەرباپىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ چالغۇ پارسلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونىغا تارقالغان [17]. بۇ خىل قاراشنى ياقلىغۇچىلار پارسلار ئىشلىتىۋاتقان بەرباپنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ ئۆز قاراشلىرىنى كۈچلەندۇرىدۇ ھەم ھازىرقى زامانىدىكى بەرباپلارنى شۇ ئاساسىدا ئۆزگەرتىشتىن شەكىللەنگەن، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بەرباپنىڭ تۆت تارىلىق، بەش تارىلىق ۋە ئۇشبۇ تېپىمىزنىڭ تۇتقىسى بولغان ئۈچ تارىلىقلىرى بار بولۇپ، بەش تارىلىق بەرباپنىڭ ئىران مەنبەلىك تۆت تارىلىق بەرباپ بىلەن بىللە قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن تارقالغان [18]. دېمەك، بۇ قاراش بويىچە بولغاندا بەرباپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئەللىرىدىن غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئىچكىرى رايونلارغا كېڭەيگەن. ئەمما بۇنداق قارار چىقىرىشنىڭ تارىخىي ئاساسى ۋە ماددىي پاكىتلىرى كەم بولۇپ، ئىران بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى مۇناسىۋىتى ۋە ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ بولغانلىقى بەرباپنىڭ ئۇلاردىن كىرگەنلىكىنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ. ھەممە ئېتىراپ قىلغىنىدەك، ئالماشتۇرۇش قوش تەرەپلىك بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشۈش ھادىسىسى ھەر زامان مەۋجۇت بولىدۇ. تارىخىي تېپىلمىلار ۋە ئېنىق يازما ماتېرىياللار تولۇق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا ئالدۇرلۇق قىلىدۇ. چۈنكى بۇ خىل قاراشلاردا قىياس بىلەن ئاخىرقى خۇلاسە چىقىرىلغان. بىزنىڭ قارىشىمىز شۇكى، مەيلى تۆت تارىلىق، بەش تارىلىق ياكى ئۈچ تارىلىق بەرباپ بولسۇن، بۇلار ئوتتۇرىسىدا مەيلى قايسى نۇقتىدىن ئۇيلايلى مۇقەررەر بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقى ئېنىق. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا بەرباپنىڭ پارسلاردىن كىرگەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇشكە ئاجىزمىز. چۈنكى بۇ يەردە يەنە بۇنىڭ ئەكسىچە قاراشنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئېھتىماللىقىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ پارسلاردىكى بەرباپنىڭ بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان بەرباپ بىلەن بولغان پەرقىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ، بۇ بىزدىن بۇ قاراشقا قوشۇلۇشتا ئېھتىياتچان بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارسلارنىڭ مۇزىكا سىستېمىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇدۇننىڭ مۇزىكىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسى ئېنىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بەرباپنى پارسلاردىن كەلگەن دەپ قاراش ئىلمىي بولمىغان خۇلاسە بولۇپ قالىدۇ.

## 2) ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن كەلگەنمۇ؟

يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر ئەكسىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن خۇلاسە چىقىرىپ، ئۈچ تارىلىق بەرباپ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا تارقالغان دېگەننى ئىلگىرى سۇرىدۇ ھەمدە بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بەزىبىر سۇبيېكتىپ پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار دەلىللەرنى كەلتۇرۇشىدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە يازما ماتېرىيال بولسۇن ياكى ئارخېئولوگىيەلىك بويۇملار بولسۇن بىرەر ئېنىق ماددىي پاكىت يوق. پەقەت ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى رۇەن شيەن بىلەن دىيارىمىزدىن تېپىلغان ئۈچ تارىلىق بەرباپنىڭ تارا سانىنىڭ ئۈچ بولۇشى بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم كىرىش نۇقتىسى، تۇتقىسى ۋە ئىلمىي ئاساسى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۈچەيگەن ھالىتى بۇ قاراشنى كۈچلەندۇرىدىغان مۇھىم دەستەك بولغان. يەنى تاڭ سۇلالىسى كۈچلۈك بولغاچقا، مەدەنىيەتمۇ تاڭ سۇلالىسىدىن سىرتقا تارقالغان دېگەن رامكا بويىچە تەھلىل قىلىنغان. بۇ قاراشتىكىلەر، ئىككى خىل چالغۇنىڭ تارىسىنىڭ ئوخشاشلا ئۈچ بولۇشى بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس[19] دەپ قاراپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرىدىن يەنە بىرىگە تارقالغانلىقىدەك بىر باغلىنىش بار دېگەننى ئىلگىرى سۇرىدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق ئۈچ تارىلىق بەرباپنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونلىرىدىن غەربىي يۇرتقا تارقالغان دېگەننى كۈچلەندۇرىدۇ.

ئىچكىرىدە ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ئۈچ تارىلىق رۇەن شيەن بار بولۇپ، سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇدۇن، كۇسەنلەردە تۈز دەستىلىك ئۈچ تارىلىق بەرباپ بولغان. غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكىلىرى خەن سۇلالىسى

دەۋرلىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تارقىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتلاردا لوياڭدا غەربىي يۇرت مۇزىكىسىنى ئۆگىنىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. سۈي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدىكى ئۇن يۇرۇش مۇزىكا، توققۇز يۇرۇش مۇزىكىلار ئىچىدە غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى زور نىسبەتنى ئىگىلىگەن. ئەمما ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يازما ماتېرىياللاردىكى غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى ۋە چالغۇلىرىغا ئالاقىدار مەزمۇنلاردا ئۈچ تارىلىق بەرباپ تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۈچ تارىلىق بەرباپ ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى ئاساسلىق چالغۇ ئەمەس [20]. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ بۇ يەكۈندىن چىقىرىدىغان خۇلاسىسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: ناۋادا ئۈچ تارىلىق بەرباپ ئاساسلىق چالغۇ بولغان بولسا، ئۇ غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكىلىرى بىلەن بىللە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارغا تارقىلىپ كىرەتتى. دېمەك، غەربىي يۇرتتا ئەينى چاغدا ئۈچ تارىلىق بەرباپ يوق ئىدى. بۇ قاراشنى ياقلىغۇچىلار يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئەينى چاغدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە چوققىغا يەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىر كۈچى ئەتراپتىكى رايونلارغا تەسىر كۆرسەتكەن، دەپ قارايدۇ. سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى غەربىي يۇرتقا ھەر تەرەپتىن تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ماددىي مەدەنىيەتتىن تۈزۈمگىچە، ئېستېتىك ئاڭ، قىممەت قارىشىدىن تەپەككۇر ئۇسۇلىغىچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن[21]. دېمەك، بەرباپمۇ بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ئىچىدە بار بولۇپ، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن بەرباپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن غەربىي يۇرتقا تارقالغان. بۇ قاراشنى ياقلىغۇچىلار تۇرپاندىن تېپىلغان بەرباپنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن كەلگەن [22]، ئۇدۇن، كۇسەن رايونىدىكى ئۈچ تارىلىق بەرباپ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بەش تارىلىق بەرباپ تۇرپانغا تارقىلىپ، تۇرپان ئارقىلىق ئۇدۇن، كۇسەنگە قايتا تارقالغان، ئۇنىڭ تارا سانى تارقىلىش جەريانىدا بەش تارىدىن ئۈچ تارىغا ئىسلاھ قىلىنغان، دەپ ھۆكۈم قىلغان. بۇ قاراشنىڭ تەشەببۇسچىسى چاڭ يىن ئەپەندى بۇنى چۈشەندۈرۈپ، تۇرپان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى ئالدىنقى سەپ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ كۈچلۈك مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى مۇقەررەر [23]. تۇرپان بەش تارىلىق بەرباپنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇدۇن، كۇسەندىكىلەر ئۇنى ئۈچ تارىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىپ قوللانغان دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

غەربىي يۇرتتىن بايقالغان بەرباپلارنىڭ يىل دەۋرى ئاساسەن دېگۈدەك تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، دامىكۇدىكى بەرباپنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 5 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان بەرباپنىڭ بولسا مىلادىيە 3 - ئەسىردىن 9 - ئەسىرلەرگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. يۇتقان خارابىسىدىكى بولسا مىلادىيە 3 - ئەسىردىن 10- ئەسىرلەرگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. قىزىل مىڭئۆيىدىكى بولسا مىلادىيە 5 - ئەسىردىن 6 - ئەسىرلەرگىچە، خانىقاتامدىكى بولسا مىلادىيە 7 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرلەرگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بەرباپلارنىڭ غەربىي تۇرتتىكى تارقىلىش يىل دەۋرىنىڭ يۇقىرى چېكى تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن. دېمەك، تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا غەربىي يۇرتتا بەرباپنىڭ بولغانلىقى ئېنىقتۇر. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ ئەترىتىدىن دوكتور گو ۋۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، دامىكۇدىن تېپىلغان ئۈچ تارىلىق بەرباپنىڭ يىل دەۋرىنى تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ [24]. دېمەك، دامىكۇدىن تېپىلغان بۇ ماددىي پاكىت تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا غەربىي يۇرتتا ئۈچ تارىلىق بەرباپنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ، چاڭ يىن ئەپەندى دەۋالغان كۈچلۈك مەدەنىيەتتىن بۇرۇنمۇ غەربىي يۇرتتا ئۈچ تارىلىق بەرباپنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولغان. بۇددا دىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھىندىستاندىن غەربىي يۇرتقا كىرىپ، ئاندىن غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان ھەم ئەينى دەۋر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزمىنىڭ شەكىللىنىشىدە غەربىي يۇرت مۇھىم رول ئوينىغان. كۆپ سانلىق تەتقىقاتچىلار دېگەندەك بەرباپ ئەسلىي غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئىچكىرى رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، بەرباپنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىنىڭ «ئۇيغۇر بەرباپى»[25] بولۇشى، شىنجاڭدىكى تام رەسىملىرىدىكى بەرباپ رەسىمىنىڭ ئىچكىرى رايونلاردىكى تام رەسىملىرىدىكى بەرباپتىن ۋاقىت جەھەتتە بۇرۇنلىقىمۇ بۇ قاراشنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. غەربىي يۇرتنىڭ كۈي شەكلى، مۇزىكا مەنبەلىرىگە ماسلاشتۇرۇلغان ھەمدە كۈنىمىزدە بەرباپنىڭ داۋامى دەپ قارىلىۋاتقان چالغۇلار بار ئەھۋال ئاستىدا شىنجاڭدىن تېپىلغان بەرباپلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى يەرلىكتىن ئىزدەش ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇن. ئۈچ تارلىق بەرباپقا ئالاقىدار ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارمۇ بەرباپنىڭ تەۋەلىكىنىڭ غەربىي رايوندىن ئۆتۈپ ئىچكىرى رايونلارغا بارغانلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تارىختىكى رايونلار ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، تەسىر كۆرسىتىشنى تۇتقا قىلىپلا ھېچقانداق ماددىي ياكى يازما پاكىت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ ھەقتە كەسكىن خۇلاسە چىقىرىش ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىچە يازما مەنبەلەردە بەرباپنىڭ غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلار بار بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لىيۇ شۈينىڭ «ئىسىملار، چالغۇلار ھەققىدە مەلۇمات» دېگەن ئەسىرىدە «بەرباپ ئۇيغۇرلاردىن تارالغان چالغۇ بولۇپ، ئات ئۈستىدە چېلىناتتى...»[26]، دەپ خاتىرىلەنگەن. توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان سەمەرقەنتلىك ساۋ راھىبنىڭ بەش تارلىق بەرباپنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە تارىخنامىلەردە مەلۇماتلار بار. دېمەك، پاكىت بىزگە بەرباپنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا ئەمەس بەلكى غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بەرباپنىڭ ئىچكىرى رايونلاردا ئومۇملىشىشى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكى ئىش بولۇپ، مۇشۇ دەۋردىن كېيىن ئاندىن ئەل ئىچىگە تارىلىپ كەڭ قوللىنىلغان[27]. ناۋادا بەرباپ ئەسلىي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى مەنبە قىلغان بولسا ھەرگىزمۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاندىن خەلق ئىچىگە ئومۇملاشمىغان، بەلكى ئىختىرا بولغان ۋاقىتلىرىدا ئەل ئىچىگە تارىلىپ تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئېرىشكەن بولاتتى.

تارىخ پاكىتنى تونۇيدۇ، ئىلمىي تەتقىقاتلاردا پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش خۇلاسىمىزنىڭ توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشىنىڭ مۇھىم شەرتىدۇر. بەرباپ ئۆزى كىچىككىنە بۇيۇم بولغىنى بىلەن مۇئەييەن بىر باسقۇچتىكى تارىخنىڭ يالدامىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن بىر دەۋرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرەلەيدىغان مۇھىم پاكىتتۇر. بەرباپنىڭ مەنسۇبىيىتىگە ئالاقىدار يۇقىرىدىكى قاراشلار پاكىت ئاساسىنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىر تالاي ئىلمىي يوچۇقلىرى بىلەن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

**3) ئۈچ تارلىق بەرباپ ھىندىستاندىن تارقالغانمۇ؟**

يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر بۇ خىل بەرباپنى ھىندىستاندىن تارقالغان، دەپ قارايدۇ ھەم قەدىمكى بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ قاراشلىرىنى دەلىللەيدۇ. توغرا، بۇددا دىنى ھىندىستاندىن تارقىلىپ غەربىي يۇرتتا خېلى بىر مەزگىل ئاساسىي ئېقىم سۈپىتىدە دەۋر سۈرگەن. ئەلۋەتتە دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن تەڭ يەنە ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىمۇ غەربىي يۇرتقا كىرىپ، مەدەنىيەت، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقىغىمۇ كۆپ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. بەرباپ بۇددا مۇھىتى بىلەن قويۇق ئالاقىدار مەدەنىيەت ھاسىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ھىندىستان بىلەن بولغان باغلىنىشلىقىنى چەتكە قاققىلىمۇ بولمايدۇ. ھىندىستاندا بەش تارلىق بەرباپقا ئالاقىدار ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە تىرىك مەدەنىيەت

ئۇچۇرلىرى ھەقىقەتەن كۆپ. ھىندىستاننىڭ ئامراۋاتىدىن تېپىلغان مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى تېما قىلىنغان قاپارتما ئۇسلۇبتىكى ئويمىدا ساكيامۇنىنىڭ ئانىسىنىڭ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇنى چۆرىدەپ نەغمە قىلىۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاشۇ ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ بەش تارلىق بەرباپ كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى بايقايمىز [28]. ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاجان تاش غارلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ تۈز شەكىللىك بەرباپلارنىڭ رەسىمنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ تاش غاردىكى رەسىملەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن تاكى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا سىزىلغان بولۇپ، 4 ـ نومۇرلۇق غاردا بەرباپنىڭ رەسىمى بار. 4 ـ نومۇرلۇق بۇ غار تەخمىنەن مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، تارىسىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. ئەمما بەرباپنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا بەش تارلىق بەرباپقا بەكلا ئوخشايدىغان بولۇپ، كۇسەنىنىڭ بەش تارلىق بەرباپى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ [29]. ئەمما كۇسەنىنىڭ بەش تارلىق بەرباپىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ بەرباپنىڭ قۇرساق قىسمى سەل چوڭراق كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەنلا بەش تارلىق، تۆت تارلىق بەرباپ بىلەن دامىكۇدىن تېپىلغان ئۈچ تارلىق بەرباپنى سېلىشتۇرۇپ، ئۈچ تارلىق بەرباپنى نوقۇل ھالدا ھىندىستاندىن كەلگەن دەپ بېكىتىشنىڭ ئىلمىي ئاساسى كەمچىل. چۈنكى ھازىرغا قەدەر ھىندىستان چېگراسىدىن كىرگەن ئۈچ تارلىق بەرباپقا ئالاقىدار ئېنىق بىرەر ئىزنىڭ بارلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس [30]. ھىندىستاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردىمۇ، بۇددا تام رەسىملىرىدىمۇ ئېنىق ھالدا ئۈچ تارلىق بەرباپنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىرەر ئۇچۇرنى ئۇچراتمىدۇق. كۈنىمىزدە ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ ھىندىستاندىن كەلگەنلىكىنى ياقلايدىغانلار پەقەت ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ شەكلى جەھەتتىن بەش تارلىق بەرباپ بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ بۇ قاراشنى چىقارغان بولۇپ، بۇ خىل قاراشتىكىلەر بۇ يەردە چالغۇنىڭ تارا سانىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكا ئۇدارى، ئاۋاز تۈسى، مۇزىكىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن، ئاھاڭ ۋە رىتىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە، مۇزىكا بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئۆتۈشۈشى، چالغۇنىڭ چېلىنىش شەكلى ۋە ئۇسۇلى بىلەن بولغان باغلىنىشىغا سەل قارىغان. ئەمما ھىندىستاندىكى بۇددىزم دەۋرىگە تەئەللۇق ھەر خىل تام رەسىملىرىدىن ئايانكى، ھىندىستاندىن بايقالغان بەش تارلىق بەرباپنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشى بىلەن دامىكۇدىن تېپىلغان ئۈچ تارلىق بەرباپ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىز بۇنىڭ بەش تارلىق ۋە ئۈچ تارلىق ئىككى خىل بەرباپنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىشتا مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتى بار دەپ قارايمىز. بەلكى بىز مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، بەرباپنىڭ تارا سانىنى ئىلمىي تەھلىلىمىزنىڭ كىرىش نۇقتىسى قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ دەلىللەش ئۇسۇلى ئارقىلىق دامىكۇدىن تېپىلغان ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ مەنسۇبىيىتى ھەققىدىكى ئاخىرقى خۇلاسىمىزنى چىقىرىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

**4) ئۈچ تارلىق بەرباپ كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ مەھسۇلىمۇ؟**

يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بەرباپنى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. يەنى بەرباپ ئەسلىي كۇسەندە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كۇسەندىن باشلىنىپ بىر نەچچە لىنىيە ئارقىلىق ھەر تەرەپكە تارقالغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بەش تارلىق بەرباپنى كۇسەنلىكلەر ئىختىرا قىلغان بولۇپ، كېيىنچە غەربتە ھىندىستانغا، شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقالغان [31]. بۇ قاراشتىكىلەر ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ تەۋەلىكىنى بەش تارلىق بەرباپ بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان بولۇپ، ئاۋۋال بەش تارلىق بەرباپ مەيدانغا چىققان. چۈنكى، مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا بەش تارلىق بەرباپنىڭ دەۋرى ئۈچ تارلىق بەرباپتىن بالدۇر بولۇپ، ئۈچ تارلىق بەرباپ ئاشۇ بەش تارلىق بەرباپ ئاساسىدا تارا سانىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com



ياساپ چىقىلغان. دېمىسىمۇ شىنجاڭدىن تېپىلغان بەش تارىلىق بەرباپ بىلەن ئۈچ تارىلىق بەرباپ مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن ياكى ياسىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتە بولسۇن ئوخشىشىدۇ. كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا پەدە دەستىسى تۈز، ئۈچ تارىلىق بەرباپقا ئالاقىدار بۇيۇملار بار بولۇپ، بۇ خىل بەرباپ ھىندىستاندا ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ئۇدۇن، كۇسەنىنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىمۇ كۇسەندىن تارقالغان ئۈچ تارىلىق بەرباپ بايقالغان.

يەنە بەزى قاراشتىكىلەر قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالغان ئۇد ئەسلىدە بەرباپنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇپ، ئەگرى دەستىلىك بەرباپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى مەنبە قىلىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىنجاڭنىڭ قويۇق تارىخىي مۇناسىۋىتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئالاقىسى بەرباپنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىنىڭ يەنە بىر يولى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەگرى دەستىلىك بەرباپ غەربىي يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن ئىسلاھ قىلىنىپ تۈز دەستىلىك، ئۈچ تارىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇلارنىڭ قارىشىنى خۇلاسىلىگەندە، بەرباپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربىي يۇرتقا تارقىلىش جەريانىدا شەكىل جەھەتتىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن. ئەسلىدىكى ئۇدتىن شەكىل ئېلىپ غەربىي يۇرتقا خاس بولغان ئۈچ تارىلىق بەرباپنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ قاراش ھەققىدە ماقالىمىزنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ئىچكىرىلەپ توختىلىمىز.

**5) ئۈچ تارىلىق بەرباپ يەرلىكنىڭ مەدەنىيەت ھاسىلاتىمۇ؟**

كۈنىمىزدىكى بەزى تەتقىقاتچىلار دۇمباق ۋە تارا بېكىتىلگەن راباب (راۋاب) نى بەرباپنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى دەپ قارايدۇ[32]. ھەممىدە ھازىرقى دۇمباق ۋە راۋابنى ئەينى دەۋردىكى بەرباپنىڭ داۋامى، دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قاراشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسى بار بولۇپ، بەرباپنىڭ چېلىنىش شەكلى، ئاۋاز چىقىرىش مېخانىزمى، ياسىلىدىغان ماتېرىياللىرى كۈنىمىزدىكى دۇمباق، بولۇپمۇ راۋاب بىلەن زور ئوخشاشلىقتا ئىگە. ھەر ئىككىلىسى چەكمە چالغۇلارغا تەۋە بولۇپ، قول ياكى زەخمەك بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق چېلىنىدۇ. سول قول بىلەن پەدىنى بېسىپ ئوڭ قول بىلەن زەخمەك ئورۇلىدۇ. راۋاب يانتۇ تۇتۇپ چېلىنىدۇ. بەرباپمۇ ئەسلىدە يانتۇ تۇتۇپ زەخمەك بىلەن چېلىنىدىغان بولۇپ، قەشقەرلىك بەرباپ ماھىرى پىلول بەرباپنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى چېلىنىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ئۇنى يانتۇ چېلىشتىن تىك چېلىشقا، زەخمەك بىلەن ئۇرۇپ چېلىشتىن بارماق بىلەن چېكىپ چېلىشقا ئۆزگەرتكەن[33]. كېيىنكى خەن دەۋرىدە ياشىغان ليۇ شى يازغان «ئاتالغۇلارغا شەرھ» ناملىق كىتابتا كۇچا بەربابى ھەققىدە ئۇچۇر بار بولۇپ، بۇ ھىندىستان گۇپتا سۇلالىسى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى495 - يىلىدىن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 320- يىلىغىچە) دەۋرىدە يېزىلغان «ناتياساسترا» ناملىق كىتابتا خاتىرىلەنگەن بەرباپتىن خېلى بالدۇر[34]. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ بەرباپنىڭ كۇچادا ئىختىرا قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇ خىل قاراشتا، بەرباپنىڭ ھىندىستان بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتىگىلا قارالغان بولۇپ، ئىلمىي جەھەتتىن خېلى كۆپ يوچۇقلار بار. لېكىن بۇ قاراشنىڭ دەلىلى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، قايىل قىلىش دەرىجىسى باشقا قاراشلارغا قارىغاندا بىر ئاز يۇقىرى.

## 5. مۇئەللىپنىڭ يەكۈنى

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن بەرباپنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئالاقىدار يەكۈنلەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ خىلمۇخىل قاراشلىرى ئىچىدە بەرباپنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھەرقايسى جايلاردىكى خاسلىقى يەكۈنىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغاندا، ئۇنىڭغا قوشۇپ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش لىنىيەلىرى، بەرباپنىڭ ئىشلىتىلىش كونتېكىستى قاتارلىق ئامىللار ئەڭ ئېتىبارغا ئېلىنغاندا قايىل قىلارلىق جاۋاب چىقىشى مۇمكىن. بۇ قاراشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە بەرباپنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىشى ۋە

ئىسلاھ قىلىنىشىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەن بولۇپ، پاكىت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەرباپنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خىلمۇخىل تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشلىرى بىزنى ئۇنىڭ مەنسۇبىيىتى ھەققىدە ئاخىرقى خۇلاسە چىقىرىش ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بەرباپنىڭ چېلىنىش مۇھىتى، يەنى ئۇنىڭ قانداق سورۇنلاردا، نېمە مەقسەتتە ئىشلىتىلگەنلىكى بۇ ھەقتە خۇلاسە چىقىرىشتىكى ئەڭ مۇھىم ھالقىدۇر. چۈنكى مۇئەييەن مەدەنىيەت كونتېكىستى ئىچىدىكى مەلۇم مەدەنىيەت بەلگىسىنىڭ تەۋەلىكى چوڭ جەھەتتىن شۇ مەدەنىيەتكە تەۋە بولىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، شۇ مەدەنىيەت كونتېكىستىغا تەۋە بولمىغان بەلگە ئارقا- ئارقىدىن شۇ خىل مەدەنىيەت كونتېكىستىدا كۆرۈلمەيدۇ. بەلگە مەلۇم ئىچكى مەنە ياكى ئالاھىدە مەزمۇننى ئۆزىگە يۈكلىگەن مەدەنىيەت بىرلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سىمۋول قىلغان شۇ بەلگىنىڭ تەۋەلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مۇھىم ئۇچۇردۇر. چۈنكى بەلگە ئەڭ ئاۋۋال مەنە ئىپادىلەش دېمەكتۇر. يەنى بەلگە ئارقىلىق ئىچكى مەنىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. قارايدىغان بولساق، بەرباپ كۆپىنچە ھاللاردا شىنجاڭدىكى بۇددا مىڭئۆيى تام رەسىملىرىدە كۆرۈلىدۇ. شىنجاڭدا بايقالغان بەرباپقا ئالاقىدار كۇچا، خوتەن، تۇرپاندىكى مىڭئۆيلەردىكى تام رەسىملىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بەرباپنىڭ چېلىنىش سورۇنىمۇ بۇددا دىنىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان مەزمۇنلار بىلەن سىمېترىك بولۇپ، بەرباپ بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۇددا دىنىغا ئالاقىدار ئوبرازلار بەرباپنى چالىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكتلاردۇر. دېمەك، بەرباپ بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى مەدەنىيەت كونتېكىستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەرباپنىڭ بۇددا دىنى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ بىزنىڭ بەرباپنىڭ مەنسۇبىيىتىنى بېكىتىشىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى دەلىلىمىزدۇر.

يەنە بىر جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، بەرباپ تېپىلغان جايلار مەيلى تام رەسىملىرى بولسۇن ياكى ئارخېئولوگىيەلىك بويۇملار بولسۇن يىل دەۋرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ھەممىسى شىنجاڭدا بۇددا دىنى گۈللەنگەن، بۇددا مەدەنىيىتى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، كۇچا تام رەسىملىرىنىڭ ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيە 5 -، 6 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. يوتقان خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى بولسا مىلادىيە 3 - ئەسىر ئەتراپىدا. تۇرپان ئاستانىنىڭ بولسا مىلادىيە 7- ئەسىردىن 9 - ئەسىرگىچە. تېمىمىزنىڭ تۇتقىسى بولغان دامكۇدىن تېپىلغان بەرباپنىڭ يىل دەۋرىمۇ مىلادىيە 7 -، 8 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ماددىي پاكىت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ بەرباپ بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىقىدىن چەتنەپ ئۆتكىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بەرباپ بۇددا دىنىدىن بۇرۇنقى مەزگىللەردىكى يادىكارلىقلار ئىچىدە ئۇچرىمايدۇ. بۇددا دىنىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تېپىلمىلاردىمۇ بىز بۇ يەردە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىۋاتقان بەرباپ ھەققىدە بىرەر ئۇچۇر تېپىش تەس (بەرباپنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى باشقا مەسىلىدۇر). شىنجاڭدىكى بەرباپقا ئالاقىدار ئۇچۇرلار مەيلى ئۇ يازما مەزمۇندا بولسۇن ياكى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار بولسۇن ھەممىسى بۇددا دىنى دەۋرىگە تەئەللۇق. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرالايمىزكى، بەرباپ بۇددا دىنى مەدەنىيەت كونتېكىستىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بەرباپ بىلەن بۇددا دىنى تارقىلىش، مەزمۇن ئىپادىلەش ۋە ئىدىيە تارقىتىش جەھەتلەردە بىردەكلىككە ئىگە. بەرباپ بۇددا ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋاسىتىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا بەرباپنى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىش مەنبەسى بولغان ھىندىستاندىن كەلگەن، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇددا دىنى ھىندىستاندا بارلىققا كېلىپ شەرقنى بويلاپ ئاۋۋال ئۇدۇنغا تارقالغان. ئۇدۇن ئارقىلىق تېخىمۇ شەرققە تارقىلىپ كۇچا، تۇرپان ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەر، ئۇنىڭدىن ھالقىپ جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە قەدەر تارقالغان. ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەت ئامىللىرى بۇددا دىنى بىلەن قوشۇلۇپ، بۇددا دىنى تارقالغان رايونلارغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بەرباپ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سانىلىدۇ. دېمىسىمۇ ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ كىرىشى بىلەن ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرى جۇڭگوغا يۆتكىلىپ كىرگەن [35]. بۇ ئەھۋال جۇڭگودىن باشقا رايونلاردىمۇ شۇنداق. بۇددا دىنىدىن بۇرۇن ئىختىرا قىلىنغان بەرباپنىڭ [36] بۇددا دىنى ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ سىرتىغا تارقىلىشى ئۇنىڭ ھىندىستان مەنبەلىك چالغۇ ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىشقا مۇئەييەن بوشلۇق تۇغدۇرىدۇ. يەنە بەزىلەر بەرباپنىڭ غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئىختىرا قىلىنىپ، ھىندىستانغا تارقالغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ يەردىكى غەربىي ئاسىيا كۆپىنچە ھاللاردا ئىرانغا مەركەزلىشىدۇ [37]. بۇددا دىنى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن، ئەمما ئۇ ھىندىستاندا بۇددا دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تۈپرىقىنى قاقشىتىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ شەكىللەنگەن بولغاچقا، بۇنىڭ ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنىدىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت ھاسىلاتلىرىدىن ئوزۇق ئالغانلىقى، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق. دېمەكچىمىزكى، بەرباپ ئەسلىدە ھىندىستان بۇددا دىنىدىن بۇرۇنمۇ بار مەدەنىيەت سەمەرىسى بولۇپ، بۇددا دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن بۇ دىن بەرباپتىن ئۆز تەلىماتىنى تارقىتىشنىڭ ۋاستىسى قاتارىدا پايدىلانغان. بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستاننىڭ سىرتىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ چالغۇ بۇددا دىنىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە بۇددا دىنى تارقالغان رايونلارغا يېتىپ بارغان ۋە شۇ رايونلاردا بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيەت بەلگىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىپ، ئاشۇ دىنىنىڭ ئەقىدە - تەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ جەريانىغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. ئۇدۇنىدىن تارتىپ دۇنخۇاڭغىچە بولغان تام رەسىملىرىدە بەرباپنىڭ تەكرار كۆزگە چېلىقىشى بۇنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

خوش، ئەمدى بۇددىزىم دەۋرىدىن بۇرۇنقى بەرباپ نەدىن كەلگەن؟ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش بەرباپنىڭ مەنسۇبىيىتىنى بېكىتىشتىكى ھالقىلىق مەسىلىدۇر.

پېرسىيە ئىمپېرىيەسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 550- يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 330 - يىلغىچە) ۋە ساسانى ئىمپېرىيەسى (مىلادىيە 224 - يىلىدىن 651- يىلىغىچە)دەۋرى ئىراننىڭ مۇزىكا تارىخىدىكى مۇھىم دەۋر بولۇپ، ئوردىدىكىلەرنىڭ مۇزىكا ۋە مۇزىكانتلارغا ئالاھىدە قىزىقىشى ۋە ئەھمىيەت بېرىشى نەتىجىسىدە ئىراننىڭ مۇزىكا ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ساسان ئىمپېرىيەسى بۇنىڭدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان، بۇ دەۋرلەردە ئىراندا مەخسۇس ئوردا ئىچىدە ۋە مۇراسىملاردا چېلىنىدىغان بىر يۈرۈش مۇزىكىلار ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، يەتتە خىل كۈي، ئوتتۇز نەچچە خىل ئاھاڭ، 360 مېلودىيەلىك يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن. ساسان ئىمپېرىيەسىگە تەۋە ئىران تاگايى بوستان خارابىلىكىدىكى قاپارتما نەقىشلىك بويۇملاردا ۋە ساسان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوردىسىدىكى مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئويما بويۇملاردا بەرباپ، رۇباب (راۋاب)، سۇناي قاتارلىق چالغۇلارنىڭ سۈرىتى بار بولۇپ، بۇ بەرباپنىڭ ئىران مۇزىكا چالغۇ تارىخىدىكى مۇھىم ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ماددىي پاكىت ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەرباپ تۆت تارىلىق بولۇپ، يانتۇ ھالەتتە سول قول پەدە باسقان، ئوڭ قول بىلەن چېلىۋاتقان كۆرۈنۈش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تارا سانى بىلەن چېلىنىش ئۇسۇلى غەربىي يۇرتتىكى بەرباپلار بىلەن يېقىن كېلىدۇ ياكى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. گەرچە بەزى قاراشلاردا بەرباپ نەي بىلەن بىللە جۇڭگودىن غەربكە تارقالغان دېيىلسىمۇ، ئەمما بۇ ئويمىلاردىكى بەرباپنىڭ تېپىك پارس ئۇسلۇبىدىكى ياسىلىشى ۋە چالغۇچىلاردا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت ئۇچۇرىغا قاراپ، ئۇنىڭ قەندىھاردىن ئۆتۈپ غەربىي يۇرت ئارقىلىق خەن سۇلالىسىگە تارقالغانلىقىدەك رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقان [38]. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولغان تاگايى بوستان خارابىلىكى ئىران كىرمان شاھىنىڭ شەرقىي شىمالىنىڭ ئالتە كىلومېتىرلىق بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ھەرخىل ئويما ھەيكەللىرى بىلەن داڭلىق. ئەڭ مەشھۇرى تەگرى ئاخۇرا مازدانىڭ ئەردەشىر II گە تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەنزىرە ئويۇلغان بۆلىكىدۇر [39]. يۇنان مەنبەلىرىدىمۇ ساسان ئوردىسىدا مۇزىكانتلارنىڭ بەك ئەتىۋارلانغانلىقى

ھەققىدە ئۇچۇرلار بار[40]. دېمەك، بۇ ئەينى دەۋردە ئىران ئوردىسى ۋە ئەل ئىچىدە بەرباپنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئىراندىكى بۇ دەۋر مىلادىيەدىن كېيىنكى ۋاقىتلار بولۇپ، بۇددا دىنى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان، بەرباپمۇ بۇددا كونتېكستىغا ئېلىنىپ بولغان چاغلارغا توغرا كېلىدۇ. 7- ئەسىردە ئەرەبلەر ئىراننى ئىستېلاھ قىلغاندىن كېيىن، ئىران مۇزىكىلىرى ئىسلام دىنى رامكىسىغا ئېلىنىپ، ئىسلام مۇزىكىلىرى كاتېگورىيەسى ئىچىدە تېز تەرەققىي قىلىپ ئەرەبلەرنىڭ مۇزىكا سىستېمىسىغا قوبۇل قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە بەرباپنىڭ ئەرەبلەر ئىچىگە تارقىلىشى ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك بولۇپ، بەرباپ ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى چالغۇسى مىزخار بىلەن بىرىكىپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە چالغۇ- ئۇدنى شەكىللەندۈرگەن[41]. بۇ بۆلەكتىن خۇلاسىمىز شۇكى، كۈنىمىزدە بار بولغان مەنبەلەرگە قارىغاندا، بەرباپ مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىران رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان مەدەنىيەت ھاسىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ھىندىستانغا نەدىن، قانداق شەكىلدە ئۆتنىشىش جەريانىنى دەلىللەش بەرباپنىڭ دىيارىمىزدىكى تەرەققىيات جەريانىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما بەرباپ ئىراندا ئىختىرا بولغان، دەپ خۇلاسە چىقىرىشتىن بۇرۇن توسۇپ قويىدىغان يەنە بىر مەسىلە بار. يەنى بەرباپنىڭ يادىكارلىقلاردىن تېپىلغان ۋاقتى ئىراننى بەرباپنىڭ ئانا ماكانىلىق ئورنىدىن قالدۇرۇپ قويىدۇ. ھىندىستاندىكى بەرباپ رەسىملىرى بىلەن ئىران ئويمىلىرىدىكى بەرباپنىڭ ۋاقتى ئاساسەن دېگۈدەك تەڭ كېلىدۇ. بالدۇر - كېيىنلىك جەھەتتىن پەرق قىلمايدۇ. يەنى ئىران تاگايى بوستان خارابىلىكىنىڭ دەۋرى (مىلادىيە 224 - يىلىدىن 651 - يىلىغىچە) بولۇپ، ھىندىستاندىكى بەرباپ تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى مەنبەلەرنىڭ ۋاقتىمۇ مىلادىيە 2 - ئەسىردىن 9-ئەسىرگىچە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككىلىسىنىڭمۇ بىر - بىرىگە ئۆتۈشۈش مۇمكىنچىلىكى تۆۋەن. چۈنكى بۇ ئىككى رايوندا بەرباپ ئوخشاش ۋاقىتتا كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ بەرباپ باشقا جايدىن بۇ يەرلەرگە تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يوچۇقتۇر. يەنە كېلىپ ئەينى دەۋرلەردە بىر ئىختىرانىڭ بىر جايدىن يەنە بىر جايغا تارقىلىشىغا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، ئەل ئىچىدە ئومۇملىشىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇزۇن بىر جەريان كېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن بەرباپنىڭ بۇ جايلاردا ئىختىرا بولۇش مۇمكىنچىلىكى يوققا چىقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىز بەرباپنى ئىراندا ئىختىرا بولۇپ، ئۇ يەردىن ھىندىستانغا تارقالغان دېگەن قاراشقا قوشۇلالمايمىز. بىزچە، بەرباپ باشقا بىر ئورۇندا ئىختىرا بولۇپ، رايونلارئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆتۈشۈشنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ جايلارغا تارقالغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى قەدىمكى مۇھىم مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىران بىلەن بولغان جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى ئالاھىدە قويۇق مۇناسىۋىتى بۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئىران ئېگىزلىكىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىن ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ۋە ئەلئارا ئۆتۈشۈشى ئۈچۈن ناھايىتى كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەرگەن بولۇپ، مۇزىكا بۇ خىل ئۆتۈشۈشنىڭ تىپىك مىساللىرىنىڭ بىرى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مۇزىكىلىرى ئاساسلىق يەككە ئاۋازلىق بولۇپ، تارىلىق چالغۇلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئىران بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت جەھەتتە ئاجايىپ چوڭقۇر سىڭىشىش ۋە ئۆتۈشۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن.

كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك بەرباپ تارىلىق چالغۇغا تەۋە بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا چالغۇلىرىنىڭ ئاساسىي تىپى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، بەرباپ پارسچە سۆز بولۇپ، بەزى قاراشلاردا ئۇنى يۇنان ۋە رىمدىكى «بەربىدىن» دىن كەلگەن دېيىلىدۇ[42] ھەم شۇنىڭغا ئاساسەن بەرباپنىڭ يۇناننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. ئەمما ئىزدىنىشلىرىمىزدىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، بەرباپ سۆزى سانسكرىتچە «بارىبۇ» (bharbu)

سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، پارسچىغا شۇنىڭدىن ئۆزلەشكەن. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ چالغۇنىڭ ئۇيغۇرچىدە نېمە دېيىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما ئۇنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئېنىق قىلىپ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەنلىكىنى، ئات ئۇستىدە چېلىنىدىغانلىقىنى، چىققان ئاۋازىغا ئاساسەن ئۇنىڭ پىپا، دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز [43]. يەنى بەرباپ خەنزۇ تىلىغا ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق كىرگەن بولۇپ، بەرباپنىڭ تەۋەلىكى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇر بېرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر تىلى بەرباپنىڭ مەنسۇبىيىتىدىن خەۋەر بېرىدىغان مۇھىم ئۇچۇردۇر. بۇ ئۇچۇر ئات ئۈستىدە چېلىنىلىدۇ دېگەن مەزمۇن بىلەن بىرىكىپ، بەرباپنىڭ ئاخىرقى تەۋەلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئات يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئات تىلىغا ئېلىنسا يايلاق مەدەنىيىتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ، كەڭرى كەتكەن يايلاقلار ۋە چېپىپ يۈرگەن ئاتلار شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىككى مۇھىم ئېلېمېنتى ھېسابلىنىدۇ. بەرباپنىڭ ئات ئۈستىدە چېلىنىشى بەرباپنىڭ مەنسۇبىيىتىنى بېكىتىدىغان كۈچلۈك دەلىلدۇر. چۈنكى ئىراندا، ھىندىستاندا يايلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان ئات ۋە ئات مەدەنىيىتى شەكىللەنمىگەن. دېمەك، ئات ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئات بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. بۇ بەرباپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىختىرا بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلادىن لىن شيەنسەن ئەپەندى «بەش تارىلىق بەرباپ ۋە ئىرانغا باغلىنىشلىق بولغان تۆت تارىلىق بەرباپنىڭ ئوخشاشلا قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى مەنبە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، تارقىلىش يولىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بەرباپنىڭ سىرتقى شەكلى ۋە چېلىنىش ئۇسۇلىدا روشەن پەرقلەر ساقلانغان، دەپ قارايدۇ. لىن ئەپەندىم بۇنىڭغا تولۇقلىما قىلىپ يەنە، تۆت تارىلىق بەرباپ غەربىي ئاسىيا، بولۇپمۇ ئىراندا مۇكەممەل شەكىللەنگەن بولسا، بەش تارىلىق بەرباپنىڭ تەرەققىي قىلىپ شەكىللىنىشى ھىندىستاندا تاماملانغان، دەپ قارايدۇ [44]. بۇ قاراش كېيىنكى تەتقىقاتچىلارغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇزىكا» [45]، «بەرباپنىڭ تەرەققىيات تېزىسلىرى » [46]، «بەرباپنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە قايتا تەھلىل» [47]، «بەرباپنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ۋە تارقىلىش يوللىرى ھەققىدە» [48]، «چىن بەرباپى ۋە ئۇيغۇر بەرباپى» [49] قاتارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسى لىن ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بەرباپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن مەنبەلەنگەنلىكى ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق خۇلاسە بولۇپ سانىلىدۇ. كۆپ تەرەپلىمىك تەھلىللەردىن مەلۇمكى، بەرباپنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ئۇرخۇن دەريا بويلىرىدىن ئىران ئېگىزلىكىگىچە سوزۇلغان يايلاق مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىران، ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئەمما ئۇ جايلاردا بەرباپ مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغان، ئۇزۇن يىللىق ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا بۇ جايلاردىكى بەرباپلار ئۆز رايونىغا خاس بەزى ئىسلاھاتلارنى قىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بەرباپ بىلەن مۇئەييەن پەرق شەكىللەنگەن. بۇ ئەلۋەتتە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش جەريانىدىكى نورمال ھادىسە بولۇپ، مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىش دەپ قاراشقا بولىدۇ. بەرباپ ئىراندا ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلۇپ، تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان ئۈدنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، ھىندىستاندا بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ تارقىلىش ۋاستىلىرىگە قوشۇلۇپ، غەربكە تارقىلىپ تاكى جەنۇبىي ئاسىياغىچە كېڭەيگەن.

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەيلى جۇغراپىيە، مەدەنىيەت ياكى ئىقتىسادىي ئالاقە جەھەتتىن بولسۇن، ناھايىتى زىچ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەت مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆتۈشۈشنى كەڭرى سەھنە بىلەن تەمىنلەپ بەرگەن. شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ مۇزىكا بايلىقى مول، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى تەرەققىي قىلغان جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن

ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بەرباپ غەربىي يۇرت مۇزىكا تارىخىدا كۆپ ئۇچرايدىغان چالغۇ بولۇپ، بۇددىزم دەۋرىدىكى مەلۇماتلاردا كۆپرەك كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي يۇرت قەدىمدە دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى قېتىلغان مۇھىم جاي بولۇپ، بۇ جاينىڭ مەدەنىيىتى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەۋزەل مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ ئېچىۋېتىلگەن، سىغدۇرۇشچان مەدەنىيەت تىپىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. غەربىي يۇرت مۇزىكا بايلىقى ۋە ھەر خىللىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن باشقا جايلارنىڭ مۇزىكىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شەرقىي ۋە شىمالىي ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيا، خۇراسان ـ ئىران ۋە مېسسوپوتامىيە، ھەتتا ھىمالايانىڭ جەنۇبىدىكى پەنجاب، كەشمىر رايونلىرىدا پەيدا بولۇپ، راۋاجلىنىپ، بوۋاقىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھەرخىل چالغۇلارنىڭ مودېللىرىنى ۋە ئۆتمۈشتىكى ھالەتلىرىنى مانا مۇشۇ شىنجاڭ زېمىنىدا كۆرگىلى بولىدۇ» [50]. بۇ رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە مۇۋەپپەقىيەت ياراتقانلىقى يەر ئاستى يادىكارلىقى، تام رەسىملىرى ۋە يازما خاتىرىلەردە كۆپ تەرەپلىمە ئىسپاتلانغان تارىخىي پاكىت بولۇپ [51]، بەرباپ ئەنە شۇ پاكىتلار ئىچىدىكى بىرىدۇر. تارىخىي مەلۇماتلار، شۇنىڭدەك رېئال جانلىق ئەمەلىيەت غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىسقىرت (جۇرا)، بۇرغا، بورىيا، غېجەك، بەرباپ، غۇڭقا، قوبۇز قاتارلىق چالغۇلارنىڭ ئىختىراچىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار مۇزىكىلىق تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا بىر يۈرۈش كۈيشۇناسلىق نەزەرىيەۋى سىستېمىسى ۋە ئاھاڭنى خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ۋە قوشنا مەملىكەتلەرگە تەسىر قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ [52].

بۇلارنىڭ ھەممىسى بەش تارلىق بەرباپ ئۈستىدىكى گەپلەردۇر. دامىكۇدىن تېپىلغان ئۈچ تارلىق بەرباپقا كەلسەك، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىختىرا بولغان بەرباپنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ئۆزگەرتىلىشى بولۇپ، مەملىكىتىمىز شىنجاڭغا خاس بولغان چالغۇ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىن باشقا جايلاردا مەيلى تام رەسىملىرىدە بولسۇن ياكى ئارخېئولوگىيەلىك بۇيۇملاردا بولسۇن ۋە ياكى يازما مەنبەلەردە بولسۇن ئۈچ تارلىق بەرباپ ھەققىدە بىرەر ئۇچۇر يوق. ئەمما شىنجاڭنىڭ كۇچا، تۇرپان قاتارلىق بىر قانچە جايدىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە، خەنزۇچە مەنبەلەردە، ئەڭ مۇھىمى دامىكۇدىن چىققان ئەمەلىي بۇيۇم ئىچىدە ئۈچ تارلىق بەرباپ ھەققىدىكى ئۇچۇرلار تەكرار ئۇچرايدۇ. بەرباپنىڭ ياسىلىش ماتېرىيالى ۋە چېلىنىش ئۇسۇلىغا كۆنىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ [53]، بۇلار ئارىسىدا داۋاملاشتۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇناسىۋىتى بار. ئۈچ تارلىق بەرباپ ئۇنىڭ بىلەن ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكىنىڭ ئۇدارى، ئاۋاز تۈسى، مۇزىكىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن، ئاھاڭ ۋە رىتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇزىكا سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان شەكىلدە ئىسلاھ قىلىنىشتىن ھاسىل بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. بەرباپنىڭ ھەرقايسى جايلاردا شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلاشقان ھالدا ئۆزگەرتىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق بولۇپ، پارسلاردىكى تۆت تارلىق بەرباپ، ھىندىستاندىكى بەش تارلىق بەرباپ قاتارلىقلارمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۈچ تارلىق بەرباپنى بارلىققا كەلتۈرۈش بەرباپنى ئىختىرا قىلغانغا باراۋەر ئەمەس. بەرباپ مەنسۇبىيەت جەھەتتىن ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تەۋە بولۇپ، ئۈچ تارلىق بەرباپ شۇنىڭ ئىسلاھ قىلىنغان ۋارىيانتى شەكلىدە شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان ۋە مۇزىكا ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىلگەن. بەرباپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، بارا ـ بارا ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا چالغۇلار ئىگىلىگەن.

## ئىزاھلار:

[1] بەرباپ(باربىب) ئۇيغۇرلاردا بوددىزم دەۋرىدە كەڭ تارقالغان تارلىق چالغۇنىڭ بىرى بولۇپ، بەزى مەنبەلەردە پىپا دەپمۇ

www.uyghurkitap.com



ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇ چالغۇ خەنزۇچىدا琵琶 دېيىلىدۇ.
[2] 张寅.达玛沟三弦琵琶考略[J].音乐研究, 2011(6)
[3] 巫新华、艾力、艾孜孜.新疆和田地区策勒县达玛沟佛寺遗址发掘报告[J].考古学报,2007(4).
[4] 巫新华、郭物、艾力等.新疆和田地区策勒县达玛沟佛寺遗址发掘报告[J].考古学报,2007(4).
[5] 张寅.达玛沟三弦琵琶考略[J].音乐研究,2011(6).
[6] 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征 - 以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社，2013:26.
[7] 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征 - 以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社，2013:24.
[8] 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征 - 以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社，2013:26.
[9] 欧阳修、宋祁.新唐书·礼乐志(第22卷)[M].中华书局, 1975:480.
[10] 孟凡人.于阗国都城方位考，见西域考察与研究[M].新疆人民出版社，1994.
[11] 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征——以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社，2013：34.
[12] 参见霍旭初.西域佛寺石窟中的音乐造型和新疆音乐文物综述两文；周记《龟兹遗韵》中对克孜尔石窟有关的部分.
[13] 中国音乐文物大系（新疆卷）[M].大象出版社, 1999：46.
[14] 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征——以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社，2013：35.
[15] 中国音乐文物大系（新疆卷）[M].大象出版社, 1999：195.
[16] 这是指“胡琵琶”.
[17] 林谦三（日）.东亚乐器考[M].人民音乐出版社, 1962.
[18] 林谦三（日）.东亚乐器考[M].人民音乐出版社, 1962：283.
[19] 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征——以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社, 2013：40.
[20] 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征——以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社, 2013：40.
[21] 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征——以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社, 2013：40.
[22] لېكىن بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئېنىق بىر ئۇچۇر يوق بولۇپ، بۇنداق دېيىشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق، شۇڭا بۇ سۆبېيېكتىپ قاراشلارغا ئاساسلانغان يەكۈندۇر.
[23] 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征——以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社, 2013：41.
[24] 巫新华、郭物、艾力等.新疆和田地区策勒县达玛沟佛寺遗址发掘报告[M].考古学报, 2007（4）.
[25] 这是指胡琵琶.
[26] تۇرسۇنجان لېتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007: 62.
[27] تۇرسۇنجان لېتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007: 63.
[28] 伊东忠太等.世界美术全集[M].龙吟社，第3卷，1943:98.
[29] 张伯瑜.印度阿姜塔石窟中的琵琶材料[J].载《乐器》, 2008(10): 49.
[30] 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征——以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社, 2013:37.
[31] 谷苞.古代新疆的音乐舞蹈与古代社会[M].新疆人民出版社, 1986.
[32] تۇرسۇنجان لېتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007: 62.
[33] جاۋ شىچيەن: «يىپەك يولى ناخشا ـ ئۇسسۇل رىۋايەتلىرى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988: 63.
[34] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 : 472.
[35] 季羡林.中印文化交流史[M].中国社会科学出版社, 2008：3.
[36] ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە پارسلاردىكى بەرباپ ئۇدنىڭ دەسلەپكى شەكلى دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشى بۇددا دىنىنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىن بالدۇر ئىدى.
[37] 吴涛.龟兹佛教与区域文化变迁研究[M].中央民族大学出版社, 2006:106.
[38] 岸边成雄.音乐的西流[M].宁夏人民出版社, 2015：6.
[39] 邢秉顺.伊朗文化[M].文化艺术出版社, 2003: 152.
[40] 岸边成雄.音乐的西流[M].宁夏人民出版社, 2015：3.

[41] http://baike.baidu.com/link?url=V4XHfktzn09yjXA2edqwNEQn35tZ7FSIcGNq5dekqaHtqQIoVKT4zM - aFhfktRsuoorvbtzdd7Ri22P - w0_sGgfMa3Nu4HvLxk5U_Qw209W1aIGymjnqQ2dNY9GK05pt
[42] 岸边成雄.音乐的西流[M].宁夏人民出版社, 2015：6.
[43] 王琛.中国琵琶溯源[J].剧影月报, 2009(3).
[44] 林谦三在（日）.东亚乐器考[M].人民音乐出版社, 1999.
[45] 岸边成雄（日）.古代丝绸之路的音乐[M].人民音乐出版社, 1988.
[46] 韩淑德.琵琶发展史略[J].音乐探索.1984(2).
[47] 韩淑德.中国琵琶近现代史资料（八）[J].音乐探索,1996(1).
[48] 陈重.琵琶的历史演变及传派简述[J].音乐学习与研究,1990(1)
[49] 李金华.交响[M].西安音乐学院学报.1994.
[50] ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 : 95.
[51] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 : 470.
[52] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 : 471.
[53] 详情请看张寅.龟兹乐器的历史流变及音响特征[M].天津大学出版社，2013：84-86.

## پايدىلانمىلار:

1. تۇرسۇنجان لېتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى »[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007.
2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «فارابىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004.
3. جاۋ شىچيېن: «يىپەك يولى ناخشا ـ ئۇسسۇل رىۋايەتلىرى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988.
4. ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995.
5. 张寅.龟兹音乐的历史交流及音响特征——以达玛沟三弦琵琶为例[M].天津大学出版社, 2013.
6. 欧阳修, 宋祁.新唐书·礼乐志(第22卷) [M].中华书局, 1975.
7. 孟凡人.于阗国都城方位考[M].新疆人民出版社, 1994.
8. 林谦三（日）.东亚乐器考[M].人民音乐出版社, 1962.
9. 吴涛.龟兹佛教与区域文化变迁研究[M].中央民族大学出版社, 2006:106.
10. 谷苞.古代新疆的音乐舞蹈与古代社会[M].新疆人民出版社, 1986.
11. 岸边成雄.音乐的西流[M].宁夏人民出版社, 2015.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 09 ـ 027 ـ 02(2017) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاراشلىرىغا بولغان ئىجادىي ۋارىسچانلىق توغرىسىدا*

ئابلىكىم ئابدۇراخمان

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى كىلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاراشلىرىغا بولغان ۋارىسچانلىق ۋە ئىجادچانلىق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. مەزكۇر ماقالىدا بۇ خىل ۋارىسچانلىقنى ئەدەبىياتنىڭ ئىدىيەۋى يۆنىلىشى، شېئىرى گۈزەللىك، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي مۇھىت، تېما ۋە سۇژېت، قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەمدە ئەدەبىياتنىڭ رولى، قىممىتىدىن ئىبارەت يەتتە مەزمۇنغا يىغىنچاقلاپ مۇھاكىمە قىلىمىز.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر؛ كىلاسسىك ئەدەبىيات؛ ۋارىسچانلىق

## 关于维吾尔古典文艺学术的继承

阿布力克木 · 阿布迪腊合曼

**摘要：** 维吾尔文学理论体系的生成和发展，直接关系到其对维吾尔古典文学思想和学术的继承和创新，本文对思想倾向性、诗歌之美、形象和意境、题材和情节、结构和手法以及文学的作用和价值等七大继承和创新内容进行集中研究。

**关键词：** 维吾尔； 古典文学； 继承； 创新

**Abstract:** The theory development of Uyghur literature directly affects inheriting classical Uyghur literature and creativity of this subject. This paper discusses inheriting and creating the subject in several aspects such as: ideological tendency, poetic beauty, image and artistic conception, theme and plot, structure and technique, role and value of literature.

**Keywords:** Uyghur; classic literature; inheriting; creative

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس ۋارىسچانلىق ئەنئەنىسىگە ۋە ئىزچىللىققا ئىگە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەزەرىيەۋى قاراشلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇ خىل قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. كىلاسسىك يازغۇچىلار ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا، نۇرغۇن نەزەرىيەۋى قاراشلارنى توپلىدى ۋە يازما شەكىلدە قالدۇرۇپ كەتتى ھەمدە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ياشاپ ئۆتكەن شائىر ـ يازغۇچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ۋە نەزەرىيە سىستېمىسىنى ھاسىل قىلدى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئېتىقاد ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار بولغان ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلغان، ئەسىرلەردىن بېرى بېيىپ بارغان روشەن ئارگىناللىققا ئىگە سىستېمىدۇر.

---

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تۈرى «ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيەت ئىلمى تەتقىقاتى»نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىرى، تەستىق نومۇرى: BZW19715.

**ئاپتور:** ئابلىكىم ئابدۇراخمان (1956 ـ يىلى تۇغۇلغان) دوتسېنت، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەرىپەتچىلىك، ئەمگەك سۆيەرلىك ئىدىيەۋى يۆنىلىشى باشتىن- ئاخىر ساقلانغان. بىز «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى مىسرالاردىن بۇنى تولۇق ھېس قىلىمىز.

973 بىلىملىك كىشىنىڭ سۆزى ئازلىماس،
ئاقار ساپ بۇلاقنىڭ سۈيى كاملىماس.
975 بىلىمسىز كىشى كۆڭلى قۇمدەك ئېرۇر،
دەريا كىرسە تولماس، ئوت ئۈنمەس بولۇر.
ئۆزلۈك ئوتقا ئۇرما بۇ دۇنيا ئۈچۈن،
2841 ئۆمۈرگە نە ئەپسۇس، ئەمگەككە ئىست،
ئەمگەكسىز ئۆتكەن بۇ ئۆمۈرگە ئىست.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى چۆچەك، ئەپسانىلەردە خەلقنىڭ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان رومانتىك تەركىبلەر ناھايىتى يارقىن بولۇپ، يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ رومانتىك، سىمۋولىزملىق روھىنىڭ يېتىلىشى بۇ ئامىللارنىڭ بىۋاستە تەسىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئادىل پادىشاھ ھەققىدىكى تېما يازما ئەدەبىياتقا داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆرنەكلىك رول ئويناپ كەلدى ۋە يازما ئەدەبىياتتا غايىۋى جەمئىيەت ۋە ئادىل پادىشاھ ھەققىدىكى تېمىنىڭ ئىزچىللىشىشىدا ئىدىيەۋى مەنبە بولدى. كىلاسسىكلار ئىشق - مۇھەببەت تېمىسى بىلەن «ئادىل پادىشاھ» تېمىسىدا ناھايىتى گۈزەل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان ئىدى. مەسىلەن: ئىدىقۇت دەۋرىدە ئۆتكەن ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ «مۇھەببەتنامە» دېگەن شېئىرىدا يىراقتىكى ئاشىقنىڭ سۆيگەن يارىغا بولغان تەلپۈنۈشى، ئىنتىزارلىقى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋايى، رابغۇزى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ھەققىدىكى ئۇتوپىيەلىك قاراشلىرى، سەنئەت تەلىماتلىرى، خەلقنىڭ «ئادىل پادىشاھ» ئارقىلىق جەمئىيەتنى ياخشىلاش ئارزۇسىدىن ئۇزۇق ئالغان. مەسىلەن: «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئادىل پادىشاھ كۈنتۇغدى، نەۋايىنىڭ «قۇشلار تىلى» ناملىق ئەسىرىدىكى ئىلاھىي پەزىلەتلىك قۇش سۇمرۇغ، رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدىكى تىپلار ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر پادىشاھلارنىڭ ئوبرازى بولۇپ، بۇ ئوبرازلار شۇ ئەسەرلەر ئاپتورلىرىنىڭ ئادىل جەمئىيەت قۇرۇش قارىشىنى تەرغىب قىلىشتىكى مۇھىم ۋاستىسى بولدى ھەمدە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا مەيدانغا كەلگەن رومانتىزملىق شېئىرىيەت ئىدىيەسىنىڭ شۇنداقلا نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ماتېرىيال ئېلىش، سۇژېت قۇرۇلمىسىغا ۋارىسلىق قىلىش، تىل ئۈنۈمىگە يانداشتىش قاتارلىق ئامىللارمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلغان ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسى، ئەلۋەتتە. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قەھرىمانلىق، مۇھەببەت ھەققىدىكى تېمىلار داۋاملىق يازما ئەدەبىياتقا سىڭىپ كىردى. مەسىلەن: «ئالىپ ئەرتۇڭا» ھەققىدىكى سۇژېت «تارىخى رەشىدىي» نىڭ سۇژېت تەركىبىدە بار. بۇ مەزمۇن ھەتتا نىزارى داستانلىرىغىچە تەسىر كۆرسەتكەن. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى مەزمۇنلار «شەجەرەئى تۈرك»، «چىڭگىزنامە»، «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ سۇژېت تەركىبىگە قىستۇرۇلغان.

مۇھەببەتنىڭ دەرياسىدا غەۋۋاس بولۇپ،
مەئرىفەتنىڭ گەۋھەرىنى ئالغۇم كېلۇر،
تەرىقەتنىڭ مەيدانىدا پەرۋاز قىلىپ،
ئول تۇبا دەرەخىگە قونغۇم كېلۇر. [2]

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ يۇقىرىقى ھېكمەتلىرىدە خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش ۋە ئادەملەشتۈرۈش شەرق ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك. بۇ خىل بەدىئىي تەپەككۇر شەرقلىقلەرگە خاس فورما سۈپىتىدە، مەۋجۇداتلار تەڭرىنىڭ سايىسى، نۇرى، جىلۋىسى دېگەندەك قاراشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ مەنبەسى

www.uyghurkitap.com



بولىدى. بۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى شەكىللەندى. تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدىن مۇقەررەر ھالدا بىر يۈرۈش تەسەۋۋۇپ تەلىماتى مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، ئىنساننى ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلەشنى مەزمۇن قىلغان تەجەللى نەزەرىيەسى، ئىلاھنى سېزىش مۇمكىنچىلىكى ھەققىدىكى ئىشق نەزەرىيەسى، سەزگۈ نەزەرىيەسى، ياخشىلىق تەلىماتلىرىنى مەنبە قىلىپ شەكىللەنگەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسى ۋە تەلىماتلىرى بۇنىڭ تىپىك ئىپادىسىدۇر. بۇ ئىدىيە نەۋايىنىڭ:

ئۆزگە دەلىل ئىستەسە تەبىئىي سەقىم،
بەسىدۇر ئادەمدە «ئەلىف»، «دال»، «مىم» [3]

(تەبىئەت ئۆزگە ئىسپات تاپماقچى بولسا، ئادەمدىن ئىزدىشى كېرەك، ئۇنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا جەملەنگەندۇر) دېگەندەك يەكۈنلىرىدە يارقىن ئىپادىلەندى.

فارابىنىڭ شېئىرىيەت ۋە سەنئەت قاراشلىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاراشلىرىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بىز فارابى ئەسەرلىرىدە كۆپ تەكىتلەنگەن «مۇلاھىزىكار شائىر ئەڭ ياخشى شائىردۇر» دېگەن جۈملىلەر بىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شائىرلارنى سۈپەتلەپ ئېيتقان:

4395 كۆرەرسەن، دېڭىزغا كىرور كىشىدەك،
گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت چىقارۇر، دېمەك.

(شائىرلار كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلىغۇچى مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ بولۇشى كېرەك، شائىرلار دېڭىز ئىچىدىن ئۈنچە ياقۇت تەرگۈچىلەردۇر) دېگەن ھۆكۈملىرى ئوتتۇرىسىدا نەقەدەر زىچ باغلىنىش ۋە پىكىر بىرلىكىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ئىدىيەۋى بىرلىك يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى نامايەندىلەردىن ئەھمەد يۈكنەكى، خاراباتى، تەجەللى قاتارلىق شائىرلارنىڭ پەلسەپە ۋە سەنئەت قارىشىدا كۈچلۈك ئىپادىلەندى، ئەقلىي يۈكسەكلىك ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئىنسان مەنىۋى گۈزەللىكىنىڭ ئاساسى، دەيدىغان شېئىرىيەت نەزەرىيەسىنىڭ قېلىپلىشىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

ئەقلى كوللى مۇسادەك مەردان قىلۇر،
ئەقلى جۇزۋى ئاقىۋەت پىرئەۋن قىلۇر.
جىسمى ئادەم گويىيا دىۋارىدۇر،
مەئرىفەت دىل ئىچرە بىر گۈلزارىدۇر. [4]

ئابدۇللا خاراباتى يۇقىرىقى مىسرالاردا مەنىۋى گۈزەللىك كوللى ئەقلىدىن كېلىدۇ، دىلنىڭ قىممىتى بىلىم بىلەن دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدا كىلاسسىكلارنىڭ ئەقلىچىلىك تەلىماتىنىڭ تەسىرىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم ۋە ياخشى ئەخلاق ئارقىلىق بەخت ياراتقىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدىبلەرنىڭ قاراشلىرىغا داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىپ، بىلىم ۋە ئەخلاق ئارقىلىق جەمئىيەتنى قۇتقۇزۇش ئىدىيەسىنىڭ داۋاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن: ئامانىساخان يازغان «ئەخلاق جەمىلە»، مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «جاھاننامە»، ئابدۇللا خاراباتىنىڭ «مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسەرلىرى ۋە تەجەللىنىڭ شېئىرلىرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم ۋە ئەخلاق ئارقىلىق جەمئىيەتنى تۈزەش ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك. بۇ خىل قاراش يەنە نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتنىڭ نەزەرىيەۋى قاراشلىرى خېلى كەڭ ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدىكى كۆچۈش ھادىسىسىنىڭ كۆپ بولۇشى، ياشىغان زېمىن دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشى، ئېتىقاد قىلغان دىنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدە كۆپ خىل مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ساقلانغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمۇ ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تىپلىرى بىلەن ئۇچراشقان. بۇ تېما داۋاملىق ئىزدىنىشىمىزنى كۈتمەكتە. بىز بۇ يەردە تېمىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەزەرىيەۋى تەلىماتلارنىڭ ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىمىز.

فىرانز بوئاس: «بىز سەنئەتنىڭ ئىككى خىل مەنبەسىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك، بىرى، ئۇنىڭ شەكىل ئاساسى، يەنە بىرى شەكىل بىلەن باغلانغان تەپەككۇر ئاساسى، ئەگەردە سەنئەت مۇشۇ ئىككى خىل ئاساستىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ بىر تەرەپلىمە ۋە تېتىقسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ» [5] دېگەن ئىدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى، كىلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ۋارىسچانلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى داڭلىق شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەزەرىيەۋى قاراشلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە بولغان تەسىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل يول بىلەن ئىپادىلەندى. ئۇنىڭ بىرى: شائىرلار ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ نەزەرىيەۋى قاراشلىرىنى ئىدىيەۋى تونۇش سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈردى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەرىپەتچىلىكنى تەرغىب قىلىش، ئادالەتنى ياقلاش ئىدىيەسى ۋە بۇ خىل ئىدىيەنى تەكىتلەشنى سەنئەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ بىلىدىغان قاراشلار مانا مۇشۇ خىل ۋارىسچانلىق نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نى دەۋر قىلىپ مەيدانغا كەلگەن مەرىپەتچىلىك ۋە ئەقىلچىلىك قاراشلىرى، كېيىنكى ئەدىبلەردە نەۋايىنى ئۈلگە قىلىپ شەكىللەنگەن ئىنسانپەرۋەرلىك دەل مۇشۇ خىل ۋارىسچانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يەنە بىر خىل ۋارىسلىق قىلىش ئۇسۇلى بولسا، ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلەر شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. شائىرلار ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ياندىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئەقىل ئىدراكنى ئىنسان ماھىيىتى ۋە قىممىتىنىڭ ئىپادىسى قىلىشتەك قاراشلىرى، نەۋايىنىڭ تەلىماتلىرىدا ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلدى. شۇڭا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتىنى بايان قىلغاندا ئەدىبلەرنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا تايىنىپلا خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ، بەلكى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنى چۈشىنىش، مىسرالىرىدا بالقىپ تۇرغان تەلىماتلارنى قېزىپ چىقىش ۋە شۇ ئاساستا كىلاسسىك نەزەرىيەنى رەتلەش تېخىمۇ مۇھىمدۇر. بىز مەزكۇر تېمىدا ۋارىسچانلىقتىكى بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلغا تەڭ ئېتىبار بېرىشكە تىرىشتۇق. تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى چۆرىدىگەن ئاساستا كىلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ئىجادىي ۋارىسچانلىقى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئىدىيەۋى يۆنىلىشكە بولغان ۋارىسچانلىق

كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەت قاراشلىرىدا مەرىپەتچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، چىن مۇھەببەت ۋە ئىنسانىي پەزىلەتنى تەرغىب قىلىش ئىزچىل تەكىتلىنىپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئىلغار ئىدىيە يۆنىلىشىنى ھاسىل قىلدى ۋە ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئارگىناللىقىنى نامايەن قىلىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

مەرىپەتچىلىك ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا مەيلى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ياكى نەزەرىيەۋى قاراشلاردا بولسۇن ئىنتايىن كۆپ تەكىتلەنگەن ئىدىيەۋى يۆنىلىشتۇر. بىز ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە كىلاسسىكلارنىڭ بۇ تېمىسىغا ياندىشىشنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھازىرقى زامان شائىرلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى شائىرلارنىڭ ئەقىل - ئىدراكنى ئۇلۇغلاش، بىلىم ئارقىلىق جەمئىيەتنى تۈزەش، مائارىپ ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش قاراشلىرىدىن ئوزۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالغان بولۇپ، هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا مەرىپەتچىلىك تەشەببۇسلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشىدا زور رول ئوينىغان ئىدى.

ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسى ۋە بۇ ھەقتىكى نەزەرىيەۋى تەلىماتلار ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتا بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىسى نەۋائىينىڭ ئىجادىيىتى ۋە تەلىماتىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى بولغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىشق-مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەرغىب قىلىش ئىدىيەسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت تېمىسىنىڭ ئىزچىللىشىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەلىماتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئەدەبىياتنى خەلق بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى تەلىماتلار داۋاملىق تەكىتلەنگەن ئىدى. يەنى ئىجادىيەتنى خەلق بىلەن بىرلەشتۈرۈش، خەلقنى تەرەققىياتقا يېتەكلەشنىڭ قورالى دەپ قاراش، خەلقتىن ئۆگىنىشنى تەكىتلەش قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇر هازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى كۆپلىگەن شائىر كىلاسسىك شائىرلارنىڭ خەلقچىللىق ئىدىيەسىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلدى ۋە راۋاجلاندۇردى. مەسىلەن، تېيىپجان ئېلىيوپ «شائىرنىڭ ئانىسى خەلق، ئۇ ئانىنى رازى قىلىش بىلەنلا قەدىرلىك» [10] دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە، ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتى ۋە قىممىتى ئۈستىدە توختىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ قىممىتىنىڭ خەلق ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، خەلقنىڭ بىلەن تەقدىرداش بولۇش ئارقىلىقلا مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ، بۇ ھەقتىكى قارىشىنى شېئىرىي تىل بىلەن مۇنداق ئىپادىلىدى:

ئەل نېمىدىن سۆيۈنسە زوقلانساڭ شۇڭا،
ئەل نېمىدىن يىرگەنسە ھومايساڭ ئاڭا.
ئالقىش تۇرماق راھەتتۇر ھەتتا ھاقارەت،
بۇندىن ئارتۇق ئىپتىخار نەھاجەت ساڭا. [11]

## 2. كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىي گۈزەللىك قاراشلىرىغا بولغان ۋارىسچانلىق

ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرى شېئىرىي گۈزەللىك ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ۋە روھىي مۇكەممەللىكتە دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىي گۈزەللىك ھەققىدە بىر قاتار سەنئەت نەزەرىيەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. مەسىلەن، شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ ھاسىل بولۇشىدا مەزمۇننىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى تەكىتلەش، شېئىرلاردا پەلسەپەۋى چوڭقۇرلۇقنىڭ بولۇشىنى، كۆڭۈللۈك بولۇشىنى تەلەپ قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

كىلاسسىك شائىرلار شېئىرلاردىكى گۈزەللىكنى مەزمۇن گۈزەللىكى، مەنە چوڭقۇرلۇقىدىن ھاسىل بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. نەۋائىي شېئىرىيەت ھەققىدىكى بايانلىرىدا مەزمۇننىڭ شېئىردىكى گۈزەللىكنى ھاسىل قىلىدىغان ھەل قىلغۇچ كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆپ تەكىتلىگەن. ئۇ، «ئەگەر سۆزدە نەزم لەززىتىنىڭ ھارارىتى بولمىسا، شېئىردا ئىشق ھارارىتىنىڭ كۆيدۈرۈشى بولمىسا، ئۇنداق سۆز ۋە شېئىرنى نۇرسىز شام ۋە سەركىسىز جامائەت دەپ بىلمەك كېرەك» [12]، «شېئىر نازۇك مەنىلەردىن خالىي بولۇپ قالسا، پۈتۈن ئۆمۈر قەغەزنى قارا قىلىش بىلەن ئۆتكەن بولىدۇ» [13] دەپ كۆرسەتسە، زەلىلى:

ئەي زەلىلى، بۇ نە سۆزدۇر دەپ مېنى ئەيىب ئەتمىگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولمىسا.

دېگەن مىسرالىرىدا بۇ قاراشنى جانلىق ئىپادىلەپ، شېئىرنىڭ ھەقىقەتنى ئىپادىلەش بىلەن گۈزەل بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرىي گۈزەللىكنى مەزمۇندا دەپ قارايدىغان بۇنداق قاراشلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئېڭىغا باشتىن ـ ئاخىر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. تېيىپجان ئېلىيوپ بۇ ھەقتە:

شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس،

مەن ئۇچۇن شېئىر ۋىجدان ئىشى، بەس.
پىكىر ـ يۈرىكىم، مىسرالار ـ تومۇر،
ھەرپلەر ـ قېنىم، ۋەزىنلەر ـ نەپەس. [14]

دەپ يېزىپ، شېئىرىي پىكىرنى شېئىرنىڭ جېنى دېگەن قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرىي گۈزەللىك ھەققىدىكى قارىشى ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىدا بىرقەدەر كەڭ ساقلانغان بولۇپ، شېئىرىيەت ئۇلۇغلۇق، مۇقەددەسلىك، بۈيۈكلۈكنى مەزمۇن قىلىشى، ئالىيجانابلىقنى، ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنى مەدھىيەلىشى لازىم دەپ تەكىتلەيدۇ. كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىجابىي پېرسوناژ ئەقلىي، ئەخلاقىي كامىللىق، جىسمانىي گۈزەللىك ۋە بۇ ئامىللارنىڭ بىرلىكىدىن تەشكىل تاپقان مۇكەممەللىكتە يارىتىلىدۇ. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياراتقان كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۇدغۇرمىش، ئۆگدۈلمىش ئوبرازلىرى ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي مۇكەممەللىك ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىكىدە يارىتىلغان ئوبرازلار بولۇپ، ئاپتورنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر. كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بۇ خىل ئېستېتىك پرىنسىپ ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئېڭى ۋە پىروزا ئېڭىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى بولدى.

## 3. كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي مۇھىت، بەدىئىي تەسۋىر ئەندىزىلىرىگە بولغان ۋارىسچانلىق

ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي مۇھىت ھەققىدىكى قاراشلىرىغا بولغان ۋارىسلىق ناھايىتى كۈچلۈك. كىلاسسىك داستانلاردا ياكى لىرىك شېئىرلاردا بولسۇن بەدىئىي ئوبراز، شېئىرىي مۇھىت ئالاھىدە ئامىل ھېسابلىنىدۇ. كىلاسسىكلار ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئوبيېكتنى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە كۆپ تەرەپتىن تەسۋىرلەپ، ئوبرازنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن رەڭدارلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىمە مۇھىت ھاسىل قىلىدۇ. ئوي-پىكىر ۋە ھېسسىياتنى ئاساسەن سۈرەت ئىچىگە كۆمۈپ يوشۇرۇن ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى كىلاسسىك شائىرلار شېئىرىي گۈزەللىك ئىچكى دۇنيادىكى يوشۇرۇنلۇقنى، قەلب گۈزەللىكىنى ئىپادىلەشتە دەپ قارايدۇ. شۇڭا شېئىرىي ئۇسلۇبنىڭ گۇڭگا بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، نەۋايى بۇ ھەقتە بۇنداق دەيدۇ: «مەنە ئەھلىدە ھەقىقەت مەخپىي بولىدۇ»[15]. نەۋايىنىڭ شېئىرىي ئوبراز ھەققىدىكى بۇ سۆزىدە شېئىرلاردا ھېسسىيات ۋە مەنىنى ئوبراز ئىچىگە كۆمۈپ ئىپادىلەش، شېئىرىي پىكىرلەرنىڭ يوشۇرۇن، شېئىرىي كەيپىياتنىڭ گۇڭگا بولۇشى تەلەپ قىلىنغان.

كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسى ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت قاراشلىرىدا جانلىق ئىپادىلەندى. مۇھەممەتجان سادىق شېئىرىي گۈزەللىكنى يوشۇرۇنلۇقتا، ئوبرازچانلىقتا، چوڭقۇرلۇقتا دېگەن قاراشنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا بەزىبىر شېئىرلاردىكى يالىڭاچلىق خاھىشىنى تەنقىد قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ «شېئىرنىڭ ئۆزى مەڭگۈ سوئالدۇر دېگەن پىكىرنى توغرا دەپ قارايمەن. شېئىر ۋەز- نەسىھەتكە تولغان بولماستىن، كەڭ، گۈزەل تەسەۋۋۇرلار ياردىمى بىلەن رېئال ۋە خىيالىي دۇنيا گىرەلىشىپ كەتكەن گۈزەل سۈرەت بولۇشى لازىم» [15]، «پىكىر ئوچۇق ئاشكارا ئېيتىلماي، ئوبرازغا سىڭدۈرۈلگەندىلا بەدىئىي بولىدۇ. شېئىرىي پىكىر سۈزۈك سۇ ئاستىدا ياتقان تاشتەك ياكى ئۇسما قويۇلغان قاشتەك ئەكس ئەتكەن شېئىرلارنى ئوچۇق پىكىرلىك شېئىرلار دېسەك بولار» [16]. «شائىرنىڭ ئەڭ كىچىك دائىرىدە ئەڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئوي ـ پىكىرنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈشى تېخىمۇ مۇھىم، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىر ئىچكى دۇنيانىڭ مەھسۇلى بولۇپ، سۇبيېكتىپچانلىقى ئىنتايىن

كۆچلۈك» [17] دەپ كۆرسەتتى.

## 4. كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تېما ۋە سۇژىت جەھەتتىكى ئىجادىيەت ئادەتلىرى ۋە تەلىماتلىرىغا بولغان ۋارىسچانلىق

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى ۋە سۇژىتى ھەققىدە ئالاھىدە بولغان نەزەرىيەۋى قاراشلار ھەم ئىجادىيەت پىرىنسىپى جەھەتتىكى بىر يۈرۈش ئەنئەنىسى بار.

مۇھەببەت تېمىسى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ يارقىن بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى. بۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسىنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى روشەن ئىپادىسى ئىدى. بولۇپمۇ نەۋايىدىن كېيىنمۇ مۇھەببەت تېمىسى ئىزچىل داۋاملاشتى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا داستانلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بۇ ئامىللارغا ۋارىسلىق قىلىش ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى. ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن ئەھمەد زىيائىدىن ئىبارەت كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى نەۋايىنىڭ مۇھەببەت تېمىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش بىلەن بىرلەشتۈردى. ئۇلار يازغان «شاھ بەھرام» (غېرىبى)؛ «ماقالەت» (سەبۇرى)؛ «پەراد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» (ئابدۇرېھىم نىزارى) قاتارلىق داستانلار ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ھارپىسىدا مەيدانغا كەلگەن مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. بۇ ئەنئەنە نىمشېھىت، مۇھەممەتجان سادىق، قۇربان باراتنىڭ داستانلىرىدىمۇ ئىزچىل راۋاجلاندى. نىمشېھىتنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن»، مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «قىزىل گۈل ۋە بۇلبۇل»، قۇربان باراتنىڭ «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانلىرىدا بۇ جەھەتتىكى ۋارىسچانلىق ناھايىتى گەۋدىلىك.

بۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى زامان شائىرلىرى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ سۇژىت تەركىبلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر يۈرۈش مۇقىملاشقان مۇتىفلىق سۇژىت ھاسىل قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئۆزگىچە خاراكتېر بەردى. پەرھاد ۋە شېرىن تېمىسىدىكى ئىجادىيەتلەرنى بۇ پىكرىمىزگە مىسال قىلىشقا بولىدۇ. كىلاسسىك شائىرلار يەنە ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ زىچ بولۇشىنى، سۇژىتنىڭ كۈچلۈك، دىراماتىك توقۇنۇشتىن ھاسىل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. نەۋايى بۇ ھەقتە مۇنداق دېيدۇ: «بۇلارنىڭ مۇددىئاسى، ئىشق ئالەمىدە ئاشىقلىقنىڭ مۇشكۇلاتلىرىنى، مەشۇقنىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. بەرھەق، ھەر بىرىنىڭ ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئاشىق ۋە مەشۇقنىڭ ئاجايىپ ھالەتلىرىنى، غارايىپ خىياللىرىنى، چېگراسىز ۋەقەلەرنى ھېسابسىز رەنج ـ مۇشەققەتلەرنى تەسۋىرلىمىكى، ئەلۋەتتە زۆرۈردۇر» [18]. نەۋايىنىڭ ۋەقەلىك ئۈستىدىكى بۇ نەزەرىيەسى كېيىنكى ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋە سەنئەت تەلىماتلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۈگۈنكى زامان يازغۇچىلىرى ئەسەرلەردە مۇرەككەپ زىددىيەت قاتلاملىرىغا ئىگە سۇژىتنى تاللاپ، ئوخشىمىغان دەۋرگە خاس تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەخەد تۇردى، ئەختەم ئۆمەر قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ خىل ئالاھىدىلىك ناھايىتى گەۋدىلىك .

## 5. كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ قۇرۇلما، تىل ئىشلىتىش، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا بولغان ۋارىسچانلىق

ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانچىلىقىنىڭ گەۋدىلىك بولغان خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى شائىرلار

ئەسەرلەرنىڭ بېشىدا ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ئۈستىدە لىرىك چۈشەنچە بېرىپ، ئاندىن ئاساسىي ۋەقەلىكنى يېزىش ئۇسۇلىدۇر، بۇ خىل ئۇسۇل هازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ قوللىنىلىپ، داستانچىلىقىمىزنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ كەلدى. نىمشېھىت، ئەھمەد زىيائى، تېيىپجان ئېلىيوپ، مۇھەممەتجان سادىق، قۇربان بارات قاتارلىق شائىرلار داستانلىرىدا ئەسەرنىڭ بېشىدا ئۆز قارىشىنى يىغىنچاق ئىپادىلەپ، ئاندىن كېڭەيتىپ يېزىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «قىزىل گۈل ۋە بۇلبۇل »، «چىن مۇھەببەت»، «ئابرال داستانى» قاتارلىق داستانلىرىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك ناهايىتى گەۋدىلىك.

كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ نەزمىي تىل بىلەن نەسرىي تىلنى بىرلىكتە قوللىنىش ئەنئەنىسى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىگىچە داۋاملاشتى. مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ ئالاھىدىلىك روشەن. هازىرقى رومانلىرىمىزدا كۆپ ئۇچرايدىغان «شېئىر بىلەن ئەسەرنى باشلاش، رومانلارنىڭ تەركىبلىرىنى شېئىرلاشتۇرۇشتەك ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ خاس ئەنئەنىسى»نىڭ مەيدانغا كېلىشىدە بۇ خىل ۋارىسچانلىق خېلى كۈچلۈك بولدى.

كىلاسسىكلارنىڭ نەزەرىيەۋى قاراشلىرىغا بولغان ۋارىسچانلىق يەنە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئوي ـ پىكرنى ئىماگ ئارقىلىق بېشارەت بېرىپ ئىپادىلەش كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. نىمشېھىت، تېيىپجان ئېلىيوپ، مۇھەممەتجان سادىق قاتارلىق شائىرلار كىلاسسىك شائىرلارنىڭ بۇ خىل سەنئەت ئېستېتىكىسىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇلار كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئۆرنەكلەردىن پايدىلىنىپ ئوي ـ پىكرنى تەمسىل ئارقىلىق يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى هازىرقى زامان شېئىرىيىتىگە سىڭدۇردى ۋە كېڭەيتتى. بۇنىڭ بىلەن كىلاسسىك شائىرلارنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشىگە سىمۋول قىلىنىدىغان بۇلبۇل، گۈل، ساقى، جام دېگەندەك ئىماگلار سىستېمىسى ساقلىنىپ قالدى. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «شۇندىن بېرى» دېگەن شېئىرىنى مىسال قىلىمىز.

مەن ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەس شۇ باغقا كىرگەندىن بېرى،  
ئوخشىدىم پەرۋانىگە سەن يارنى كۆرگەندىن بېرى.  
ئەگدى شاخنى مېۋىسى، تىللارنى ياردى شىرنىسى،  
پەرۋىشىڭدىن باغ قېنىپ لەززەت سۇمەرگەندىن بېرى.  
باغ قىزى، باغ مەپتۇنى، باغ ئاشىقى قىلدىڭ مېنى،  
باغقا باغلاندىم ساڭا ئىشقىمنى بەرگەندىن بېرى. [19]

بۇ شېئىرىي مىسرالاردا باغ، بۇلبۇل، يار، ئاشىق، مەشۇق قاتارلىق ئاتالغۇلار تەسەۋۋۇپنىڭ ئىشقىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىدىغان خاس ئۇقۇملىرى بولۇپ، شائىر بۇ ئىماگلاردىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى تەلىماتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى گەۋدىلىك. ئۇيغۇر هازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ئىجادىي ۋارىسچانلىقى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، بۇ ماقالىدا پەقەت ئۇنىڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە قىسمەن تەرەپلىرىلا مۇهاكىمە قىلىندى. بۇ هەقتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا مۇهاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئىزاهلار:

[1] ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»[M]»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997: 266ـ267.

[3] ئەلشىر نەۋايى: «هەيرەتۇل ئەبرار»[M]»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991: 41.

[4] ئابدۇللا خاراباتى: «مەسنەۋى خاراباتى » [M]»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 : 187، 196.

[5] 弗朗兹 · 博厄斯: 《原始艺术》 [M].上海文艺出版社,1989:4.

[10][9][8][7][6] نۇرمەمەت زامان: « ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى»[M]». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002: 66، 74، 75.

[11] تېيىپجان ئېلىيوپ : «تېيىپجان ئەلىيېۋ ئەسەرلىرى»[M]». كېرىمجان ئابدۇرېھىم نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق باش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2014: 435،434.
[13] [12] ئەلشىر نەۋايى:«مەجالىسۇن نەفائىس»[M]». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994: 285.
[19][14] تېيىپجان ئېلىيوپ : «ناللانغان شېئىرلار»[M]». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985: 291، 318.
[15] مۇھەممەتجان سادىق: «شېئىر توغرىسىدا»[J]. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1993 (3):56.
[17][16] مۇھەممەتجان سادىق: «شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا»[J]، تارىم ژۇرنىلى 1996 (2): 137 ـ 143.
[18] ئابلىمىت ئەھەت تەييارلىغان: «ئەخلاق دىستۇرى »[M]». شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2009 : 390، 389 ،349.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 036 ـ 02(2017) 5878 ـ 1005

# سالار تىلىنىڭ ئېلىمىزدىكى تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىغا باھا*

رۇقىيە ئوسمان

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، بېيجىڭ. 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** سالار تىلى ئېلىمىزدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە يەتتە تىلنىڭ بىرى. شۇنداقلا تەھلىكە ئاستىدىكى تىل ھېسابلىنىپ تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان تىل. ئېلىمىزدە لىن لىەنيۈن، خەن جيەنيې، مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا، شۈ يىنا، ما ۋېي قاتارلىق تىلشۇناسلار سالار تىلى تەتقىقاتىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ ماقالىدە سالار تىلى ھەققىدە ئېلىمىزدە يېزىلغان 40تىن ئوشۇق تەتقىقات نەتىجىسىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئېلىمىزنىڭ سالار تىلى تەتقىقاتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** سالار تىلى؛ دۆلەت ئىچى؛ تەتقىقات ئەھۋالى

## 国内撒拉语研究评析

茹黑也木 · 吾斯曼

**摘要：** 撒拉语是我国境内属于突厥语族语言的民族语之一，也是濒危语言之一。因此，一直被语言学家关注。我国林莲云、韩建业、木娜瓦尔·艾比布拉、许伊娜、马伟等学者在撒拉语研究方面取得了显著研究成果。本文搜集并研究 40 多份研究成果并进行分析。

**关键词：** 撒拉语；国内研究 ；研究概况

**Abstract:** Salar is a Turkic language spoken only in China. As an endangered language, it has been receiving the special interest of the scholars. In China, Lin Lianyun, Han Jianye, Munevver Hebibulla, Xu Yina, Ma Wei and some other scholars have been obtaining notable achievements in the field of Salar studies. In this paper, more than 40 pieces of their works reviewed.

**Key words:** Salar; studies in China; summary of the research

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H23 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. سالارلار ۋە سالار تىلى

سالارلار مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ بىرى بولۇپ، 2010 ـ يىلىدىكى 6 ـ قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىستاتىكىسىدا سالارلار 130 مىڭ 600 دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇلار ئاساسلىق مەملىكىتىمىزنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسى شۇنخۇا سالار ئاپتونوم ناھىيەسى، خۇالۇڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسى جىشىەن تېغى باۋئەن، دوڭشياڭ، سالار ئاپتونوم ناھىيەسى داخې يېزىسى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. يەنە بىر قىسمى چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسى شياخې ناھىيەسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى غۇلجا شەھىرى غۇلجا ناھىيەسى سامىيۈزى يېزىسى سالار كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان. سالارلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

سالارلار ئۆزلىرىنى «سالار(Salar)»، «سالىر(Salur)» دەپ ئاتايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن باشلاپلا سالارلار توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «ئوغۇز» سۆزىنى

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى تاللاش تۈرى»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** رۇقىيە ئوسمان( 1972 ـ يىل 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 2015 ـ يىللىق دوكتورانتى

www.uyghurkitap.com



چۈشەندۈرۈپ: «ئوغۇز - تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى، ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇغ بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ... بۇلارنىڭ بەشىنچىسى «سلغر(salğur)» دېگەن مەلۇماتنى بېرىدۇ. سالارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى سالىر\سالار\سالۇر\سالغۇر. دېمەك، سالغۇرلار سالارلارنىڭ ئەجدادى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە، ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان سالغۇرلار غەربكە كۆچۈپ سىر دەريا بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە بۇلارنىڭ بىر قىسمى سەمەرقەندتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. زور تۈركۈمى داۋاملىق يۈرۈپ بۈگۈنكى تۈركمەنىستان تەۋەسىگە كەلگەن ۋە تۈركمەنلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرى (14 - ئەسىرلەردە) سەمەرقەنت تەرەپلەردىن ئېلىمىزنىڭ چىڭخەي تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلگەن. بۇ ھەقتە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەر بار. شۈنخۇا ناھىيەسى تەۋەسىدە 1370 - يىلىدىن ئىلگىرى سالارلار ھەققىدە مەلۇمات يوق ئىدى. سالارلار 1320 - يىللاردا قومۇلغا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى يەنى، 1370 - يىللىرى شۈنخۇاغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. سالارلارنىڭ ئاقساقىلى خەن ھاجى يوگجېك خانغا يوللىغان مەكتۇبىدا «بىز سالارلار قومۇلدىن شۈنخۇاغا كېلىپ يەرلەشكىلى 361 يىل بولدى» دەپ مەلۇمات يوللىغان ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭغا كېلىپ غۇلجا شەھىرى جېلىيۈزى تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان. شىنجاڭدىكى سالارلارنىڭ كۆپ قىسمى 1960 - 1970 - يىللاردا شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن[2].

سالار تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسى غەربىي ھون تارمىقى ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە. تىپولوگىيە نۇقتىسىدىن يېپىشقاق تىللارغا تەۋە. سالارلار ئىلگىرى تۈرك - رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى سالار يېزىقى - تۈرك يېزىقىنى قوللانغان. ئۇلار ئۆزىنىڭ يېزىقىنى «تۈركىي سۆز» دەپ ئاتايتتى. بۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن «تۈركىي فەزايىل» دېگەن ئەسەر بار. بۇ ئەسەر يەنە «تۈركىي پارچە خاتىرىلەر»، «تۈركىي مۇختەزىر» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. بۇ ئەسەر سالارلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە قوللانغان ئەرەب ۋە پارس ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىق تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان قوليازما بولۇپ، سالارلارنىڭ تارىخى، دىنى، ئەدەبىياتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سالارلارنىڭ تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر خاۋەندېنىڭ يېتەكچىلىكىدە كاتىپ لوقمان موللا تەرىپىدىن گۇاڭشۈنىڭ 8 - يىلى كۆچۈرۈلگەن. ھازىر چىڭخەي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مىللەتلەر تەتقىقاتى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە، سالارلار ئىنتېرنېت ۋە ئۈندىدار قاتارلىق تاراتقۇ ۋە ئالاقە ۋاستىلىرىدە ئازەربەيجان ياكى تۈرك ئېلىپبەسىگە ئوخشايدىغان لاتىن ئېلىپبەسىنى ئىشلىتىدۇ. سالارلارنىڭ رەسمىي يېزىق تىلى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاغزاكىي يول ئارقىلىق ئەۋلادلارغا تارقالماقتا.

## 2. ئېلىمىزدە سالار تىلىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

مەملىكىتىمىزدە، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياڭ دېشىن ئەپەندى سالار تىلىنى تەكشۈرگەن. 1943 - يىلى ئۇ «سالارلارنىڭ تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادىتى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش» تېمىسىدىكى ماقالىسىنى، 1945 - يىلى «چىڭخەيدىكى سالارلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە تىلى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان[3]. سالار تىلى ھەققىدىكى سىستېمىلىق تەتقىقاتلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىن باشلانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1956 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات بۆلۈمى جەمئىي يەتتە گۇرۇپپا تەسىس قىلىپ، 700دىن ئارتۇق كىشىنى تەشكىللەپ پۈتۈن جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەن. شۇ قېتىم 6 - گۇرۇپپا سالار تىلىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر

تەتقىقات بۆلۈمى (ئەسلىدىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقات بۆلۈمى)، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچىلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار سالارلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا بىرنەچچە قېتىم بارغان. تەكشۈرگەن تىل ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن 1985 ـ يىلى لىن ليەنيۈن يازغان «سالار تىلىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»[4] دېگەن كىتاب مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن نەشرگە ئۇيۇشتۇرۇلغان يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ بىرى سۈپىتىدە نەشردىن چىققان. بۇ كىتاب 50 ـ يىللاردىن بۇيانقى تىل تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە يىغىلغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن رەتلەپ يېزىپ چىقىلغان. كىتابتا سالار تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىسى بىرقەدەر ئەتراپلىق تەسۋىرلەنگەن ۋە تەھلىل قىلىنغان. 1992 ـ يىلى لىن ليەنيۈن قاتارلىقلار تۈزگەن «سالارچە ـ خەنزۇچە، خەنزۇچە ـ سالارچە سۆزلۈك» دېگەن لۇغەت نەشردىن چىقتى[5]. بۇ لۇغەتكە جەمئىي 4000 دىن ئارتۇق سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، سالار تىلىنى ئۆگىنىشتىكى قورال كىتاب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سالار تىلىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، لىن ليەنيۈننىڭ سالار تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن «سالار، يۇغۇر تىللىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈش مەسىلىسى ھەققىدىكى گۇمانىم»[6]، «سالار تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى»[7] قاتارلىق ماقالىلىرى «سالار تىلىدىكى تىل ماتېرىياللىرى»[8] تېمىسىدىكى سالار تىلىنى خاتىرىلەپ، رەتلەپ چىققان ماتېرىيالى بار.

چىڭخەي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى خەن جيەنيې ئېلىمىزدە سالار تىلى تەتقىقاتىدىكى باشلامچى ۋە مول ھوسۇللۇق تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئانا تىلى سالار تىلى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن سالار تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا سالار تىلىنى توغرا ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. «سالار تىلىنىڭ مورفولوگىيەسى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»[9]، «يازما يادىكارلىقلاردىن سالار تىلىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە نەزەر»[10]، «سالار تىلىدىكى پېئىللار توغرىسىدا قىسقىچە بايان»[11]، «سالار تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى»[12]، «سالار تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلى توغرىسىدا»[13]، «‹تۈركىي پارچە پۈتۈكلەر› دىكى بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىزاھات»[14]، «چىڭخەيدىكى مىللىي تىلدىكى يەر ناملىرىنىڭ تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى»[15] قاتارلىق ماقالىلىرى بار. خەن جيەنيېنىڭ «سالارلارنىڭ تىل مەدەنىيىتى ھەققىدە»[16]، «خەن جيەنيې مىللىي تىل مەدەنىيەت تەتقىقاتى ماقالىلەر توپلىمى»[17] قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. 2010 ـ يىلى خەن جيەنيې باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «سالارچە ـ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» نەشردىن چىقتى[18]. بۇ لۇغەتكە جەمئىي 5000 غا يېقىن سۆز كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شۇ يىنا ئېلىمىزدە يېقىنقى يىللاردا يېتىشىپ چىققان ياش ئوقۇش تارىخىغا ئىگە تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى. ئۇ سالار تىلىنى دوكتورلۇق تەتقىقاتى ئوبيېكتى قىلىپ، شۈنخۇا ناھىيەسى ۋە غۇلجا ناھىيەلىرىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەردە بولغان. شۇ تەكشۈرۈشلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 2000 ـ يىلى شۇ يىنانىڭ «شىنجاڭ ـ چىڭخەي سالار تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى» دېگەن كىتابى نەشر قىلىندى[19]. بۇ كىتاب خەنزۇچە كۆپ ئىشلىتىدىغان سۆزلەر ئاساسىدا خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تىزىلىش تەرتىپى بويىچە چىڭخەي سالار تىلى، شىنجاڭدىكى سالارلارنىڭ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى قاتارلىقلار سېلىشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 6000 سۆز كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن چىڭخەيدىكى سالار تىلى، شىنجاڭدىكى سالار تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىدىكى پەرقلەرنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق تىللاردىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتتا بۇ ئەسەر ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. ئاپتور يەنە كىتابنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاخىرقى قىسمىدا سىلىشتۇرۇلغان سۆزلەرنى ئىستاتىستىكا قىلىپ، تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان سۆزلەرنى سۈزۈپ چىققان. 2004 - يىلى شۈ يىنا بىلەن ۋۇ خوڭۋېينىڭ «شىنجاڭ سالار تىلى» دېگەن كىتابى نەشر قىلىندى[20]. بۇ كىتاب شىنجاڭدىكى سالارلار ئىشلىتىۋاتقان تىلنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى بىرقەدەر مۇكەممەل تەسۋىرلەنگەن ۋە تەھلىل قىلىنغان كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا 1990 - يىللاردىن تارتىپ مەخسۇس سالار تىلىنى تەتقىقات يۆنىلىشى قىلغان تەتقىقاتچى. ئۇ ئىلمىزدىلا ئەمەس، خەلقئارادىمۇ سالار تىلى تەتقىقاتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرى. ئۇ كۆپ قېتىم چىڭخەي ئۆلكىسى شۈنخۇا سالار ئاپتونوم ناھىيەسىگە بېرىپ تىل تەكشۈرگەن ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئاساسىدا 1998 - يىلى «سالار تىلى تەتقىقاتى» تېمىسىدىكى دوكتورلۇق ماقالىسىنى تاماملىغان. ئۇ بۇ دوكتورلۇق ماقالىسىدە فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا قاتارلىق تەرەپلەردىن سالار تىلىنى تەسۋىرلىگەن ۋە تەھلىل قىلغان. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ سالار تىلىنىڭ فونېتىكىسى، لېكسىكىسى ۋە گىراماتىكىسى ھەققىدىكى كۆپلىگەن ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. بۇلاردىن سالار تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدىكى «سالار تىلى بىلەن تۈركمەن تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ـ سالار تىلى تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى توغرىسىدا»[21] ناملىق ماقالىسىدە، ئۆزى تەكشۈرۈپ توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساسىدا، ئوخشاش مەنبەگە ئىگە بولغان سالارچە ۋە تۈركمەنچە سۆزلەرنى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا قاتارلىق تەرەپلەردىن ئوخشاش نۇقتىسىنى تېپىپ، سىنخرونىك ۋە دىياخرونىك سىلىشتۇرغان. سالار تىلىنىڭ فونېتىكىسى ھەققىدىكى «سالار تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى»[22] ناملىق ماقالىسىدە، ئاپتور فونېما نەزەرىيەسىگە ئاساسەن، سالار تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نەپەسسىزلىنىشى، ئۇزۇن سوزۇق بولۇشى، بوغۇز تاۋۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرى، پەيدا بولۇپ قالغان ئۆتكۈنچى تاۋۇشلار توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. سالار تىلىنىڭ لېكسىكىسى ھەققىدىكى «سالار تىلى لېكسىكىسى ھەققىدە تەھلىل»[23] ناملىق ماقالىسىدە سالار تىلىنىڭ لېكسىكا سىستېمىسى بىلەن سالار تىلى ۋە قەدىمكى ۋە ھازىرقى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تىل سىستېمىسىنى ئۆزئارا سىلىشتۇرغان. «سالار تىلىدا ساقلىنىۋاتقان ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى قەدىمكى سۆزلەر»[24] ناملىق ماقالىسىدە، لېكسىكا نۇقتىسىدا تۇرۇپ سالار تىلى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئوخشاش سۆزلەرنى سىلىشتۇرۇلغان ھەمدە بۇ سۆزلەرنى مىساللار ئارقىلىق تەھلىل قىلغان، ئىزاھلىغان. سالار تىلىنىڭ مورفولوگىيەسى ھەققىدىكى «سالار تىلىدىكى سانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولى»[25] ناملىق ماقالىسىدە قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان سانلارنى تەسۋىرلەپ بەرگەن، ھەمدە سالار تىلىدىكى سانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلىتىلىشىنى ئىزاھلىغان. مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرى تىل ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسى» قاتارىدا سالار تىلىنىڭ تىل ماتېرىياللىرىنى تەييارلىغان ۋە 2010 - يىلى «سالار تىلىنىڭ تىل ماتېرىيالى توپلىمى» دېگەن نامدا نەشر قىلدۇرغان[26]. بۇ كىتابتا سالارلارنىڭ تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. ئاندىن سالار تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن. ئاپتور شۈنخۇا سالار ئاپتونوم ناھىيەسىدە تىل تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلىغان كۆپ قوللىنىلىدىغان جۈملىلەر، قىسقا جۈملىلەر، چۆچەكلەر، قوشاقلار، ماقال- تەمسىللەر، مۇراسىملاردا ئېيتىلىدىغان تەبرىك سۆزلىرى، كۈندىلىك ئالاقە سۆزلىرى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم ئۇزىتىش، دىنىي ئادەتلەر ھەققىدىكى بايانلار قاتارلىق تىل ماتېرىياللىرىدىن تاللاپ تۈزۈلگەن. بارلىق تېكىستلەر خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بىلەن بېرىلگەن، تېكىستلەر سۆز - مورفېملار بويىچە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن سىرت، تېكىستلەرنىڭ تولۇق خەنزۇچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. ئاخىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ لۇغىتى قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ ماتېرىياللار سالار تىلى

تەتقىقاتىدا مۇھىم ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، تىلشۇناس ئابدۇرېشىت ياقۇپ 1986 - يىلى غۇلجا شەھىرى غۇلجا ناھىيەسى سالارلار كەنتىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە ئىككىنچى قېتىم تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە يىغقان بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساسىدا 1997 - يىلى «شىنجاڭدىكى سالار تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا تەھلىل»[27] ناملىق ماقالىسىنى يازغان. بۇ ماقالىدە، شىنجاڭدىكى سالار تىلىنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسى شۈنخۇا سالار ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى سالارلار قوللىنىۋاتقان سالار تىلى بىلەن پەرقلىنىدىغان قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەن.

سالار مىللىتىدىن كېلىپ چىققان دوكتور ما ۋېي (يۇنۇس) بۇگۈنكى كۈندە سالار تىلى، مەدەنىيىتى ھەققىدە ھارماي ئىزدىنىۋاتقان ئوتتۇرا ياش ئاۋانگارت تەتقىقاتچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 2013 - يىلى «سالار تىلىنىڭ مورفولوگىيە تەتقىقاتى»[28] دېگەن دوكتورلۇق ماقالىسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئاپتور بۇ ماقالىدە كومرېنىڭ «گىرامماتىكىنى تەكشۈرۈش تەتقىقات قوللانمىسى»نى ئاساس قىلىپ، چىڭخەي ئۆلكىسى شۈنخۇا سالار ئاپتونوم ناھىيەسى گەيزى رايونىدىكى كۆپ قىسىم سالارلارنىڭ تىلىنى كونكرېت تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ، سالار تىلىنىڭ مورفولوگىيەسىنى دۇنيا تىللىرىنى تەكشۈرۈش رامكىسى ئىچىدە تەكشۈرۈشكە تىرىشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنئەنىۋى گىراممatikا تەتقىقاتىنىڭ، بولۇپمۇ تۈركىي تىللار تەتقىقاتىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، سالار تىلىنىڭ مورفولوگىيەسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلىگەن ۋە تەھلىل قىلغان. بۇ ئەسەر تۈركىي تىللارنى يېڭى تەتقىقات رامكىسىدا تەتقىق قىلىشنىڭ بىر ئۈلگىسىنى ياراتتى. ماۋېي يەنە «شۈنخۇا خەنزۇ تىلىدىكى "بولسا(是)" "بىلەن سالار تىلىدىكى " - سا\ - سە"نىڭ گىرامماتىكىلىق رولىنىڭ سېلىشتۇرمىسى»[29]، «سالار تىلىدىكى ئىگە ۋە تولدۇرغۇچى مەسىلىسى»[30]، «سالارلار مەدەنىيىتى ۋە سىپايە سۆزلەر»[31]، ما جيەنجۇڭ بىلەن بىرلىكتە يازغان «سالار تىلىنىڭ چەت ئەللەردىكى تەتقىقاتى»[32]، «سالار تىلىنىڭ تەھلىكىلىك ئەھۋالى ۋە سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەھلىل»[33]، «تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە سالار تىلىدىكى ئۆزگىرىش»[34]، «سالار تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ فونېتىكىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»[35]، «سالار تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان كاتېگورىيەسى»[36]، «سالار تىلىدىكى diu ۋە šu»[37] قاتارلىقلاركۆپلىگەن يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى دىڭ شىچىڭ بىلەن گو فېيفېي بىرلىكتە يازغان «سالارلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا - كەنتلەرنىڭ تىل - مەدەنىيىتى — چىڭخەي ئۆلكىسى شۈنخۇا ناھىيەسى جىشى بازىرى شىتوپو كەنتى مىسالىدا»، تاڭ خوگيەن يازغان «سالار يېزا - كەنتلىرىدىكى كۆپ خىل تىل ھادىسىسى ھەققىدە تەتقىقات — چىڭخەي ئۆلكىسى خۇالوڭ ناھىيەسى تاگسۇنگاڭ كەنتى مىسالىدا» ناملىق ماقالىلەردە دالا تەكشۈرۈشى ئاساسىدىكى ئېنىق ئىستاتىستىكىلار ئاساسىدا شۈنخۇا ناھىيەسى جىشى بازىرى شىتوپو كەنتىدىكى ۋە خۇالوڭ ناھىيەسى تاگسۇنگاڭ كەنتىدىكى سالارلارنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرى تەھلىل قىلىنغان[38].

2015 - يىلى شى شيۇسۇن «سالار تىلىنىڭ فونېتىكا تەتقىقاتى»[39] ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. ئاپتور بۇ كىتابتا سالار تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى سىستېمىلىق تەسۋىرلىگەن ۋە خاتىرىلىگەن. سالار تىلى توغرىسىدا سىنخرونىك ۋە دىياخرونىك سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارغان. سالار تىلىنىڭ باشقا تىللار بىلەن ئۇچرىشىشى، سالار تىلىنى ئىشلىتىش ئەھۋالى ھەققىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ يەنە «تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە تىل ئۆزگىرىشى - شۈنخۇا سالار ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى سالار تىلى ئاساسىدا» ناملىق ماقالىسىدە، خەنزۇ تىلىنىڭ سالار تىلىغا بولغان تەسىرى ۋە سالار تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە

گىراماتىكىسىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى بايان قىلىنغان[40].

ئومۇمەن، ئۇزۇندىن بۇيان يېزىقسىز قېلىش سەۋەبىدىن تەھلىكە ئاستىدا قالغان تىللار قاتارىدا سالار تىلىنى جىددىي تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش، قۇتقۇزۇش، ئارخىپلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەش زۆرۈر بولماقتا. خوشاللىنارلىق يېرى، نۆۋەتتە ئىلىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان «جۇڭگونىڭ تىل بايلىقىنى قوغداش قۇرۇلۇشى»نىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە سالار تىلىنى زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن خاتىرىلەپ ئارخىپلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەنمەكتە.

چەت ئەللەردىكى سالار تىلى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئىلمىزدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئىلمىزدىكى تەتقىقاتلارنىڭ تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن كەڭلىكىنى بايقايمىز. ئىلمىز تەتقىقاتچىلىرى ئىچىدە ئانا تىلى سالار تىلى بولغان خەن جيەنيې، ماۋېي قاتارلىق تىلشۇناسلارمۇ ۋە خەنزۇ، ئۇيغۇر تىلشۇناسلارمۇ بار. ئۇلار تىل تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش جەھەتلەردە قولايلىق پۇرسەتلەرگە ئىگە بولغاچقا، تىل تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا پاكىتلىرى كۈچلۈك، نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالىلەرنى، ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. چەت ئەللىك تىلشۇناسلار تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى ۋە تەتقىقات مېتودى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى كاتتا ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان. ئومۇمەن بۇ تەتقىقاتلار سالار تىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش، سالار تىلىنى قوغداش جەھەتلەردە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## ئىزاھلار:


[1] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 : 78.

[2] 新疆伊宁县的撒拉族[C]. 新疆地方志通讯,1988(3 - 4):42 - 44.

[3] 舍秀存. 撒拉语语音研究[M]. 上海大学出版社,2015:4.

[4] 林莲云. 撒拉语简志[M]. 民族出版社,1985.

[5] 林莲云. 撒拉汉 - 汉撒拉词典[Z]. 四川民族出版社, 1992.

[6] 林莲云. 撒拉语裕固语分类问题质疑[J]. 民族语文, 1979(3):182 - 190.

[7] 林莲云. 撒拉语的语音特点[J]. 民族语文, 1986(6):47 - 55.

[8] 林莲云. 撒拉语话语材料[J]. 民族语文, 1986(4):71 - 81.

[9] 韩建业. 撒拉语词法概述[J]. 青海民族研究, 1989(1):67 - 89.

[10] 韩建业. 从文献资料看撒拉语的发展变化[J]. 西北民族研,1989(2):173 - 182.

[11] 韩建业. 撒拉语动词简述[J]. 青海民族研究, 1990(1):39 - 58.

[12] 韩建业. 撒拉语与汉语语法结构特点之比较[J]. 青海民族学院学报,1990(1):57 - 60.

[13] 韩建业. 撒拉语词组和句子的结构方式[J]. 青海民族研究, 1990(2):58 - 74.

[14] 韩建业. 《土尔克杂学》词汇选释[J]. 青海民族研究,1993(4):667 - 1.

[15] 韩建业. 青海民族语地名的语言结构特征[J]. 青海民族学院学报,1999(4):118 - 123.

[16] 韩建业. 撒拉族语言文化论[M]. 青海人民出版社, 2004.

[17] 韩建业. 韩建业民族语言文化研究文集[M]. 青海人民出版社, 2008.

[18] 韩建业. 撒维汉词典[Z]. 民族出版社, 2010.

[19] 许伊娜. 新疆 - 青海撒拉语维吾尔语词汇比较[Z]. 新疆大学出版社,2000.

[20] 许伊娜、吴宏伟. 新疆撒拉语[M]. 新疆大学出版社,2005.

[21] 米娜瓦尔•艾比布拉. 撒拉语与土库曼语的关系——兼论撒拉语发展简史[J]. 中央民族大学学报, 2000(3):119 – 124.

[22] 米娜瓦尔•艾比布拉. 撒拉语元音的特点[J]. 民族语文, 2005(6):49 – 52.

[23] 米娜瓦尔•艾比布拉. 撒拉语词汇探析[J]. 民族语文, 2002(1):45 – 54.

[24] 米娜瓦尔•艾比布拉. 撒拉语中保留的<突厥语大词典>古词语[J]. 民族语文,2009(4):65 – 71.

[25] 米娜瓦尔•艾比布拉. 撒拉语数词的特点及功能[J]. 暨南学报（哲学社会科学版）, 2010(4):103 – 106.

[26] 米娜瓦尔•艾比布拉. 撒拉语话语材料集[M]. 中央民族大学出版社，2010.

[27] 阿不都热西提•亚库甫. 新疆撒拉语特点试析[J]. 新疆大学学报:社会科学版,1997(1):93 – 97.

[28] 马伟. 撒拉语形态研究[D]. 中央民族大学, 2013.

[29] 马伟. 循化汉语的"是"与撒拉语"sa/se"语法功能比较[J]. 青海民族研究, 1994(3):69 – 75.

[30] 马伟. 撒拉语的主语宾语问题[J]. 青海民族研究,1995(2):59 – 64.

[31] 马伟. 撒拉族文化与委婉语[J]. 语言与翻译, 2001(3):74 – 77.

[32] 马建忠、马伟. 撒拉族研究在国外[J]. 青海民族研究,2005(3):47 – 49.

[33] 马伟. 撒拉语的濒危状况及原因分析[J]. 青海民族研究,2009(1):39 – 5.0

[34] 马伟. 语言接触与撒拉语的变化[J]. 青海民族研究,2009(3):29 - 35.

[35] 马伟. 撒拉语和土耳其语语音对比研究[J]. 青海民族研究,2012(1):45 – 52.

[36] 马伟. 撒拉语动词传据范畴研究[J]. 青海民族研究,2013(2):131 – 136.

[37] 马伟. 撒拉语的diu和šu [J]. 青海民族研究,2014(2):69 - 73.

[38] 丁石庆、郭菲菲. 谈撒拉族聚居村落的语言文化——以青海省循化县积石镇石头破村为例[J]. 青海民族大学学报,2014(2):74 - 80.

[39] 舍秀存. 撒拉语语音研究[M]. 上海大学出版社,2015.

[40] 舍秀存. 语言接触与语言变化——以循化撒拉语为例[J]. 青海民族大学学报,2015(4).

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 10 ـ 043 ـ 02(2017) 5878 ـ 1005

# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي يولى ئۈستىدە مۇلاھىزە*

نەجمىدىن يۈسۈپ

(قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** پارتىيە پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيە قۇرۇلۇشىدا رىئايە قىلىدىغان، شۇنداقلا پارتىيە ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا چوقۇم چىڭ تۇرىدىغان ئاساسىي قانۇنىيەت. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ۋە پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيەمىزنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرى ۋە ئومۇمىيلىق ئېڭىنى تولۇق ئىپادىلىدى. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ــ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپكى كاپالىتىدۇر.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش؛ ئىستىل قۇرۇلۇشى؛ ھاللىق جەمئىيەت

## 浅析全面从严治党的基本途径

乃吉米丁 · 玉素甫

**摘要：**党要管党，从严治党是新的历史条件下党的建设遵循的基本规律，也是中国共产党长期执政必须坚持的基本原则。十八大以来，党中央提出全面建成小康社会，全面深化改革，全面依法治国，全面从严治党的“四个全面”发展战略，充分体现了党的战略思维和全局意识。全面从严治党是全面建成小康社会，全面深化改革，全面依法治国的根本保证。

**关键词：**全面从严治党；作风建设；小康社会

**Abstract:** The policy of self-discipline and strictly governing the Party is the basic law that CCP must obey in order to fit the new era's requirement and to be in power of long term governing. Since the 18th national congress of CCP, the central government has presented "The Four Overalls" policy which includes overall activation of modern society, overall deepen reformation, overall governed by law and overall strictly governing the Party. This policy fully embodied CCP's strategic thinking and overall awareness. Therefore, the policy of strictly governing the Party is the fundamental guarantee for other three policies.

**Keywords:** the policy of overall strictly governing the Party; discipline development; modern society

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** D26　　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

پارتىيە پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنىڭ بېكىتىلىشىدىن پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغىچە، پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ماھىيەتلىك تەلپىگە لايىقلىشىپ،

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** نەجمىدىن يۈسۈپ( 1972 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سىستېمىلىقى ۋە ئىلمىيلىكىنى گەۋدىلەندۈردى. دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى چوقۇم قاتتىق ئىدارە قىلىش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پەقەت پارتىيە پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ يەنە پارتىيەنىڭ دەۋرنىڭ خىرىسلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرىدۇر. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى بولۇپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي مەنىسى، دەۋر ئەھمىيىتى ۋە ئاساسىي يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىشىغا پايدىلىق.

## 1. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

2012 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن بىللە جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە پارتىيە پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئۆزىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىش، خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، پارتىيەنى باشتىن ـ ئاخىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇرۇش»[1]، دەپ كۆرسەتتى. بۇ يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەركەز رەھبەرلىك كوللېكتىپى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تۇنجى قېتىم پارتىيە پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنى بايان قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بايان پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا، ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش، شۇ ئارقىلىق پارتىيەنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىشنى گەۋدىلەندۈردى. 2013 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ: «پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە، پارتىيە پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش، پارتىيەنىڭ ئىدىيە قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك»[2]، دەپ كۆرسەتتى. بۇ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. 2014 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنىدا: «پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك»، دەپ تەكىتلىدى ھەم پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشقا قارىتا، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە قۇرۇش بىلەن تۈزۈم جەھەتتە پارتىيەنى ئىدارە قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرۇش، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى چىڭىتىش، كادىرلارنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئىستىلنى داۋاملىق ئۆزگەرتىش، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش، خەلقنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇش قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەش[3] تىن ئىبارەت سەككىز تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنىڭ مۇكەممەل ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشىدۇر. 2014 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جياڭسۇدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا: «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ۋە پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك»[4]، دەپ كۆرسەتتى. بۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. 2015 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ تۇنجى قېتىم «تۆت ئومۇميۈزلۈك»نى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى قىلىپ بېكىتتى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئومۇمىيلىقىدىن چىقىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ۋە پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شەكىللەندۈردى»[5]. بۇ بايان پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق باشقۇرۇشنى پارتىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى گەۋدىلەندۈردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆپ قېتىملىق پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى بەش تەرەپتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش پارتىيەنىڭ ئىدىيە قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى قاتارلىق پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى قاپلىغان بولۇپ، بەش تەرەپ بىر گەۋدىلەشكەن بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇ ئارقىلىق پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىككىنچى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنى مەركەزنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قاپلاش سۈپىتى مەركەز، يەرلىك، ئاساسىي قاتلام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۈچ تەرەپنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھېچقانداق بوشلۇق قالدۇرماسلىققا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاقىتتىن قارىغاندا، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇ دۇچ كەلگەن مۇھىتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ۋەزىپىنىڭ مۈشكۈللۈكىنى، داۋاملىشىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

تۆتىنچى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يولغا قويۇلۇش شەكلىدىن قارىغاندا، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ھەم پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ

سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى تەكىتلەپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا قارىتا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ ھەم تۈزۈمنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ.

بەشىنچى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئىجرا قىلىش سالمىقىدىن قارىغاندا، پارتىيە پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇش ئىرادىمىز مىسلىسىز بولۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ھەم پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى كەسكىن قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم پوزىتسىيەدە قاتتىق بولۇپ چىرىكلىكنى جازالايدۇ.

## 2. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنىڭ دەۋر ئەھمىيىتى

پارتىيە پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش پارتىيەنىڭ ئىزچىل ئەنئەنىسى. پارتىيە ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى، دۇنيا ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا قارىتا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر قويۇلدى، پەقەت پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلاپ، پارتىيەنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتكىلى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلگە ئېشىشىغا، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش — پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلاشنىڭ جىددىي تەلىپى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى. پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى بولسا ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ ماھىيەتلىك خاسلىقى، شۇنداقلا ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ ھاياتى كۈچى. پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى پارتىيەنىڭ باشتىن - ئاخىرى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى تارىخىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئابستراكت ئەمەس. پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلاش پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلاردا ساقلىنىۋاتقان باش مەقسەت ئېڭى سۇسلاش، ئاممىدىن ئايرىلىپ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشىنى ساقلايدۇ، شۇنداقلا پارتىيەنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ھاياتى كۈچىنى ساقلايدۇ. «بىزنىڭ پارتىيەمىز خەلقتىن كەلگەن، خەلق ئىچىدە يىلتىز تارتىدۇ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پارتىيەنىڭ ئاساسى خەلق ئىچىدە، قان تومۇرى خەلق ئىچىدە، كۈچى خەلق ئىچىدە. خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالسا، پارتىيەنىڭ ئىشلىرىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ»[6]. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، چىرىكلىكنى قاتتىق جازالاش، تاماق ئۈستىلىدىكى چىرىكلىكنى تۈگىتىش خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك؛ ھەم چىرىكلىكنى جازالاشنىڭ يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاش، چىرىكلىكنى تۈزەشنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، چىرىكلىكنى تۈزەش ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلاش كېرەك.

ئىككىنچى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش — ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ «گۈللىنىش يولى» كۆرگەزمىسىنى زىيارەت قىلغاندا: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانغا 100 يىل

بولغاندا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ»[7]، دەپ كۆرسەتتى. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا، چوقۇم جۇڭگو يولىدا مېڭىش، تەرەققىيات مېۋىسىدىن خەلق ئاممىسى ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق قوزغاش كېرەك. پەقەت پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلغاندىلا، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ جۇڭگو يولىدا قەتئىي مېڭىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى نەزەرىيەۋى قوللاش بىلەن تەمىنلىگىلى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھاللىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات مېۋىسىدىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق تونۇشىنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ توپلىغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش — ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئىچكى تەلىپى. باش شۇجى شى جىنپىڭ: «نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مۇھىتتا ئىنتايىن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولماقتا، بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز بىر قاتار زىددىيەت ۋە خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا يەنە ئاز بولمىغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر مەۋجۇت»[8]، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە تەكىتلەپ: «مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە مۈشكۈل ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتىگە يۈزلىنىشتە، چوقۇم پارتىيە پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك»[9]، دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا نۆۋەتتە، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئارقىلىق، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش جىددىي ۋەزىپە بولماقتا.

ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، سىياسىي تۈزۈلمە، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ۋە ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتە: دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يېڭى نورمال ھالەتكە قەدەم قويدى، ئىلگىرىكى مۇھىتنى قۇربان قىلىدىغان يىرىك تىپتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئەمدى داۋاملىق يولغا قويۇشقا بولمايدۇ، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، بىر تۈركۈم يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپىياتلىق، يۇقىرى بۇلغىمىلىق كەسىپلەرنى شاللاش، يۇقىرى، نەپ، نازۇك ساھەلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلىش كېرەك؛ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتە: ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىش، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى قويۇۋېتىش، باشقۇرۇش تىپىدىكى ھۆكۈمەتتىن مۇلازىمەت تىپىدىكى ھۆكۈمەتكە بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتە: ئاساسىي مېلودىيە ۋە ئاكتىپ ئېنېرگىيە تارقىتىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەتكە دائىر ئەسەرلەر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە موھتاج، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىلغار مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش، دۆلەتنىڭ يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىش تەخىرسىز مەسىلە؛ ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتە: كۆپ مەنبەلەشكەن جەمئىيەت تۈزۈلمىسى شەكىللىنىپ بولدى، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى كۈرەش تېخىمۇ كەسكىن بولماقتا، بۇ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇش، جۇڭگو ئاۋازىنى ياخشى تارقىتىشقا

موھتاج؛ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى جەھەتتە: ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، بايلىق تېجەش، مۇھىت ئاسراش تېپىدىكى تەرەققىيات قارىشىنى تىكلەش، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش، تەبىئەتنى قوغداش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ۋەزىپە ئىنتايىن مۈشكۈل بولۇپ، ئۇ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا قارىتا يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا. ئىسلاھات، تەرەققىياتتا چوڭ خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقماسلىقىغا، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتا، چوقۇم سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش — دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نىشاننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى يېڭى تارىخىي شارائىتتا، پارتىيەنىڭ ئىلمىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. «دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ۋە قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، قىلچە ئىككىلەنمەي جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇننىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداش، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش، ئىجتىمائىي ئادىللىق ۋە ھەققانىيەتنى قوغداش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش دېمەكتۇر»[10]. دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىچكى تەلىپى. «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش كېرەك؛ قانۇن ئارقىلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە، ئاچقۇچ — ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە»[11].

دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا، ئالدى بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى قانۇن - بەلگىلىمە، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى قانۇن - بەلگىلىمىلەر، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ تۈزۈم كاپالىتى ھەم قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن بەلگىلىمە ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. پارتىيە ئىنتىزامى دۆلەت قانۇنىدىن قاتتىق، پارتىيەنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى پەقەت دۆلەت قانۇنىغا رىئايە قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە پارتىيە بەلگىلىمىسى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى ئارقىلىق ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك.

## 3. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي پىكىر يولى

يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن يېڭى سىناقلارنى ئېلىپ كەلدى، پارتىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم كادىرلاردا ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش، مەيدانى مۇستەھكەم بولماسلىق، ئېتىقاد سۇسلاش، ئىقتىدار يېتەرلىك

www.uyghurkitap.com



بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر خېلىلا ئېغىر بولۇپ، بۇ خىل خاھىش پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش ۋەزىيىتىنى كەسكىنلەشتۈرمەكتە. شۇڭا پارتىيە پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى بىر دەقىقىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

بىرىنچى، ئىدىيەدە پارتىيە قۇرۇش بىلەن تۈزۈمدە پارتىيەنى ئىدارە قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئۈزۈكسىز تەربىيە ئارقىلىق پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيەدە پارتىيەگە كىرىش ئېڭىنى ئومۇمىيۈزلۈك يېتىلدۈرۈشكە مۇھتاج. پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيەدە پارتىيەگە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، پارتىيەلىك كادىرلارغا بولغان پارتىيەۋىلىك تەربىيەسى بىلەن ئەخلاق تەربىيەسىنى تەڭ كۈچەيتىش كېرەك. چۈنكى پارتىيەۋىلىك تەربىيەسى ئارقىلىق پارتىيەلىك كادىرلار كوممۇنىستلارنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئېنىق تونۇپ يېتەلەيدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق زىممىسىگە ئالالايدۇ، شۇ ئارقىلىق پارتىيەنىڭ باشتىن - ئاخىرى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئەخلاق تەربىيەسى ئارقىلىق جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرغىلى، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ تارىخىي شەخسلەردىن ئۆگىنىش كەيپىياتى، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق پارتىيەلىك كادىرلاردا تۆھپە قوشۇشقا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، قۇربان بېرىشكە جۈرئەت قىلىدىغان، دۆلەت مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان ئەخلاق مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. تۈزۈم ساغلام بولمىسا، ھوقۇققا چەك قويۇش بولمىسا، چىرىكلىك ھادىسىسىنى كونترول قىلماق تەس. دۆلىتىمىز نۆۋەتتە، چىرىكلىشەلمەيدىغان كاپالەت مېخانىزمى، چىرىكلىشىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان جازالاش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشكە مۇھتاج. تۈزۈمنى مۇكەممەلەشتۈرۈشتە، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈمنىڭ ئۈنۈملۈك، نوپۇزلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا، پارتىيە تەشكىلىنىڭ كونكرېت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سۈبيېكتلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ سۈبيېكتلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشتە مەركىزىي پارتىيە تەشكىلاتى، يەرلىك تەشكىلاتلار، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئېنىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا، سۈبيېكتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە مەركىزىي تەشكىلات پارتىيەنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىغا ۋە پارتىيە تۈزگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ يەرلىك تەشكىلاتلار ھەم مەركەزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆز ئەينى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ھەم ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشى كېرەك؛ پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بىر تەرەپتىن، مەركەزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە يەرلىكنىڭ زور تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىغا پارتىيە ئىنتىزامىنى سەۋرچانلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ئېڭىنى مۇجەسسەملىشى، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارغا بولغان تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىشى، ئىنتىزامنى ياخشى ئىجرا قىلىشى، مەسئۇلىيەتنى ياخشى سۈرۈشتە قىلىشى، ئۆتكەلنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك[12].

ئۈچىنچى، ئىستىلنى داۋاملىق ياخشىلاش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشنى دائىمىيلاشتۇرۇش كېرەك.

پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا، ئىستىلنى داۋاملىق ياخشىلاپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشىنى دائىمىلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. بىر قىسىم پارتىيەلىك كادىرلاردىكى خەلقنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت ئېڭى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت باش مەقسەت ئېڭىنىڭ كەمچىللىكى شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىق، راھەتپەرەسلىك ۋە ئىسراپخورلۇقنىڭ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىۋى ئىستىلىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. پارتىيەمىز تارىختىن بۇيان پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئىستىل مەسىلىسىنى پارتىيەنىڭ ئاساسلىق مەسىلىسى قاتارىدا تۇتۇپ كەلدى، ئاممىۋى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىدىمۇ ـ يوق؟ ئاممىغا تاياندىمۇ ـ يوق؟ ئاممىۋى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىمۇ ـ يوق؟ دېگەننى پارتىيەنىڭ ئاساسىي خىزمەت پىرىنسىپى قىلىپ كەلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ: «خىزمەت ئىستىلىدىكى مەسىلىلەر ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس، ئەگەر ناچار كەيپىياتنى قەتئىي تۈزەتمىسەك، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويساق، پارتىيەمىز خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، نەتىجىدە، پارتىيەمىز ئاساسىنى يوقىتىپ قويىدۇ، قان تومۇرنى يوقىتىپ قويىدۇ، كۈچنى يوقىتىپ قويىدۇ»[13]، دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، ئاممىۋى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشنى دائىمىلاشتۇرۇش، «سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمە»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچى، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، چىرىكلىكنى قاتتىق جازالاش كېرەك. پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىشتا، ئالدى بىلەن، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى چىڭىتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى پارتىيەنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنىڭ كاپالىتى بولۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى چىڭىتىش پارتىيەلىك كادىرلاردىن مەيدان، يۆنىلىش جەھەتتە پارتىيە بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى چىڭىتىش يەنە پارتىيەلىك كادىرلاردىن مەركەزنىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق قوغداش، مەركەزنىڭ سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ پارتىيەلىك كادىرلار مەركەز بىلەن پىكىردە بىردەك بولۇشى، مەركەزنىڭ قارارلىرىغا قارىتا ئوخشىمىغان قاراشتا بولسا، مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىنى چىڭىتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىنى چىڭىتىشتا، پارتىيەنىڭ دېموكراتىيە ــ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىك بىلەن شەخسىي ئىش تەقسىماتىدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىنى چىڭىتىش پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى بەلگىلىمە بويىچە قانات يايدۇرۇشنى، پارتىيەنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بەشىنچى، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش، كادىرلارنى قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك. «قوش 100 يىل» ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پارتىيەنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇرۇشتىكى ئاچقۇچ ــ كادىرلاردا، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى ئاچقۇچ ــ كادىرلارنى قاتتىق باشقۇرۇشتا[14]. كادىرلار پارتىيەنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك، كادىرلار ئىستىلىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ۋە پارتىيەنىڭ ئىناۋىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش، كادىرلارنى قاتتىق باشقۇرۇشتا، ئالدى بىلەن، رەھبىرىي كادىرلارنى قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇلار

ئىنتايىن چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىگەن، رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان باشقۇرۇشنىڭ قېلىپلاشماسلىقى ئادەتتىكى كادىرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ زور ئىشلارنى دوكلات قىلىش تۈزۈمى، خىزمەت دوكلاتى تۈزۈمى، پاكلىق دوكلاتى تۈزۈمى، رېۋىزىيە تۈزۈمى ۋە مالىيەنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىمۇ قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئامما بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىدۇ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىستىلىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىغا ئوخشاشلا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قىسقىسى، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيەنى كۈچەيتىپ، توغرا يېتەكلەپ، غايە ۋە ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەش، كوممۇنىستلارنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ھەم ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ھوقۇقنى جايىدا ئىشلىتىش ھەم مەسىلىلەرنى ئويلىغاندا، ئىگىلىك تىكلىگەندە، ئىش قىلغاندا ئەمەلىيەتچىل بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك[15]. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كادىرلارغا بولغان نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. كۆزەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەركەز، ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ كۆزەتچىلىك بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش، شەھەر - ناھىيەلەردىكى كادىرلارغا بولغان كۆزەتچىلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرزىيەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم.

## ئىزاھلار:


[1] «پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانما»[M]. مەركىزىي ھۆججەتلەر نەشرىياتى، 2014 : 70.

[2] «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 - قۇرۇلتاي 2 - ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى توغرىسىدا دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى»[N]. «خەلق گېزىتى»، 2013 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى سانى.

[3] شى جىنپىڭ: «پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنىدا قىلغان سۆز»[N]. «خەلق گېزىتى»، 2014 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى سانى.

[4] شى جىنپىڭ: «ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى نورمال ھالىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلەپ ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرەيلى»[N]. «خەلق گېزىتى»، 2014 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانى.

[5] شى جىنپىڭ: «رەھبىرىي كادىرلار قانۇنغا ھۆرمەت قىلىدىغان، قانۇننى ئۆگىنىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇننى ئىشلىتىدىغان نەمۇنىچىلاردىن بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرەيلى»[N]. «خەلق گېزىتى»، 2015 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانى.

[6] «18 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانما»[M]. مەركىزى ھۆججەتلەر نەشرىياتى، 309:2014.

[7] «18 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانما»[M]. مەركىزى ھۆججەتلەر نەشرىياتى، 2014: 84.

[8]. «شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىدىيەسى توغرىسىدا»[M]. چەت ئەل يېزىقى نەشرىياتى، 2014 : 71.

[9] شى جىنپىڭ: «دۆلىتىمىز تارىخىدىكى مۇنەۋۋەر پاكلىق مەدەنىيىتىدىن ئاكتىپ ئۈرنەك ئېلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرەيلى»[N]. «خەلق گېزىتى»، 2013 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى سانى.

[10] «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»[N]. «خەلق گېزىتى»، 2014 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى سانى.

[11] شى جىنپىڭ: «پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارىنى چۈشەندۈرۈش»[N]. «خەلق گېزىتى»، 2014 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى سانى.

[12] «شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىدىيەسى توغرىسىدا»[J]. چەت ئەل يېزىقى نەشرىياتى، 2014: 387.

[13] «شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىدىيەسى توغرىسىدا»[J]. چەت ئەل يېزىقى نەشرىياتى، 2014: 387.

[14] «18 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانما»[J]. مەركىزى ھۆججەتلەر نەشرىياتى، 2014: 350.

[15] «شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىدىيەسى توغرىسىدا»[J]. چەت ئەل يېزىقى نەشرىياتى، 2014: 720.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2017)02 - 053 - 04

# جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسى بىلەن «جۇڭگو ئارزۇسى»نىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا*

غالىپ تىلىۋالدى

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** زامانىۋى تەرەققىيات ۋە دۆلەت ئەھۋالىغا ماس بولغان «جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش» تۈزۈلمىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭىچە ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسى بولۇپ، ئۇ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە تامامەن ماس كېلىدۇ. شۇنداقلا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنىڭ سىياسىي ۋە تۈزۈلمە جەھەتتىكى كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە، «جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش» تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنىڭ «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى پايدىلىق تەرەپلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسى؛ «جۇڭگو ئارزۇسى» ؛ پايدىلىق شارائىت

## 浅论社会治理体制与《中国梦》的关系

阿里甫 · 提力瓦力地·

**摘要:** 适应现代化发展和国家情况的《社会治理》体制，是符合中国特色社会主义建设，联系社会建设理论与实际的新治理体制，它完全符合基本国家情况和社会主义制度。同时，也是实现中国各族人民长期以来实现《中国梦》的政治和体制保障。这篇文章论述了《社会治理》体制与《中国梦》的有利条件。

**关键词:** 社会治理体制; 《中国梦》; 有利条件

**Abstract:** The social governance is one of the up to date policy which enables Chinese socialist construction by law and links between theory with reality on social construction. It mainly fits China's socialist system and can be seen as political guarantee for "China's Dream". This paper discusses the system of social governance and its advantage to accomplish "China's Dream".

**Keywords:** social governance policy; "China's Dream"; advantage

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D63    ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

«جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش» تۈزۈلمىسى «جەمئىيەتنى باشقۇرۇش» تۈزۈلمىسىگە سېلىشتۇرغاندا دەۋر تەرەققىيات تەلىپىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشقان زامانىۋى تۈزۈلمە ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشىنىڭ يېڭىچە ئىلگىرىلىشى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىدە يېڭىلىق ياراتقانلىق ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى بىلەن سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ بىر توغرا ھۆكۈم بولۇپ، جەمئىيەتنى يېڭىچە ئىدارە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي مەۋقە. بۇ پارتىيە رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى-ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ھە راۋاجلاندۇرۇشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسىي تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداش؛ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ

*بۇ ماقالە 2016 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** غالىپ تىلىۋالدى (1966 - يىلى تۇغۇلغان) لېكتور، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇش ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق ئىشقا سېلىش؛ ئىجتىمائىي ئىناقلىقنى قوغداپ، خەلق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش؛ ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولغان جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغاش، ئىناق، تەرتىپلىك بولۇش؛ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىش ئاددىي ئىپادىلەنگەن بىر جۈملە سۆز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىش ئەمەلىيەتتە ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىش، سۇبيېكتتا يېڭىلىق يارىتىش، سىستېمىدا يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش، مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىش، ئىقتىداردا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىشتا بىرقەدەر كەڭ، ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل بولغان ئەندىزە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

بىرىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى «ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇش»نى «ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش» قا ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يەنى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئابرۇيى ۋە نوپۇزىنى تىكلەش، ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى بىلەن مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى تەڭ كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلىدىغان، قوللايدىغان ھەم رازى بولىدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئىككىنچى، ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىش. ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، بارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولى ھەم ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .

ئۈچىنچى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش. يەنى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاممىنى بىۋاسىتە ئىدارە قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىش، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش فۇنكسىيەسىنى ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاممىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشتىكى ئاساس بولۇش رولىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

تۆتىنچى، قانۇن ئىدارە قىلىش. قانۇننى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇننىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ، ھەممىدە قانۇننى ئاساس قىلىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش، يەنى قانۇن ئىدارە قىلىدىغان جەمئىيەت قۇرۇپ ھەم ئۇنى كۈچەيتىپ، قانۇننىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بەشىنچى، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ئومۇمىي خەلقنى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، ئەخلاقنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. يەنى ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەخلاق- پەزىلەتنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشىدىكى يېتەكلەش رولىنى يۈكسەك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەخلاق قۇرۇلۇشى جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ساغلام سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

دۆلەتنىڭ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ناھايىتى مۇرەككەپ، مۈشكۈل ھەم ئۇزۇن مۇددەتلىك سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا. جەمئىيەت تىنچ، پاراۋان بولغان ۋە زامانىۋىلاشقاندىلا، ئاندىن «جۇڭگو

www.uyghurkitap.com



ئارزۇسى» نى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. «جۇڭگو ئارزۇسى» كىشىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىدىغان مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ

باش شۇجى شى جىنپىڭ «جۇڭگو ئارزۇسى» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتا، «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى»، «جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش كېرەك»، دەپ كۆرسەتتى. بۇ پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى يېتەكلەپ كەلگۈسىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈردى.

«جۇڭگو ئارزۇسى» كىشىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىدىغان مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. ئۇنىڭغا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى نەچچە ئەۋلاد جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇراد-مەقسەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى توغرا يول. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ توغرا، ئەڭ ئاقىلانە، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، مىللەتنىڭ تەقدىرى، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان پارلاق يول. تارىخىي ئەمەلىيەت بۇ يولنىڭ ئىلگىرىلەش يولى، شۇنداقلا ھازىرقى جۇڭگونى تەرەققىي قىلغان، كۈچەيگەن، زورايغان، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردىكى زامانىۋى، باي، قۇدرەتلىك، تەسىرى كۈچلۈك ئۇلۇغ دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ توغرا يولى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئىككىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى يېتەكلەيدىغان، ئۇلارنىڭ گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان توغرا يول. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلىپ، ھەممىدە باشتىن-ئاياغ خەلققە تايىنىش، خەلققە ئىشىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى بەھرىمەن قىلىش خەلقنى بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرىدۇ. خەلقنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، چاقىرىق كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىدۇ. بۈگۈنكى جۇڭگودا «جۇڭگو ئارزۇسى»نى پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا ماڭغاندىلا ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ئارقىلىقلا خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان توغرا يول. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئىلمىي، ئىناق، سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىرىسلارغا ئۇتۇقلۇق تاقابىل تۇرۇشىغا، تۈرلۈك سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشىگە كاپالەتلىك قىلدى، ئورتاق غايە، ئېتىقاد ۋە قىممەت سىستېمىسى ئارقىلىق پۈتكۈل خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلارغا يېتەكلىدى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەرەققىيات قىزغىنلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىدىكى سۇبيېكت بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ

بەردى.

## 3. جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسى «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى

جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈزۈلمە جەھەتتىكى كاپالىتى بولۇپ، ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پايدىلىق مۇھىت بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەم سىياسەت جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىدە يېتەكچىلىك يارىتىش ئەمەلىيەتتە «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ھەم ئالدىنقى شەرتى. ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەش جەھەتتىكى فۇنكسىيەلىك رولىنى كۈچەيتىپ، كونكرېت ئىشلاردا بىردەك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى مەركەز قىلىپ، پۈتكۈل خەلق ئاممىسىنى مەركىزىي كومىتېت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى كەڭ ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

قىسقىسى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىدە يېتەكچىلىك يارىتىش ئەمەلىيەتتە «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى. ئۇ بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېتەكچىلىك يارىتىشنى كەڭ ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### پايدىلانمىلار:


1. «قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك جۇڭگو قۇرايلى»[J]. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ژۇرنىلىنىڭ ئوبزورچە ماقالىسى، 2014(6).
2. ئابدۇقېيۇم ئابدۇسالام: «يېتەكچىلىك يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى بەرپا قىلىش كېرەك» [J]. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، 2014(6).
3. ئىمىنقارى قېيۇم: «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە[J]. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، 2014(2).


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

www.uyghurkitap.com

38 ـ يىللىق 2 ـ سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 38 卷第 2 期
2017 ـ يىلى 6 ـ ئاي　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2017 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 09 ـ 057 ـ 02(2017) 5878 ـ 1005

# تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزە(2)*

شېرىن قۇربان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەجدادلار ياراتقان مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ تارىخى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مۇھىم كۆرۈنۈشى ياكى ئىزنا ـ بەلگىسىدۇر. مەدەنىيەت مىراسلىرى يەنە ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ خاراكتېرى، مەۋجۇت شەكىللىرى، قىممىتى ۋە فۇنكسىيەسى ئوخشاشمايدۇ. غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى خاراكتېرى جەھەتتە تارىخىيلىقتا، سەنئەتلىكتە، ئىلمىيلىكتە ۋە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە تاجىكلار غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ھازىرقى قوغدىلىش ئەھۋالى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە بۇ توغرۇلۇق تەكلىپ ـ تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى؛ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر؛ تەكلىپ ۋە تەدبىرلەر

**塔吉克族非物质文化遗产保护探索与思考(二)**

西仁 · 库尔班

**摘要：** 文化遗产是前人创造的文化或文化产物，是一个国家和民族历史文化成就的标志。文化遗产分为非物质文化遗产和物质文化遗产。这两种文化遗产的性质、价值和功能不同。非物质文化遗产以其历史性、艺术性、科学性等具有很高的价值。本文以非物质文化遗产的定义、性质、特点和分类等基本理论为依据对塔吉克族非物质文化进行论述并提出个人的见解。

**关键词：** 塔吉克族非物质文化遗产；存在的问题；建议与对策

**Abstract:** The cultural heritage is a historical achievement and cultural icon formed by antecessors. It is usually divided into tangible and intangible cultural heritages. These two kinds of cultural heritages are varied by nature, value and functions. Using definition, character, feature and categorization of intangible cultural heritage as its basic theory, this paper discusses Tajik's intangible cultural heritages.

**Keywords:** Tajik; intangible cultural heritage; open problems; suggestion and countermeasure

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C95؛ G122　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

(بېشى 1 ـ ساندا)

## 6. تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا ـ قوشاقلىرى

تاجىكلار مول شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە، مەيلى تاجىك خەلق شېئىرىيىتى بولسۇن ۋە ياكى تاجىك يازما شېئىرىيىتى بولسۇن، ئۇلاردا رەڭگارەڭ شېئىرىي ئەندىزە ۋە شەكىللەر بار. بۇ يەردە ئاساسەن ئېلىمىز تاجىك شېئىرىيەت شەكىللىرى بولغان مەسنەۋى، غەزەل، رۇبائىي، قەسىدە، فەلەك ـ ئەركە تىلۇ، تەلقىن قاتارلىقلار ئۈستىدە مۇھاكىمە، سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى،

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** شېرىن قۇربان (1952 ـ يىلى تۇغۇلغان)، لوگىكا ئوقۇتۇشى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تەرەققىياتى ۋە قانۇنىيىتىدىن ئېيتقاندا، شېئىرىيەت ئەدەبىياتى ئىنتايىن ئىزچىللىققا ئىگە، ئۇ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈن تارىخىي جەريانىغا سىڭگەن بولۇپ، پوئېزىيە نەسرىي ئەدەبىياتتەك تۇرۇپ گۈللىنىپ، تۇرۇپ ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس، شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىرىيەت ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ يادروسى ۋە جېنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، شېئىرىيەت ئەدەبىياتىنىڭ ھەجمى زور، قەدىمىي بولۇپ، ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەتتە ئۇنى تاجىك ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ شېئىرىي خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ. قۇرۇلما جەھەتتە، تاجىك شېئىرىيىتى بىر قەدەر مۇكەممەللىككە ئىگە بولۇپ، ناخشا ـ قوشاق، ئېپوس داستان، غەزەل ـ قەسىدە، مەسنەۋى ـ رۇبائىي، مەرسىيە ـ تەلقىن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاجىك شېئىرىيىتى بەزى ژانىرلاردا تېخى دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقان. مەسىلەن، مەسنەۋىچىلىك (ئىككى مىسرالىق شېئىرلار)تە كىلاسسىك شائىرلاردىن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 ـ 1025) نىڭ «شاھنامە» ئېپوسى بىلەن مەۋلانە جالالىدىن رۇمى (1207 ـ 1272) نىڭ «مەسنەۋى شەرىف» ۋە «شەمس تەبرىزى»سىنى مىسالغا ئېلىشقا، رۇبائىيچىلىقتا ھەكىم ئۆمەر ھەييام (1040 ـ 1123) رۇبائىيلىرىنى؛ غەزەلچىلىكتە ھافىز شىرازى (1300 ـ 1389) لىرىكىلىرى بىلەن شەيخ سەئىدى (1203 ـ 1292) نىڭ پەلسەپەۋى لىرىكىلىرىنى مىسالغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە بىز تاجىك شېئىرىيىتىدىكى بىر قىسىم ئەنئەنىۋى شەكىللەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە ۋە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

**1) مەسنەۋى**

مەسنەۋى (بېيىت) تاجىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر خىل شېئىرىي شەكىل بولۇپ، ئۇ كۆپرەك ئېپىك داستان، تارىخىي داستان، بايان خاراكتېرلىك تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ھېكايە قىلغاندا قوللىنىلىدۇ. ئىككى مىسرا بىر مەسنەۋى بىرلىك بولۇپ، ھەر بىر مىسرا قاپىيەداش كېلىدۇ، شۇڭا بەزىدە ئۇ ئادەتتە خەلق تىلى بىلەن ئىككى مىسرالىق قاپىيەداش شېئىرلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىمىزدا، يازما ئەدەبىياتتا، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئېپوسى، نىزامى گەنجەۋىي (1141 ـ 1209) نىڭ «پەنج گەنج» خەمسەسى، ئابدۇرەھمان جامى (1414 ـ 1492)نىڭ «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە يۇلتۇز ) خەمسەسى قاتارلىقلار مۇشۇ خىل شېئىرىيەت شەكلى بىلەن دۇنياغا كەلگەن. مەسنەۋى شېئىر شەكلىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا تەپەككۇر ۋە ھېسسىياتنى ئەركىن ئىپادىلىگىلى، شېئىرىي شەكىل قۇرۇلمىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ئېپوس ـ داستانچىلىقتا مەسنەۋى ئەڭ ئۇنۇملۇك شېئىرىي شەكىل ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن «نىگار ـ مەجنۇن» داستانى، «پەنج بۇرادەر» داستانى، «دوختەرى قەيسەرى چىن» (چىننىڭ قەيسەر قىزى مەنىسىدە) داستانى؛ يازما ئەدەبىياتتا ئاتىكەم زەمىرنىڭ «ۋاپادار سۆيگۈ» ناملىق داستانى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەسنەۋى شەكلىدە ئىجاد قىلىنغان. تاجىك شېئىرىي ئەدەبىيات تارىخىدا «شېئىرىيەت ئۇستازى» دەپ نام ئالغان جاففار رۇداكى (850 ـ 941) ھىندى ئەدەبىياتىدىن پارس ئېلىگە كىرگەن «كەلىلە ـــ دەمىنە» ناملىق نەسرىي ئەسەرنى مەسنەۋى شەكلى بىلەن داستانلاشتۇرۇپ، دۇنيادا تۇنجى «كەلىلە ـ دەمىنە» شېئىرىي ئەسىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. ئېلىمىز تاجىك شېئىرىيىتىدە مەسنەۋى شەكلى بىر قەدەر ئومۇملاشقان مەشھۇر «تەيغۇن» داستانىدىن مەسنەۋى شەكلىنى ئەڭ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

**2) غەزەل**

«غەزەل» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يۇنانلار ۋە كېيىنكى ياۋروپالىقلار «غەزەل»نى «لىرىك»، «لىرىكا» دەپ ئېيتىدۇ. مەيلى نېمىلا دېيىلسۇن، مەنىسى «ھېسسىياتلىق شېئىر» دېگەندىن ئىبارەت. غەزەل ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ بىر خىل شېئىرىي شەكلى بولۇپ، كېيىن تاجىك ـ پارس ئەدەبىياتىغا كىرگەن. تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاتىسى ـــ رۇداكىي ئۆز ۋاقتىدا غەزەل ژانىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى تاجىك ـ پارس تىل ـ ئەدەبىياتىغا ماسلاشتۇرغان. «غەزەل» بىر قەدەر ئەركىن شېئىرىي شەكىل بولۇپ، ئادەتتە بىر غەزەل يەتتە جۈپ

www.uyghurkitap.com



مىسرادىن، كۆپ بولغاندا 15 جۈپ مىسرادىن تۈزۈلىدۇ، ھەر بىر جۈپ مىسراسى بىر بېيىت دېيىلىدۇ، ھەر بىر بېيىتنىڭ ئاخىرقى مىسراسى بىرىنچى كۇپلېت بىلەن قاپىيەداش كېلىدۇ. غەزەلدىكى ھەر بېيىتنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن باشتىن - ئاخىر قاتتىق مەنتىقىلىق باغلىنىشقا ئىگە بولۇشى ئانچە تەلەپ قىلىنمايدۇ. شائىر ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيە گاھىدا بىر بېيىتتا ياكى ئىككى ئۈچ بېيىتتا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، شۇ سەۋەبلىك بىر غەزەلدە بىر قانچە خىل ئىدىيەۋى مەزمۇن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ مەزمۇنلارنى غەزەلدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە شەكىل ـ قاپىيەلەر ئارقىلىق بىر ـبىرىگە چەمبەرچاس باغلاپ تۇرىدۇ. غەزەلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرىنچى ياكى ئىككىنچى مىسراسىدا شائىر ئۆزىنىڭ مۇبارەك نام ـشەرىپىنى ئىزھار قىلىدۇ. غەزەلنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى شائىرنىڭ ئۆز لىرىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ناھايىتى باب كېلىدۇ. تاجىك شېئىرىيىتىدە غەزەل يازغان شائىرلار ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، غەزەلنى ۋايىغا يەتكۈزگەن كىشى دۇنيادا «شېئىرىيەت ئاتىسى» دەپ تەرىپلەنگەن گېرمان شائىرى گېيوتې (1749 ـ 1832) دەك شائىرلارنى ھەيرەتتە قالدۇرغان «شىراز بۇلبۇلى» ھافىز شىرازىدۇر، شۇڭا ئۇ پارس ـتاجىك غەزەلىياتچىلىقىنىڭ ئاتىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا «شاھى بېيىت» ياكى «شاھى غەزەل» دەپ نام بەرگەن، بۇ توغرۇلۇق ئىراننىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىياتشۇناسى ئەل دوستى ھافىز غەزەللىرىگە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى ؛«ھافىز غەزەل ـلىرىكلىرىغا مەۋلاۋى رۇمىنىڭ روھى، شەيخ سەئىدىنىڭ تىلى، ھەكىم ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلگەن»[1]. گېيوتې ھافىز غەزەللىرىگە باھا بەرگەندە تەسىرلىنىپ مۇنداق دېگەن؛ «ئەي ھافىز، مەن پەقەت ئەقلىمدىن ئازغان چاغدىلا ئۆزۈمنى ساڭا تەڭلەشتۈرۈشۈم مۇمكىن، سەن بىپايان دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ ماڭغان پاراخوت بولساڭ، مەن دېڭىز دولقۇنىدا چايقىلىپ، سىلكىنىپ يۈرگەن كىچىككىنە قولۋاق».

### 3) رۇبائىي

«رۇبائىي» ئەسلىدە ئەرەبچە شېئىرىي ئاتالغۇ بولۇپ، مەنىسى «تۆتلىك» دېگەندىن ئىبارەت، ئەمما ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا «رۇبائىي» ئاتالغۇسى «رۇي - بە ـرۇي» (ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى «روبىرو») دەپ ئاتىلىپ، مەنىسى «يۈز تۇرانە ئېيتىشىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، ئەمما بۇ خىل «يۈز تۇرانە ئېيتىشىش» شېئىرىي شەكىل بىلەن، يەنە كېلىپ، مەخسۇس ئاھاڭ شەكلى بىلەن سۆزلىشىش، ئېيتىشىش، ئىدىيە ـ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

رۇبائىي تاجىك شېئىرىيىتىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر شېئىرىي ژانىر، ئۇ ئەڭ دەسلەپتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن. تاجىك يازما ئەدەبىيات تارىخىدا، ئۇستاز شائىر رۇداكى رۇبائىينى يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن، ئۇنىڭ شەكىل ئەندىزىسىنى قېلىپلاشتۇرغان ۋە رۇبائىيچىلىق سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمما تاجىك ـ پارس شېئىرىيەت تارىخىدا رۇبائىيچىلىقنى دۇنياۋى سەۋىيەگە يەتكۈزگەن كىشى ــ پەيلاسوپ، شائىر، ھەكىم ئۆمەر ھەييامدۇر.

ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتىدىمۇ رۇبائىي خېلىلا تەرەققىي قىلغان. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، تابىلدى ھوشۇر (1928 ـ 1997)، مەدەلىخان بالون، مۇنى تابىلدى، ئىسھاق ئەزارە، ئاتىكەم زەمىرى، رەھمانقۇل، ئەبۇل ھەسەنخان قاتارلىقلار يىغىپ توپلىغان رۇبائىيلارنىڭ ساندىن قارىغاندا، تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا 1000 دىن ئارتۇق رۇبائىي توپلانغان، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 500 دەك رۇبائىينى تاجىك يازغۇچىسى مەدەلىخان بالون تاجىك تىلىدىن ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان. يازما ئەدەبىياتىمىزدا، تاجىك شائىرى روزى گۇلباينىڭ خاس رۇبائىيلىرىلا 1000 دىن ئاشىدۇ.

تاجىك رۇبائىيلىرى ھەجىمى قىسقا، ۋەزنى ئۆزگىچە ھەم قاپىيەداش كېلىدۇ، مەزمۇن جەھەتتە ھەر بىر رۇبائىي ئىخچام شەكىل ئارقىلىق تولۇق ئاياغلاشقان بىر پۈتۈن پەلسەپەۋى، نەزەرىيەۋى ۋە مەنتىقىلىق ئوي-پىكرىنى ھېسسىياتلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بەزى رۇبائىيلار نەچچە مىسرالىق شېئىر ياكى داستان ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئاساسىي

ئىدىيەنى قىسقىلا بىر رۇبائىي ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

رۇخسارىڭ ئاي ئۆزى، ھىلالدۇر - ھىلال،
نامىڭنى نىگار دەي، نىگاردۇر - نىگار.
ئىشقىڭدا قېرىدىم، مۈكچەيدى بېلىم،
دېمىدىڭ بىر قېتىم ئۇۋالدۇر - ئۇۋال.

لەۋلىرىڭ بالۇ - قەنت، چىشلىرىڭ ئۈنچە،
خېرىدار مەن ساڭا، قىممىتىڭ قانچە ؟!
سورىساڭ باھايىم، نەق سانى شۇكى،
خۇراسان، بۇخارا، سەمەرقەنت يەنە.

ئەمەلىي قوللىنىشتىن ئېيتقاندا، تاجىك رۇبائىيلىرى توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپلەردە ئوقۇلماستىن، بەلكى ئۆزىگە خاس مەيدان — بىر قەدەم ئىنچام سورۇننى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى رۇبائىيلاردا كۆپرەك پىكىر ـھېسسىيات ئالماشتۇرۇلىدۇ، تەڭ دېمەتلىكلەر يىغىلىشىدا، ئۇلاردىن بىرى ساز چېلىپ، رۇبائىي ئاھاڭىنى (تاجىك رۇبائىيلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاھاڭى بار بولۇپ، ئادەتتە رۇبائىي ئاھاڭى دېيىلىدۇ) ئورۇنداپ بېرىلىدۇ، باشقىلار ئۆز رۇبائىيلىرىنى ياكى بىلىدىغان رۇبائىيلىرىنى بىر - بىرىگە ياندۇرۇپ ئوقۇشىدۇ، بەزىدە يىگىت - قىزلار خىلۋەت مەيدانلاردىن پايدىلىنىپ، دەريا ساھىللىرىدا بىر بىرىنى قوغلاپ يۈرمەي، بەلكى ئۆز ئارا دىل رىشتىلىرىنى بايان قىلغاندا ياكى كۆڭلىنى ئىزھار قىلغاندا، ئۇنى ئۇدۇل گەپ ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى رۇبائىيدىن ئىبارەت بۇ تەسىرلىك شېئىرىي شەكىلدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئارا يەتكۈزۈشىدۇ، مانا بۇ رۇبائىينىڭ فۇنكسىيەلىك رولى. بەزىدە چوپانلار، يالغۇزچىلىقتىن زېرىككەندە، رۇبائىي ئوقۇپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ.

بىز تاجىك خەلق رۇبائىيلىرىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىگە قارىتا سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، شۇنداق يەكۈنگە كەلدۇقكى، تاجىك خەلق رۇبائىيلىرى كومپوزىتسىيە جەھەتتىن كىچىك ئۇيۇللۇقتا ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە، بۇ جەھەتتىن ئۇ تاجىك ـپارس يازما ئەدەبىياتىدىكى رۇبائىيلار، مەسىلەن، ئۆمەر ھەييام، ئىبنى سىنا(980 - 1037)، مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل(1644 - 1721) رۇبائىيلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سۆز تىل ئويۇنى، ۋەزىن ئېغىرلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە سىمۋول - ئوبرازنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەر بىر رۇبائىي تۆت مىسرالىق بولۇپ، گاھىدا بىرىنچى، ئىككىنچى، تۆتىنچى مىسرالىرى ئۆز ئارا قاپىيەداش، يەنى AABA شەكلىدە كېلىدۇ، گاھىدا تۆت مىسراسىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا قاپىيەداش AAAA شەكلىدە كېلىدۇ، مەزمۇن جەھەتتە بىرىنچى، ئىككىنچى مىسرالاردا مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ئەھۋال چۈشەندۈرۈلىدۇ ياكى ھېسسىيات ۋە روھىي ھالەت كۆرسىتىلىدۇ، ئۈچىنچى مىسرا ۋاستىلىك باغلاش رولىنى ئويناپ، بىرىنچى، ئىككىنچى مىسرالار بىلەن تۆتىنچى مىسرانى مەنتىقىلىق باغلىنىشقا ئىگە قىلىدۇ. ئۈچىنچى مىسرا يەنە بۇرۇلۇش، كۆچۈش رولىنىمۇ ئوينايدۇ، يەنى بىرىنچى، ئىككىنچى مىسرالار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى تاماملاپ، ئۈچىنچى مىسراغا بارغاندا، پىكىرنىڭ نۇقتىسىدا بۇرۇلۇش ھاسىل بولىدۇ - دە، تۆتىنچى مىسراغا كۆچىدۇ، تۆتىنچى مىسرادا پىكىرنىڭ جەۋھىرى، مېغىزى، يەنى شۇ رۇبائىيدا ئالغا سۈرمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيە مانا مەن دەپ چىقىدۇ. راست دېگەندە، رۇبائىينى مەزمۇنى پەلسەپە، شەكلى تۆت مىسرالىق شېئىر دېيىشكە، ياكى قىسقارتىپ پەلسەپەۋى شېئىرلار دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. تاجىك خەلق رۇبائىيلىرىنىڭ تىلى جانلىق، ئاددىي، گۈزەل بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇ يازما ئەدەبىياتتىكى شائىرلار ئىشلىتىدىغان نازۇك، ئابستراكت، ئاجايىپ ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان ھەشەمەتلىك تىلدىن پەرقلىنىدۇ. خەلق رۇبائىيلىرىدىكى جانلاندۇرۇش، ئوخشىتىش، تەقلىد قىلىش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش، ئوبرازلاشتۇرۇش، تەكرارلاش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرمۇ ناھايىتى تەبىئىيلىككە ئىگە، شۇڭا رۇبائىينى تاجىك خەلق شېئىرىيىتىنىڭ گۈل تاجىسى دېيىشكە بولىدۇ.

**4) قەسىدە**

«قەسىدە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «مەدھىيە» دېگەندىن ئىبارەت. تاجىك تىلىدا «قەسىدە» يەنە بىر نامدا «قەسۋىد» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئەۋلىيا - ئەنبىيالارغا ئوقۇلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەدھىيە ياكى ھەمدۇ ـ سانا» دېگەندىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاندا «قەسىدە» دىنىي تۈس كۈچلۈك بولغان شېئىرىي شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا، جاففار رۇداكىي قەسىدە شېئىرىنىڭ ئىجادچىسى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ، رۇداكىينىڭ قەسىدىلىرى 15 تىن يۇقىرى بېيىتتىن تەركىب تاپقان. ھەر بىر بېيىت ئۆزئارا قاپىيەداش كېلىدۇ، رۇداكىينىڭ ۋەكىللىك قەسىدىلىرىدىن «ساقىينامە» ۋە «قېرىلىققا پىغان» قاتارلىقلار بار.

**5) فەلەك ۋە ئەركە تىلۇ**

«فەلەك» ۋە «ئەركە تىلۇ» ـ تاجىك شېئىرىيىتىدىكى ئالاھىدە بىر خىل شەكىل، ئۇ كۆپرەك تاغ يايلۇلاردا پادىچى ـ چوپانلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ ئوقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «تاغ ناخشىلىرى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ناخشا ـ قوشاقلار ئەركىن ئۇدارلىق ئاھاڭلارغا سېلىپ ئوقۇلىدۇ. مەزمۇن جەھەتتە، ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇڭ ـ زارلىرى ياكى نالە ـ پىغانلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. كوھىستان ـ تاغ، يايلاقلاردا بارلىققا كەلگەن فەلەك ۋە ئەركە تىلۇ ناھايىتى ھېسسىياتلىق ۋە تەسىرلىك بولۇپ، كىشىلەر سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقان ياكى يالغۇزلۇق، تەنھالىق ھېس قىلغان چاغلاردا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جەبىر ـ جاپالىرىنى، ئايرىلىش پىراقلىرىنى، يالغۇزلۇقنىڭ ئازاب ـ دەردىنى، سېغىنىش ـ ياد ئېتىش ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئاھاڭى ۋە تېكىستلىرى لىرىكىلىق ۋە تەسىرلىك بولۇپ، كىشى ئاڭلىغاندا ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەشكە باشلايدۇ، چۈنكى كىشى ھاياتى بەئەينى يىلاننىڭ تولغىنىپ مېڭىشىغا ئوخشايدۇ، كىشى تۇرمۇشى بەزىدە شېرىن ـ لەززەت، بەزىدە ھەسرەت ـ نادامەت بولۇپ، فەلەك ۋە ئەركە تىلۇ دەل مۇشۇنداق ئىسسىق ـ سوغۇقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. فەلەك ۋە ئەركە تىلۇنىڭ تېكىستلىرى بەزىدە ئىككى مىسرا بىر بىرلىك بولۇپ داۋاملىشىدۇ، بەزىدە بىر كۇپلېت تۆت مىسرا بىر بىرلىك بولۇپ داۋاملىشىدۇ، مەيلى ئىككى مىسرالىق ياكى تۆت مىسرالىق بولسۇن، ئۆزئارا قاپىيەداش، ئاھاڭداش كېلىدۇ. تاجىك ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم رۇبائىيلارمۇ مەزمۇن جەھەتتە، ھەسرەت ـ نادامەت، قايغۇ ـ ھىجران ۋە كۆز ياشلارنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، فەلەك ۋە ئەركە تىلۇ ئاھاڭىدا ئوقۇلىدۇ. ئىشقىلىپ، تاجىك شېئىر شەكىللىرى بەزىدە ئۆزئارا ئۆتنۈشۈپ، قىسمەن ماسلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ خەلق ئىجادىيىتى بولغاچقا، ئۇنىڭغا پاسىل ـ چېگرا ئۆلچىمىنى قويۇشقا بولمايدۇ.

**6) تەلقىن**

«تەلقىن» تاجىكچە «ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش»، «دەرد ـ ئەلەمنى تۆكۈش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تاجىك شېئىرىيىتىدە «تەلقىن» ئالاھىدە بىر خىل شېئىر شەكلى بولۇپ، ئۇ كۆپرەك ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغلاردا ئوقۇلىدۇ، شۇڭا ئۇنى «ھازا قوشىقى» دەپ ئاتاشقىمۇ ياكى شېئىرىيەت ئاتالغۇسى بىلەن «مەرسىيە قوشاقلىرى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. «تەلقىن» ھەققىدە كۆپ ماقالىلەر ئېلان قىلىنغاچقا، بۇ يەردە ئۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي توختالمايمىز، ئەمما بۇ يەردە مەخسۇس تاجىك شېئىرىيەت شەكىللىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، يەنە كېلىپ، تەلقىن شېئىر ـ قوشاقلىرى تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر شەكلى بولغاچقا، ئۇنىڭ يەنە تۇراقلىق ئاھاڭ ـ كۈيى بولغاچقا، بۇ يەردە ئازراق بولسىمۇ توختالمىساق بولمايدۇ. تاجىك يۇرتلىرىدا ئۆلۈم ـ يېتىم بولغاندا، ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى قاتار تۇرۇپ (ئەرلەر) ياكى ئولتۇرۇپ (ئاياللار) ئۆز مەرھۇمى ئۈچۈن يىغلاپ قوشاق توقۇيدۇ، بولۇپمۇ ئەرلەرگە نىسبەتەن، ئاياللار بەكرەك ياش تۆكۈپ يىغلاپ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى، ئىسانىي پەزىلىتىنى، زاتى ـ سۈپىتىنى، ئارزۇ ـ ئىستىكىنى، كەسىپ ـ ھەۋىسىنى ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ ئۇدۇللۇق قوشاققا قاتىدۇ. تەلقىننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ئاھاڭى نىسبەتەن تۇراقلىق بولىدۇ، ئەمما تەلقىن تېكىستى ھەر خىل بولىدۇ، چۈنكى ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئۇلارغا ئاتاپ توقۇلغان قوشاقلارمۇ ئوخشىمايدۇ، يەنە كېلىپ، ھازىدارلارنىڭ نەق مەيداندا قوشاق

توقۇش سەۋىيەسىمۇ ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ھەر كىم ئۆزىگە يارىشا قوشاق توقۇپ يىغلايدۇ. ئادەتتە تەلقىن قوشاقلىرى ئىككى مىسرالىق بولۇپ، مىسرالارنىڭ ئاخىرقى سۆزى قاپىيەداش كېلىدۇ، بۇنداق بولغاندا، ئاخىرقى سۆزنىڭ بوغۇمى، ئۇرغۇسى، پائۇزىسى، جاراڭلىق-جاراڭسىزلىقى، ئاھاڭدارلىقى، ماسلىششچانلىقى جەھەتلەردىكى تەلەپ نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا رىتىم، تەرتىپ، ئاھاڭدارلىقى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. ئادەتتە قوشاق قاتقۇچى ئايال بىرىنچى، ئىككىنچى مىسرانى ئوقۇغاندا، ياندىكى باشقا ئاياللار ئىككىنچى مىسرانىڭ ئاخىرقى بىر ئىككى سۆزنى تەكرارلاپ ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، تاجىكلارنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دۆلەت دەرىجىلىك 6 خىل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، يەنە تاجىكلارنىڭ مېيىت ئۇزىتىش ئادەتلىرى (2007 ـ يىلى)؛ قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ئادەت قائىدىلىرى (2009 ـ يىلى) قاتارلىقلارنى؛ تاجىكلارنىڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سەككىز غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىدىن باشقا، يەنە چەكەن ـ كەشتىچىلىكى، سان ـ سىفىرلىق ئىنفورماتسىيەگە ئىگە لەڭگەر ئۆيى ۋە قەبرىچىلىك سەنئىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەھىپە چەكلىمىلىكى تۈپەيلى، بۇ يەردە بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرمىدۇق.

## 4. تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا

تاجىكلار ئېلىمىزدە، جۈملىدىن شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيەلىك ياشاش مۇھىتى، ئىرق تەۋەلىكى، تىل ئالاھىدىلىكى، ئېتىقاد خاسلىقى، مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. مۇشۇ سەۋەبلىك، شەرق بىلەن غەرب ئۆتۈشمىسىدىن ئورۇن ئالغان ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت ياراتقان تاجىكلار تارىخچىلار، ئەدىب ـ شائىرلار رەسسام ـ مۇزىكانتلار تەرىپىدىن «قۇياش ئەۋلادلىرى»، «بۈلۈت ئۈستىدىكى ئادەملەر»، «بۈركۈت مىللىتى»، «تۇلپار ئۈستىدىكى باتۇرلار»، «سەمىمىي كىشىلەر»دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە، دەرۋەقە تاجىكلار يۇقىرىدىكى مۇبارەك نام ـ شەرەپلەرگە مۇناسىپتۇر.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تاجىك مەدەنىيىتىدە تۆت چوڭ ئوبراز بار، ئۇ بولسىمۇ، ئېتىقاد-ئىخلاس ئوبرازى — مۇزتاغ ئاتا؛ پىداكارلىق ئوبرازى — نەۋقىران بۈركۈت؛ قەھرىمانلىق، پەھلىۋانلىق ئوبرازى — رۇستەم پالۋان؛ شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق ئوبرازى — تۇلپار ئات، بۇ تۆت ئوبراز تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ۋە جېنى بولۇپ، بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى مۇشۇ تۆت ئوبرازنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ، بۇ تۆت ئوبرازنى چۈشەنمىگەندە تاجىكلارنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، مانا بۇمۇ تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدۇر. تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئالايلۇق، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. «بۈركۈت نەي» ۋە «بۈركۈت ئۇسسۇلى»، «زوۋۇر ھېيت » ۋە «تېرىلغۇ ئايىمى»، توي ـ تۆكۈن ئادىتى ۋە مېيىت ئۇزىتىش قائىدە ـ يوسۇنلىرى، كىشىلىك ھايات مۇراسىملىرى، كۆرۈشۈش، سالاملىشىش، خوشلىشىش ئادەتلىرى، ئاياللارنى ھۆرمەتلەش قائىدىلىرى ناھايىتى قويۇق تاجىك پۇرىقىغا ئىگە. كىيگەن كىيىمىدىن كىشىلەر بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ «تاجىك» ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. تاجىكلارنىڭ «لەڭگەر ئۆيى» يېمەك ـ ئىچمەك ماتېرىيالى، ئەلنەغمىلىرى، كۈي ـ مۇزىكىلىرى، ئات ئۈستىدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى، مازارچىلىق تاۋاپ ئىبادەتلىرى، قەبرىچىلىك مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بارلىققا كېلىشتىن تارتىپ-ئاخىرلىششقىچە، شەكىلدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە كىشىلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ ياكى كىشىلەرنى سېھرىي مەدەنىيەت مۇھىتىغا باشلاپ كىرىدۇ. «مۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



تاغقا كەلگەن مېھمان»نىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيان كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى ئازادلىق ھارپىسىدا ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ دۈشمەننىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قانداق يوقاتقانلىقى ھەم مۇشۇ تارىخىي ۋەقەلىكلەرگە شاھىت بولغان تاجىك ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيىتى ۋە تاجىك كىلاسسىك مىللىي مۇزىكىسى «گۈلدەستە» ئاساسىدا ئىشلەنگەن «گۈل نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىل» دېگەن ناخشىدۇر؛ ئۈچىنچىدىن، تاجىك مىللىي مەدەنىيىتى مۇكەممەل ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە. مەسىلەن، «زۇۋۇر ھېيتى» (سۇ باشلاش ھېيتى) بىلەن «تېرىلغۇ ئايىمى»نى ئالساق، قارىماققا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئېلىپ بېرىش شەكلى ۋە مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى كاتېگورىيەسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن. ماقالىنىڭ باش قىسمىدىكى بايانلاردىن مەلۇمكى، تاجىكلارنىڭ «زۇۋۇر ھېيتى» بىلەن «تېرىلغۇ ئايىمى» نوقۇل پەسىل خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش ھېيتى بولماستىن، بەلكى ئېتىقاد پائالىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى، ئات ئۈستىدىكى تەنتەربىيە پائالىيىتى، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆز ئارا بىرىكىپ كەتكەن ئۇنىۋېرسال ھېيت ـ ئايەم پائالىيىتى. تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى چوڭ تۈيى «لەڭگەر تۈيى» ياكى «مەرىكە تۈيى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈينى تاجىكلارنىڭ 11ـ ئەسىردىكى مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە شائىرى ئەبۇ مۇيىنىددىن پىرشاھ ناسىر خىسرەۋ ئەل قۇبادىيانى (مىلادىيە 1088 ـ 1400) لايىھەلەپ چىققان بولۇپ، تارىخى مىڭ يىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ. قۇرۇلمىسى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ مول‌لۇقى بىلەن «لەڭگەر تۈيى» تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ تۈيلەرنىڭ ئېگىزلىكى، ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى، بەش چوڭ تۈۋرۈكى، ئىككى چوڭ خەر ياغىچى، تۈڭلۈكىنىڭ ياسىلىشى، كاڭ سۇپا ۋە پەگاھنىڭ ئايرىلىشى قاتارلىقلار ناھايىتى تەپسىلىي سان ـ سىفىرلارغا تايانغان بولۇپ، تاجىكلارنىڭ نازۇك ئېتىقادىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەكچىمىزكى، تاجىكلارنىڭ «لەڭگەر تۈيى» مەدەنىيەت ئۇچۇرىغا ئىگە. ھازىرقى كۈندە زامانىۋى ماتېرىياللار تاجىك «لەڭگەر تۈيى»دىن ئورۇن ئېلىۋاتىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى قۇرۇلمىلىق سان ـ سىفىرلار ۋە ئۇلار ئىپادىلەيدىغان ئىدىيەۋى مەزمۇن ئۆزگەرگىنى يوق. دېمەك، بۇنىڭدىن تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇنىۋېرساللىق ئالاھىدىلىكىنى بىۋاسىتە ھېس قىلالايسىز.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، تاجىك مەدەنىيىتى يەنە تەبىئەتكە يېقىن بولۇش، رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىش، راستچىل ـ سەممىي بولۇش، جىنايەت ۋە گۇناھتىن يىراق تۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە يۇرت سۆيەرلىك روھى يۇقىرى بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە.

## 5. تاجىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەر

تاجىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ساقلانغان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. بىرىنچىدىن، بۇ خىل خىزمەت ئىزچىللىققا ئىگە ئەمەس، مۇقىم ئورگان، مۇقىم خادىم، مۇقىم خىراجەت يوق؛ ئىككىنچىدىن، نۇرغۇن كىشى جۈملىدىن بىر قىسىم مەسئۇل كىشىلەر بۇ خىزمەتكە ۋاقىتلىق خىزمەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا تۇرۇپ قىزىش، تۇرۇپ سۇسلىشىش كەيپىياتى مەۋجۇت؛ ئۈچىنچىدىن، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، تەرتىپكە سېلىش، ئىلتىماس قىلىش، تەستىقلاش جەريانلىرى تەرتىپلىك ئەمەس، ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى، دەرىجە تەرتىپى، قىممەت تەرتىپىدىمۇ بەزى مەسىلىلەر بار؛ تۆتىنچىدىن، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ كەملىكى، بۇ خىزمەتكە بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىك، تەربىيەلەش يېتىشتۈرۈشنىڭ ئەتراپلىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ھەر دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ سانىدىمۇ پەرق ناھايىتى چوڭ. مەسىلەن، تاجىكلارنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك

قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن ئاران ئالتىسى بار، ئەمما ناھىيە دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن 89 ى بار. ئارىلىقتىكى پەرق ناھايىتى چوڭ. بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، دۆلەت دەرىجىلىكتە ئىلتىماس قىلىنغان تۈرلەرنىڭ سەۋىيەسى يۇقىرى ئەمەس، ئۆلچەملىك ئەمەس، كەسپىي ئەمەس، تەلەپكە ئۇيغۇن ئەمەس، بۇ جەھەتتە يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلىشقا، دەلىللەش دوكلاتلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ بەشىنچىدىن، تاجىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ كەسپىلىشىش، مەھسۇلاتلىشىش ۋە تاۋارلىشىش دەرىجىسى يەنىلا تۆۋەن بولماقتا ۋە باشقىلار.

## 6. تاجىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ ۋە تەدبىرلەر

(1) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تاجىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەپ تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈر جەھەتتە كۆپ، مەزمۇنى رەڭگارەڭ ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بۇنىڭدىن ئالتىسى دۆلەت دەرىجىلىك تۈرگە، سەككىزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈرگە، 11ى ۋىلايەت دەرىجىلىك تۈرگە، 89 ى ناھىيە دەرىجىلىك تۈرگە كىرگۈزۈلۈپ، دەسلەپكى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئەمەس، بەلكى ياخشى باشلىنىشى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتە ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، داۋاملىق رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت سالمىقىنى چىڭ تۇتۇپ، قېزىش، رەتلەش ۋە ئىلتىماس قىلىش ئىشىنى كۈن تەرتىپكە قويۇشىمىز لازىم. خىزمەتنى ھەرگىزمۇ يېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە مۇقىم ئورگان بولۇش، مۇقىم خادىم بولۇش، مۇقىم خىراجەت بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

(2) تەستىقلانغان تۈرلەرنى قوغداشنى كۈچەيتىش كېرەك. تاجىكلارنىڭ نۇرغۇن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەر دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تۈرلەر تىزىملىكىگە كىرىپ بولدى. بۇ ئىشنىڭ تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىنىڭ يېڭىدىن باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىش خىزمەت سالمىقىنى كۈچەيتىشىمىز، مىراس ۋارىسلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشىمىز، تەشۋىقات ۋە تارقاتقۇلارنىڭ فۇنكسىيەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم.

(3) كەسپىي خادىملارنى كۆپلەپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنىڭ سان ۋە سۈپىتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

ھازىرغا قەدەر ئايان بولدىكى، تاجىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىدە كەسپىي خادىملار كەمچىل بولۇش، كەسپىي خادىملارنىڭ ساپا ۋە سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش، ئىلتىماس قىلىش ۋە دەلىللەش خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇخىل ھالەتنى چوقۇم ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتنىڭ سالمىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. كېسەل ئايان بولغان ئىكەن، ئۇنى ۋاقتىدا داۋالاپ ساقايتىشىمىز لازىم، بۇ ئەڭ ئەقەللىي لوگىكا.

(4) تاجىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت، شۇڭا بىزدە ئۇزاق مۇددەتلىك جەڭ قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆدىيەسى بولۇش كېرەك. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مىللىتىمىزنىڭ تەۋەررۇك بايلىقى ۋە ئەڭگۈشتىرى، بىز ئۇنى قوغدىشىمىز، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم. ھالبۇكى، بۇ بىزنىڭ تارىخىي بۇرچىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىز !

## پايدىلانمىلار:


1. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تاشقورغان ناھىيەلىك تەشۋىقات بۆلۈمى ئىشلىگەن: «پامىر ساياھەتچىلىكى»[J]. 2012 ـ يىللىق سانلىرى.
2. «中国非物质文化遗产» [M]. 中国艺术研究院、中国非物质文化遗产保护中心编,文化艺术出版社 2005.
3. 喀什地区文体局编: «喀什非物质文化遗产代表性项目名录» [M].
4. شېرىن قۇربان: «تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012 .
5. گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب ـ مەجمۇئە، ئاخبارات تاراتقۇلاردىكى ئالاقىدار ماتېرىياللار.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2017)02 - 066 - 13

# جوڭگودا «گۆر ئوغلى» داستانى تەتقىقاتى*

غ. ئو. ئۇتغۇر، ئوسمان جۇمە

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ داستان شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملىرىغا تارقالغان. داستاندا گۆر ئوغلىنىڭ باتۇرلۇقى، ساداقەتمەنلىكى، دوستانىلىقى، مۇھەببىتى، ئەقىل - پاراستى قاتارلىقلار تەسۋىرلىنىدۇ. داستان مەزمۇنغا باي بولۇپ، كىشىلەرنى تەرەققىياتقا ئۈندەيدۇ. داستاننىڭ تىلى گۈزەل، تەسۋىرلىرى ئۆزگىچە، تەسىرى چوڭقۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە، چوڭ تىپتىكى مەشرەپلەردە بۇ داستاننىڭ مۇھىم بۆلەكلىرى ئورۇندىلىپ كەلگەن. خەلق سەنئەتكارلىرى، ئەل ئارىسىدىكى ناخشىچىلار (ھاپىزلار) بۇ داستاننى ئېيتالايدىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشىدۇ ۋە يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇندايدۇ، بۇ داستاننىڭ شېئىرىي قىسىملىرىنى «ئون ئىككى مۇقام»غىمۇ قوشۇپ ئېيتىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇر خەلق قەھرىمانلىق داستانى «گۆر ئوغلى»نىڭ مەملىكىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ئىككى خىل يازما نۇسخىسى، ئۇلارنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، نۇسخىلاردىكى پەرق ۋە دۆلىتىمىز تەۋەسىدە بۇ داستان توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىش - تەتقىقاتنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** گۆر ئوغلى؛ ئىككى خىل يازما نۇسخا؛ تەتقىق قىلىنىشى

## 关于维吾尔民间达斯坦《古尔·乌古力》在我国的研究简况

海热提江 · 乌斯曼，吾斯曼 · 居买

**摘要：** 维吾尔族民间叙事诗（英雄史诗）《古尔·乌古里》 是一部宏篇巨著。他又称和又译《阔尔·奥鲁》（Gor Oghli）、《艾米尔 · 古尔 · 乌古里》（Amir Gor Oghli）、《科尔·乌古里》（Kor Oghli）、《古尔·乌古里苏丹》（Gor Oghli Sultan）等。新中国建立后，作品的搜集和整理刊布两种版本。这部史诗流传在新疆的维吾尔族社会各领域 。在作品中主要描述古尔 · 乌古里勇士的英雄活动以及其勇敢、忠实、友谊、爱情、智慧等。史诗中的内容丰富，引导进步，语言优美，描绘独特，影响极深。广大维吾尔民众在举办娱乐聚会时,在规模较大的聚会麦西莱甫上，无不谈及这部史诗或演唱其中的重要段落。民间艺人、民间歌手在当地的聚会中，也总是怀着高度的自豪感，抱着虔诚的态度，采用高潮的技艺，并配以著名的“十二木卡姆”套曲曲调，加以灵活的演唱。

**关键词：** 《古尔·乌古里》；两种版本 ；研究

**Abstract:** The collection of narrative poem (heroic epic) in Uyghur, “Gor Oghli” can be called as a masterpiece. It has been known also as “Gor Oghli”, “Amir Gor Oghli”, “Kor Oghli”, “Gor Oghli Sultan”. There have been two versions of this dastan since the establishment of New China, and widely spread in Uyghur society. The masterpiece is mainly about the heroic acts and braveness, loyalty, friendship, love, wisdom of Oghli heroes. The dastan has rich contents, advanced ideas, beautiful expressions, and unique description and appears at the Mashrap parties from time to time. When the folk artists play it with Mukam, they play it with a proud and sincere attitude.

**Keywords:** Gor Oghli; two different versions; research

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** I207　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

---

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە ش ئۇ ئا ر ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ گۇمانىتارلىق پەن نۇقتىسى تەتقىقات بازىسى بولغان شىنجاڭدىكى مىللىي - خەنزۇ تىللىرى تەرجىمە تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقات تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىشى ھەققىدە تەتقىقات»( تەستىق نومۇرى: XJEDU010814C01 )نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.
**ئاپتور:** غ. ئو. ئۇتغۇر (1958 - يىلى 6 - ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ئۇيغۇر قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## كىرىش سۆز

«گۆر ئوغلى»، «ئەمىر گۆر ئوغلى»، «گۆر ئوغلى سۇلتان» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ھەم شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان قەھرىمانلىق داستانى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مول، داستاندا بىر قاتار ئاكتىۋال ئىدىيەلەر ئالغا سۈرۈلگەن. بولۇپمۇ، ئېپوسلۇق شەرتىنى ھازىرلىغان بۇ قەھرىمانلىق داستاندا باتۇرلۇق، ۋاپادارلىق، چىن مۇھەببەت، مېھنەت، ئادالەت، ھەققانىيەت، ئەقىل - پاراسەت، ئىجادكارلىق قاتارلىق يارقىن نۇقتىلار ئاجايىپ تەسىرلىك ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، داستان ئۆزىنىڭ ئىلغار مەزمۇنى، يۇقىرى بەدىئىي قىممىتى، پاساھەتلىك تىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. مەشرەپ - بەزمە، ئولتۇرۇشلاردا مەدداھ، ۋاھىز - داستانچىلار تەرىپىدىن تەكرار - تەكرار ئېيتىلغان، كىتابخانلىق ئەنجۇمەنلىرىدە ئوقۇلغان. ئۇنىڭ نەزمىي پارچىلىرى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ نەغمە قىسمىغا ئارىيە قىلىنغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئىلمىي خادىملار خەلق ئارىسىدىن بۇ داستاننىڭ ئاغزاكى ۋە يازما نۇسخىسىنى بايقىغان ھەم 1980 - يىللاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ يازما شەكلىنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىغا ئايلاندۇرۇپ ئاشكارە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلغان. يەنى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇنىڭ ئىككى خىل يازما نۇسخىسى ئېلان قىلىندى. بۇلار: «ئەرشىدىن تاتلىق نۇسخىسى» ۋە «ۋاھاپ قادىر نۇسخىسى»دىن ئىبارەت. بۇ خىل ئاتالما مەزكۇر داستاننى دەسلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. بۇ ماقالىدە «ئەرشىدىن تاتلىق نۇسخىسى» «ئا نۇسخا»، «ۋاھاپ قادىر نۇسخىسى» «ب نۇسخا» دەپ قوللىنىلدى.

«ئا نۇسخا»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بايان قىلىنغان نۇسخىسىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خادىمى شائىر ۋە فولكلورشۇناس ئەرشىدىن تاتلىق (1927 - 1998) 1950 - يىللاردىن كېيىن كىتابخۇمار كىشىلەرنىڭ قولىدىن يىغىۋالغان بولۇپ، بۇ نۇسخا «مارالبېشىلىق موللا سەلەي كاتىپنىڭ (ھىجرىيە) 1331 ـ يىلى 26ـ جەمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ دۈشەنبىسى (مىلادىيە 1915ـ يىللىرى) كۆچۈرۈپ تاماملىغان نۇسخا»دىن ئىبارەت. ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ يېڭىسارلىق خەلق داستانچىسى ئەبەيدۇللا ھاجى ئېيتىپ بەرگەن ۋە خەتتات ئۆمەر ئەلى خاتىرىسىدىكى نۇسخىنى قوشۇپ نەشرگە تەييارلىغان ھەم بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىغا ئايلاندۇرۇپ ئېلان قىلىنغان[1]. بۇ نۇسخا 16 فورماتلىق ژۇرنال سەھىپىسىدە 107 بەت كەلگەن بولۇپ، نەسىر ۋە نەزم شەكلى ئارىلاش بولغان ئۇسلۇبتىكى نۇسخىدىن ئىبارەت. يەنى نەسرىي بايانلار كۆپرەك، نەزمىي بايانلار ئازراق. ئۇنىڭدا 86 پارچە نەزمىي ئەسەر بار. بۇلار جەمئىي 720 كۇپلېت، 2940 مىسرا. بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەببە 81 پارچە، غەزەل بىر پارچە، مۇسەددەس بىر پارچە، بېيىت بىر پارچە (ئىككى كۇپلېت)، مۇخەممەس بىر پارچە. مۇرەببەنىڭ ئىچىدە يەتتە پارچىسى ئېيتىشىش (سوئال - جاۋاب) شەكلىدە بايان قىلىنغان.

داستاننىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق: چەمبىل شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئەھمەدخاننىڭ سىڭلىسى زۇلپەر ئايىم غايىبتىن ھامىلىدار بولۇپ قالىدۇ. ھامىلىسى ئالتە ئايلىق بولغاندا ئۆلۈپ كېتىپ، بالىسى گۆردە تۇغۇلىدۇ. شۇڭا بۇ بالىغا «گۆر ئوغلى» دەپ ئات قويۇلىدۇ. گۆر ئوغلى تاغىسى ئەھمەدخاننىڭ ھىمايىسىدە ئۆسىدۇ. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە، يامان نىيەتلىك دانىيات پالۋان گۆر ئوغلىنى ئالداپ، يەڭگىسى (ئەمەدخاننىڭ ئايالى)نى بۇلاپ قاچىدۇ. ئالدانغان گۆر ئوغلى بالاغەتكە يەتكەندە، ئۆزى يالغۇز جەيھۇن شەھىرىگە بېرىپ، دانىياتنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ئۇنىڭ قىزىنى ئېپقېچىپ كېلىپ، تاغىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ. گۆر ئوغلى كېيىن ئايخان، كۈنخان، چىڭگىزخان، بۇلبۇلخان قاتارلىق 40 يىگىت ۋە زور قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئۆزىگە قارشى چىققان نۇرغۇن دۈشمەن قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى

بويسۇندۇرىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە پەرىزات ۋە ئادىمىزات بولۇپ 9 خوتۇن ئالغان بولسىمۇ، ئەمما بىرمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمەيدۇ. قېرىغىنىدا ئۆز تەختىنى بېقىۋالغان ئوغلى هاۋازخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 120 يېشىغىچە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلار داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى بولۇپ، داستاندا بۇ قىسىملار پۈتۈنلەي نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان. گەرچە داستاندىكى نەزمىي قىسىمنىڭ ھەجمى كۆپرەك بولسىمۇ، ئەمما، بۇلار داستاننىڭ مەركىزىي سۇژىتىنى يورۇتۇشقا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. يەنى، داستان ۋەقەلىكىنى بايان قىلىشتا نەسرىي شەكىل، پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتىنى يارقىنراق سۈرەتلەشتە نەزمىي شەكىل قوللىنىلغان.

«گۆر ئوغلى»نىڭ «ب نۇسخا»سى شىنجاڭ تەڭرىتاغ كىنو ئىستۇدىيەسىنىڭ ئاۋاز ئارتىسى ۋاھاپ قادىر (1935 -) تەرىپىدىن 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەركەن (يەكەن) ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابلا قارى دېگەن كىتابچىدىن سېتىۋېلىنغان، موللا نىياز دېگەن خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «يۇنۇسخان - ئىغرىسقان» دېگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قول يازما توپلامدىن ئېلىپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىدىن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىغا ئايلاندۇرۇپ نەشرگە تەييارلانغان[2]. بۇ نۇسخا 16 فورماتلىق ژۇرنال بەت سانىدا 118 بەت. بۇ نۇسخىمۇ نەسرىي بايان ۋە نەزمىي بايان ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان. ئۇنىڭدا 126 پارچە نەزم بار بولۇپ، مۇرەببە 720 كۇپلېت، بېيىت تۆت كۇپلېت، مۇخەممەس بىر پارچە (يەتتە كۇپلېت) بولۇپ، جەمئىي 731 كۇپلېت، 2915 مىسرا نەزمە بار. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە پارچە نەزمىي ئەسەر ئېيتىشىش (سوئال - جاۋاب) شەكلىدە بايان قىلىنغان.

## 1. «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئىككى خىل يازما نۇسخىدىن باشقا، ئۇنىڭ كۆنىمىزگىچە خەلق داستانچىلىرى تەرىپىدىن ئاغزاكى ئېيتىلىۋاتقان نۇسخىلىرىمۇ بار، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ ماقالىدە يازما نۇسخىلارلا تونۇشتۇرۇلدى.

**1) «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ «ئا نۇسخا»سى مەزمۇنىنىڭ ئىخچام شەكلى**

(1) باش پېرسوناژ - باش قەھرىمان (گۆر ئوغلى)نىڭ ئانىسىنىڭ غايىبتىن ھامىلىدار بولۇشى. چەمبىل شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئەھمەدخاننىڭ زۇلپەر ئايىم ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بار بولۇپ، ئۇ بالاغەتكە يەتكەن بولسىمۇ، شۇ ئۆمرىدە ئەر كىشى بىلەن ئۇچراشمايدۇ. ئۇنىڭ چىرايلىق بىر چاھار بېغى بار بولۇپ، كۈنلىرىنى شۇ بېغىدا كېنىزەكلىرى بىلەن ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بىر كۈنى زۇلپەر ئايىم باغدىكى تەختى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چېچىنى تاراۋاتقاندا، باغنىڭ يېنىدىن ھەزرىتى ئەلى دۈلدۈلنى مىنىپ ئۆتىدۇ ۋە بۇ قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. «شۇ ئاي يۈزلۈك پەرى مەندىن بىر بالا تۇغقان بولسا ئەجەپ ياخشى بولاتتى!...» دېيىشى بىلەن، قىزنىڭ بويى شۈركۈنۈپ ھامىلىدار بولۇپ قالىدۇ.

(2) باش پېرسوناژنىڭ غەيرىي تەبىئىي تۇغۇلۇشى. كۈنلەردىن بىر كۈنى زۇلپەر ئايىم يۈزىگە چۈشكەن داغلاردىن ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «مەن تېخى ياتلىق بولمىغان تۇرسام، ئاكام بۇ ئىشنى بىلسە چوقۇم ماڭا ئاھانەت قىلىدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېغىر ھاقارەت كەلتۈرىدۇ!» دەپ، جاينامازنى سېلىپ قىبلىگە قاراپ، ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيدۇ ۋە تېلىكى ئىجابەت بولۇپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ. بۇ چاغدا قورسىقىدىكى ھامىلە ئالتە ئايلىق بولغان بولۇپ، ۋاقتى- سائىتى توشقاندا گۆردە تۇغۇلىدۇ. بۇ بالا قومۇشىنىڭ تۆشۈكىدىن نەپەس ئالىدۇ ۋە تاشقىرىقى گۆرگە چىقىپ قالىدۇ.

(3) باش پېرسوناژغا ئىسىم قويۇلۇشى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ يىلقىلىرىنى باقىدىغان قەمبەر ۋەلى دېگەن كىشى بىر ئالا بايتالنىڭ ئۇدا بىرقانچە كۈن قەبرىستانلىق تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بىر كۈنى بۇ بايتالنىڭ كەينىدىن قەبرىستانلىقتا بارىدۇ ۋە گۆردە ئالا بايتالنى ئېمىۋاتقان بىر ئوغۇل بوۋاقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرىدۇ. گۆركارلاردىن بىر قەبرىنىڭ ئەھمەدخاننىڭ سىڭلىسى زۇلپەر ئايىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەھمەدخانغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئەھمەدخان كەلگەندىن كېيىن، قەمبەر ۋەلى «بۇ بالا گۆردە تۇغۇلدى. شۇڭا ئىسمى گۆر ئوغلى بولسۇن» دەپ ئىسىم قويۇپ بېرىدۇ. ئەھمەدخان بۇ بالىنى ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالا «گۆر ئوغلى» دەپ چاقىرىلىدۇ ۋە ئەھمەدخاننىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولىدۇ.

(4) گۆر ئوغلىنىڭ ھامىسى (ئەھمەدخاننىڭ ئايالى)نى دانىياتقا تارتقۇزۇپ قويۇشى. گۆر ئوغلى يەتتە ياشقا كىرگەندە چەمبىلدە ئايلىنىپ يۈرگەن جەيھۇن شەھىرىنىڭ پالۋىنى دانىياتنىڭ تۇلپىرىغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئېتىنى ئۆز ئېتى (ئۆزى ئېمىپ چوڭ بولغان ئالا بايتال)غا چاپتۇرۇۋېلىشنى ئېيتىدۇ. گۆر ئوغلىنىڭ ھامىسى ئەزىم كۆز ئايىمنى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە كەلگەن دانىيات، ئەزىم كۆز ئايىمنىڭ ئۆزىگە بىر پىيالە سۇ تۇتۇش شەرتى بىلەن گۆر ئوغلىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ. گۆر ئوغلى ئېتىنى تۇلپارغا چاپتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھامىسى دانىياتقا ئۇسسۇزلۇق سۇنغاندا، دانىيات ئۇنى بۇلاپ ئارغىمىقىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ جەيھۇنغا قېچىپ كېتىدۇ.

(5) گۆر ئوغلىنىڭ تاغىسىغا قەسەم بېرىشى. شىكاردىن قايتىپ كەلگەن ئەھمەدخان يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپىدۇ. ئەزىم كۆز ئايىمدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغان بولسىمۇ، گۆر ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلمايدۇ. گۆر ئوغلى تاغىسىغا ئۆزى چوڭ بولۇپ كۈچكە تولغاندا، يەڭگىسىنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا قەسەم بېرىدۇ.

(6) گۆر ئوغلىنىڭ تۇلپارغا ئىگە بولۇشى. ئارىدىن بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، گۆر ئوغلىنىڭ ئالا بايتىلى دانىياتنىڭ تۇلپىرى لەيلىقىرغا ئوخشاش بىر تاي قۇلانلايدۇ. گۆر ئوغلى بۇ ئايغىرنىڭ بوغۇزىغا كۆك كىشمىش بېرىدۇ. «ئەقىللىك بولسۇن!» دەپ ئادەم سۈتى بىلەن ئېغىزلاندۇرىدۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا تۆگە سۈتى، «بويى ئېگىز بولسۇن!» دەپ قۇلان سۈتى، «تاغدىن ئىرغىپ ئۆتسۇن!» دەپ كىيىك سۈتى بېرىدۇ. بۇ ئات چوڭ بولۇپ ھەقىقىي بىر تۇلپارغا ئايلىنىدۇ. گۆر ئوغلى بۇ تۇلپىرىغا دانىياتنىڭ ئېتىغا ئوخشاش لەيلىقىر دەپ ئىسىم قويىدۇ.

(7) گۆر ئوغلىنىڭ دانىياتتىن ئۆچ ئالغىلى بېرىشى. گۆر ئوغلى ئۆز ئەھدىسى بويىچە، ئون بىر ياشقا كىرگەندە دانىياتتىن ھامىسىنى تارتىپ ئېلىپ كەلگىلى جەيھۇن شەھىرىگە بارىدۇ. ئەمما ھامىسى ئارىدىن تۆت يىلنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئەھمەدخاننىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، گۆر ئوغلى بىلەن بىللە قايتىشقا ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۆر ئوغلى ھامىسىنىڭ ئورنىغا، دانىياتنىڭ باشقا خوتۇنىدىن بولغان يەتتە ياشلىق قىزىنى ئېلىپ قاچىدۇ.

(8) گۆر ئوغلىنىڭ ئالاھىدە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى. گۆر ئوغلى ھوجرىسىدا ئۇخلاپ ياتقان بىر كېچىسى خىزىر، قىرىق چىلتەن ۋە ئون ئىككى ئىمام ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ دولىسىغا ئۆز مۆھۈرلىرىنى باسىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە گۆر ئوغلىنىڭ داڭقى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ، شۆھرىتى ئالەمگە يېيىلىش، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇش، دۇنيادا كۈچ جەھەتتىن ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسلىكتەك ئۈچ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گۆر ئوغلى ئالاھىدە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ساھىبى بولىدۇ ۋە ھەرقانداق مۈشكۈلاتقا يولۇقسا، ئۇلار كېلىپ ياردەم قىلىدۇ.

(9) گۆر ئوغلىنىڭ ھەسەنخاننى بۇلاپ كېلىشى. گۆر ئوغلى 21 ياشقا كىرگەندە ئۆزى يالغۇز ئىسپاھان شەھىرىگە بارىدۇ. ئىسپاھان شەھىرىنىڭ پالۋىنى خالدارخاننىڭ شەھەر رەستىسىدە كېتىۋاتقان ئوغلى ھەسەنخاننى ئېلىپ قاچىدۇ ۋە ئۇنى چەلبىگە ئېلىپ كېلىپ ئۆزىگە بالا قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالا گۆر ئوغلىنى ئاتا دەپ چوڭ بولىدۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشايدۇ.

(10) گۆر ئوغلىنىڭ تويى. بىر كۈنى كوھقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئاغايۇنۇس پەرى ئۆز تەقدىرى ھەققىدە رەم سالىدۇ ۋە رەمدىن گۆر ئوغلىنى كۆرۈپ

ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەخت، چاھار باغلىرىنى كۆچۈرۈپ كېنىزەكلىرى بىلەن چەمبىلگە كېلىدۇ ۋە گۆر ئوغلى بىلەن توي قىلىدۇ. بۇ تويىنى ئاڭلاپ مىسقال پەرى، «باغى ئىرەم»دىن گۈلنار قاتارلىق پەرىلەر كېلىپ، گۆر ئوغلىنىڭ نىكاھىغا ئۆتىدۇ. شۇنداق قىلىپ گۆر ئوغلى ئارقا ـ ئارقىدىن پەرىزات ۋە ئادىمزاتتىن بولۇپ توققۇز خوتۇن ئالىدۇ.

(11) گۆر ئوغلىنىڭ خانلىق تەختكە چىقىشى. گۆر ئوغلى 25 ياشقا كىرگەندە، بىر كۈنى تاغىسى ئەھمەدخان تاغدىن يىقىلىپ چۈش كۆرىدۇ ۋە بۇ چۈشنى يىقىلىرىدىن بىرىگە ئېيتقاندا، «خانلىقىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن» دەپ تەبىر بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەھمەدخان «تەختىم ياتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن» دەپ چەمبىلنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىرىنى يىغىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي بېرىپ، گۆر ئوغلىنى ئۆز ئورنىغا خان قىلىپ سايلايدۇ.

(12) گۆر ئوغلىنىڭ ھاۋازخاننى بۇلاپ كېلىشى. گۆر ئوغلى 100 ياشقا كىرگەندە ئەتراپىدىكى قىرىق يىگىتنىڭ تەلپى بويىچە گۆرجىستانغا بېرىپ، كېرەم قاسساپنىڭ ئوغلى ھاۋازخاننى ئېيقېچىپ كېلىپ، ئۇنىمۇ ئۆزىگە بالا قىلىۋالىدۇ.

(13) گۆر ئوغلىنىڭ باشقا ئەللەرنى بويسۇندۇرۇشى. گۆر ئوغلى ھاياتىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قىزىلباشلار (جەيھۇن شەھىرىنىڭ شاھى شاختارخان)، گۆرجىستان شاھى خۇنخار ۋە زەڭگىلەر شاھى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرىدۇ.

(14) ئەھمەدخاننىڭ گۆر ئوغلىدىن يۈز ئۆرۈشى. گۆر ئوغلى ھاۋازخان، ھەسەنخان ۋە قىرىق يىگىتى بىلەن شاختار خاننىڭ شەھرىگە ئۇرۇشقا ماڭغاندا، ئەھمەدخان شەھەرگە قاراشقا ھاۋازخاننى قايتۇرۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ، بىراق گۆر ئوغلى ئەھمەدخاننىڭ ئۆزىنى شەھەرگە قاراشقا قايتۇرىدۇ. بۇنى ھار ئالغان ئەھمەدخان شەھەرگە قايتىپ كېلىپلا گۆر ئوغلىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قايتىدىن شاھ بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ ھەمدە ئاغايۇنۇس پەرى ۋە ھاۋازخاننىڭ خوتۇن ـ باللىرىنى چۆلگە سۈرگۈن قىلىدۇ. گۆر ئوغلى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كېلىپ، ئەھمەدخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىياتلىرىنى قوشۇپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

(15) ھاۋازخاننىڭ خۇنخار ئېلىگە قايتىپ زىندانغا چۈشۈپ قېلىشى ۋە گۆر ئوغلىنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىشى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ھاۋازخان مەيخانىدا قىرىق يىگىت بىلەن مەي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، ئاياق قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۆردەك كۆلگە ئۆردەك ئېتىپ كېلىشكە ئەۋەتىلىدۇ. ئۆردەكلەرنى ئېتىپ بولۇپ قايتقاندا، ھاۋازخاننىڭ چۆلدە چىلىم خۇمارى تۇتۇپ كېتىپ، ئۇقۇشماستىن ئەھمەدخاننىڭ قورۇسىغا بېرىپ چىلىم سورايدۇ ۋە ئەھمەدخاننىڭ قىزى بوتا كۆز ئايىم بىلەن تەگىشىپ قالىدۇ. بوتا كۆزنىڭ «سەن بالىسىزنىڭ بىر قۇلى» دېگەن گېپىنى ھار ئالغان ھاۋازخان چەمبىلگە قايتقاندىن كېيىن، گۆر ئوغلىغا ئەھمەدخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىش تەلپىنى قويىدۇ. بۇنىڭغا يۇرت چوڭلىرى قوشۇلمىغانلىقتىن، گۆر ئوغلى ھاۋازخاننىڭ تەلپىنى ئورۇنداپ بېرەلمەيدۇ. بۇنى باھانە قىلغان ھاۋازخان ھېچكىمگە ئېيتماستىن گۆرجىستانغا قايتىپ كېتىدۇ ۋە خۇنخار شاھنىڭ گۆر ئوغلىنىڭ ئېتىقادىدىن قايتىش تەلپىنى رەت قىلىپ، زىندانغا كىرىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان گۆر ئوغلى قىرىق يىگىتى ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ ھاۋازخاننى قۇتۇلدۇرۇپ، چەمبىلگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

(16) گۆر ئوغلىنىڭ تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى. گۆر ئوغلى زەڭگىلەر شاھى بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن كېيىن، ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئۆز تەختىنى بېقىۋالغان ئوغلى ھاۋازخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خۇشال ـ خورام ياشاپ، ھەممىسى ئۆز نۆۋەتلىرىدە ئەجەل شارابلىرىنى ئىچىشىدۇ.

**2) «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ «ب نۇسخا»سى مەزمۇنىنىڭ ئىخچام شەكلى**

(1) گۆر ئوغلىنىڭ بوۋىسىنىڭ ۋەقەلىرىنىڭ بايانى. سەرخىل دىۋانە شاھزادە ئەلى ئىبىن زەمچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ جاھانگىر خارەزمنىڭ قىزى مەلىكە خەدىچىدىن تۇغۇلغان. سەرخىل «ئاتا ـ بوۋامغا ۋاپا قىلمىغان بۇ دۇنيا ماڭا ۋاپا قىلارمۇ، نەچچە كۈنلۈك

www.uyghurkitap.com



پادىشاھلىقنى دەپ دۇنيادىن ئۆتسەم، قىيامەت كۈنى ھالىم نە كەچكەي» دەپ پادىشاھلىقتىن كېچىپ، تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى مەھمۇد كۈن سىرىخ داۋامەندىنىڭ قىزى مەلىكە زەبىرە بولۇپ، ئۇلار بەلخقە بېرىپ، تەجەن (تېجەن؟) دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە چېدىر تىكىپ ئولتۇرىدۇ. بەلخ پادىشاھى مەھمۇرخان شىكارغا چىققان كۈنى سەرخىنمۇ تىلەمچىلىككە چىقىدۇ. ئۇلار كۆۋرۈك ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. سەرخىننىڭ قاپاقلىرىنىڭ شاراقلىغان ئاۋازىدىن شاھ مەھمۇرخاننىڭ ئارغىمىقى ئۈركۈپ كېتىپ، شاھ بىلەن قوشۇلۇپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىدۇ. نۆكەرلىرى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان شاھ ئىنتايىن غەزەپكە كېلىپ، شەھەردىكى بارلىق قەلەندەرلەرنى ئۆلتۈرۈش پەرمانىنى چۈشۈرىدۇ. سەرخىنمۇ تۇتۇلۇپ، زىندانغا تاشلىنىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان زەبىرە، ھەر كۈنى تاماق تىلەپ كېلىپ، زىنداندىكى ئېرىنى باقىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەھمۇرخان زەبىرەنى ئوردىسىغا ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى بېغىشىدىن كېسىپ تاشلايدۇ ۋە ئۇنى چۆلگە تاشلاتقۇزۇۋېتىدۇ. زەبىرە بۇ ۋاقىتتا ئىككى قات بولۇپ، ۋاقتى ــ سائىتى توشۇپ چۆلدە يەڭگىيدۇ. خىزىر كېلىپ بالىغا ئەدھەم دەپ ئىسىم قويۇپ بېرىدۇ ۋە ئىككى قولى يوق زەبىرەگە كۆپ ياردەملەرنى قىلىدۇ. ئاخىرىدا زەبىرە شىكارغا چىققان ئوسمان شاھنىڭ ئوغلى شاھزادە گىرىزانغا ئۇچراپ قالىدۇ. شاھزادە بىرلا كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىپ ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ. تويدىن كېيىن زەبىرە ئىككى قولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تىلەيدۇ ۋە تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، خىزىر كېلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ھەم ئوغلى ئەدھەمنى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن زەبىرەنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كېتىدۇ. سەرخىن بولسا 400 قەلەندەر بىلەن شاھ مەھمۇرخان تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىدۇ.

(2) گۆر ئوغلىنىڭ دادىسى ئەدھەمنىڭ ۋەقەلىرىنىڭ بايانى. ئەدھەم خىزىرنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولۇپ ئون سەككىز ياشقا كىرىدۇ. ئەدھەمنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرگەن خىزىر شاھ مەھمۇرخاننىڭ قىزى سەلىمەنى ئۇنىڭغا لايىق كۆرىدۇ ۋە ئىككىسىنى ئۇچراشتۇرۇش مەقسىتىدە، مەلىكە سەلىمە باغ سەيلىسىگە چىققان بىر كۈنى ئەدھەمنى بەلخكە ئىشقا بۇيرۇيدۇ. بەلخقە كېلىپ مەلىكىنى كۆرگەن ئەدھەم ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن چاھار باغقا بېرىپ مەلىكىگە ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز تۇرالغۇسىغا قايتىپ كېلىپ، بولغان ۋەقەنى ئاتىسى خىزىرغا سۆزلەپ بېرىدۇ. خىزىر ئەدھەمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز كۆچىگە تايىنىشىنى، ياردەمگە موھتاج بولسا ئۆزىنىڭ كېلىپ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ غايىپ بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چاھار باغقا كۆپ قېتىم بېرىپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئەدھەم ئاخىر شاھ ئوردىسىغا بېرىپ، شاھ مەھمۇرخاندىن قىزىنى ئۆزىگە بېرىشنى سورايدۇ. قەلەندەرنىڭ ئۆزى قىزىنى سوراپ كەلگىنىنى ھار ئالغان پادىشاھ باھانە تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە، ئۇنى بىر جۈپ گۆھەر تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەدھەم خىزىر ئەلەيھىسسالام ۋە ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردىمىدە پادىشاھنىڭ ئالدىغا 500 دانە گۆھەر ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن پادىشاھ ۋەدىسىدە تۇرماي ئەدھەمنى ئوغرى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئەدھەم تەجەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى قاچىسىغا قاچىلاپ كېلىپ، شەھەرنى سۇغا غەرق قىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن پۇقرالارغا ئىچى ئاغرىپ، دەريانىڭ سۈيىنى ئورنىغا قايتۇرۇۋېتىپ ئۆز ماكانىغا كېتىپ قالىدۇ. ئەدھەمنىڭ بۇ مۆجىزە ــ كارامەتلىرىنى كۆرگەن مەلىكە سەلىمە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئەدھەم بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئاتىسىغا سەزدۈرمەستىن ئۇنىڭ بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. ئەدھەم مەلىكىنى چۆلدىكى ئۆز چېدىرىغا ئېلىپ بارىدۇ، خىزىر كېلىپ ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قويىدۇ. مەلىكىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەدھەم كەپىنىڭ كەينىدىن بىر «شەرمى گۆر» كولاپ، ئۇنى شۇ گۆرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار شۇ گۆردە ياشايدۇ.

(3) گۆر ئوغلىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ شاھ مەھمۇرخانغا نۆكەر بولۇپ قېلىشى. كۈنلەردىن بىر

كۈنى مەلىكە ھامىلىدار بولىدۇ ۋە كۈنى توشۇپ شەرمى گۆردە كۆزى يورۇيدۇ. خىزىر كېلىپ بۇ بالىغا «گۆر ئوغلى» دەپ ئىسىم قويۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ گۆر ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. ئاتىسى بىلەن ئوۋچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. گۆر ئوغلى ئون ئىككى ياشقا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرى، ئۇ ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆزى يالغۇز ئوۋغا چىقىدۇ ۋە ئوۋدىن يانغاندا يامان نىيەتلىك بىرقانچە ئادەمگە ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ ئادەملەر گۆر ئوغلىنى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىش ئۈچۈن ئۇنى باغلاپ ئېلىپ ماڭغاندا، يېرىم يولدا شىكارغا چىققان شاھ مەھمۇرخانغا ئۇچراپ قالىدۇ. شاھ مەھمۇرخان ئادەم بىدىكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، گۆر ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىگە نۆكەر قىلىۋالىدۇ. گۆر ئوغلىنى كەيىندىن ئىزدەپ كەلگەن ئەدھەم بالىسىنى پادىشاھنىڭ يېنىدا نۆكەر ھالىتىدە كۆرۈپ، كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولۇپ كەپىسىگە قايتىپ كېتىدۇ ۋە ئايالى سەلىمەگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ.

(4) ئەدھەمنىڭ بولغۇسى ئىشلاردىن گۆر ئوغلىغا بېشارەت بېرىشى. گۆر ئوغلى شاھ مەھمۇرخانغا نۆكەر بولغاندىن كېيىن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، پادىشاھنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدۇ. كۈنلەردىن بىرى شاھ مەھمۇرخان دۆلەت ئىشلىرىنى گۆر ئوغلىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، شىكارغا چىقىپ كېتىدۇ. شاھنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلانغان گۆر ئوغلى باشقىلارغا سەزدۈرمەستىن ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ بارىدۇ. بۇ چاغدا ئەدھەم پادىشاھنىڭ پات ئارىدا ئۆزىنى گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىدىلا ئۆلتۈرىدىغانلىقى، كېيىنچە ئۇنىمۇ كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن مۇشكۈل ۋەزىپىگە ئەۋەتىدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى ئالدىن ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(5) دۇختەر بانۇ (سەلىمەنىڭ ئانىسى)نىڭ گۆر ئوغلىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىدىن خەۋەردار بولۇشى. مەلىكە سەلىمە يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، شاھ مەھمۇرخان تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، قىزى بىلەن قەلەندەر ئەدھەمنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكتىن، گۆر ئوغلى سالاھىيىتىنى ھەممە ئادەمدىن يوشۇرۇپ يۈرۈيدۇ. كۈنلەردىن بىرى شاھ مەھمۇرخان گۆر ئوغلىنى قۇندۇز شەھىرىگە ئىنىسى شاھ مۇھەممەتخانىنىڭ يېنىغا نامە ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ شەھەردىكى مەلىكە سەلىمەنى كىچىك ۋاقتىدا ئېمىتكەن بىر ئىنىكئانا گۆر ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەلىكە سەلىمەگە ئوخشايدىغانلىقىنى شاھ مۇھەممەتخانىنىڭ ئايالىغا يەتكۈزىدۇ. ئۇلار گۆر ئوغلىنى چاقىرىپ سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنىكئانا بەلخقە كېلىپ، بۇ ئىشلارنى سەلىمەنىڭ ئانىسى دۇختەر بانۇغا يەتكۈزىدۇ. دۇختەر بانۇ گۆر ئوغلىنى قايتا ـ قايتا يېنىغا چاقىرتىپ سوراش ئارقىلىق، ئاخىرى گۆر ئوغلىنىڭ قىزى سەلىمەنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ ۋە شاھ مەھمۇرخانغا چاندۇرماستىن گۆر ئوغلى بىلەن بىرىپ، قىزى سەلىمەنى كۆرۈپ كېلىدۇ.

(6) مەھمۇرخانىنىڭ ئەدھەمنى ئۆلتۈرۈپ، سەلىمەنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىشى. كۈنلەردىن بىرى جاڭگالدا ياشىغۇچى بىرقانچە سايىت (ئوۋچى) بىر قەلەندەر (ئەدھەم) «جاڭگالدىكى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تۈگەتتى» دەپ شاھ مەھمۇرخانغا ئەرز قىلىپ بارىدۇ. ئۇ قەلەندەرنىڭ ساھىبجامال ئايالى بارلىقىنى ئاڭلىغان مەھمۇرخان، دەرھال قەلەندەر ئەدھەمنى ۋە قىزىنى ئېپسگە ئالىدۇ ۋە سايىتلارغا يول باشلىتىپ ئەدھەمنىڭ تۇرالغۇسىغا بارىدۇ. ئەدھەمنى بىر كۆرۈپلا تونۇغان شاھ مەھمۇرخان ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. قىزىنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئۇنى ئامالسىز ئوردىغا ئېلىپ كېتىدۇ. گۆر ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن كۆپ ئازابلانغان بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىمايدۇ.

(7) گۆر ئوغلىنىڭ قۇندۇز قەلئەسىدىكى جەڭدە تۆھپە كۆرسىتىشى. شاھ مۇھەممەتخان ئاكىسى شاھ مەھمۇرخانغا ئۆز قەلئەسىنىڭ خۇشقىرات ھاكىمىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغانلىقى، ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىشى توغرىسىدا نامە ئەۋەتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن شاھ مەھمۇرخان گۆر ئوغلىنى قۇندۇز قەلئەسىگە ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. گۆر ئوغلى

www.uyghurkitap.com



قوندۇز قەلئەسىدىكى ئۇرۇشتا قالتىس باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىدۇ. شاھ مۇھەممەتخان ئۇنى كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن، كاتتا ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلايدۇ. شۇنداق قىلىپ گۆر ئوغلى نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ، بەلخقە قايتىپ كېلىدۇ.

(8) شاھ مەھمۇرخاننىڭ گۆر ئوغلىنىڭ سالاھىيتىدىن خەۋەر تېپىشى ۋە ئۇنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىشى

مەھمۇرخان دائىم يامان چۈش كۆرىدۇ ۋە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىدىن ئۆزى تەربىيەلىگەن بالا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولىدۇ. شۇڭا دائىم بولغۇسى قاتىلنى تېپىشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ. مەلىكە سەلىمەنى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، قىزنى ئالداپ گۆر ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. گۆر ئوغلىنىڭ قوندۇز قەلئەسىدىكى غەلبىسىدىن ۋە ئۆزىدىن دادىسى بىلەن بوۋىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەن شاھ مەھمۇرخان، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش مەقسىتىدە، قوندۇز قەلئەسىگە ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى شاھ مۇھەممەتخانغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، گۆر ئوغلىنى بارغان ھامان ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. گۆر ئوغلى يولدا ئېزىپ قېلىپ، شاھ مۇھەممەتخاننىڭ قىزى پاتىمەنىڭ چاھارباغىغا بېرىپ قالىدۇ ۋە ھېرىپ كەتكەنلىكتىن شۇ يەردە ئۇخلاپ قالىدۇ. مەلىكە پاتىمە گۆر ئوغلىنىڭ يېنىدىكى نامىنى ئېلىپ «نامىنى ئېلىپ بارغۇچى ئۆلتۈرۈلسۇن» دېگەن خەتنى، «نامىنى ئېلىپ بارغۇچىغا قىزىڭىزنى ياتلىق قىلىڭ» دەپ ئۆزگەرتىپ قويىدۇ. ئەتىسى گۆر ئوغلى قوندۇز قەلئەسىگە بېرىپ، نامىنى شاھ مەھەممەتخانغا بەرگەندە، شاھ مەھەممەتخان نامىدە دېيىلگىنى بويىچە، ئۆز قىزىنى گۆر ئوغلىغا نىكاھلاپ قويىدۇ.

(9) گۆر ئوغلىنىڭ شاھ مەھمۇرخاننى ئۆلتۈرۈشى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، گۆر ئوغلى قوندۇز قەلئەسىنىڭ بەگلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بەلخقە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلمەكتە يوق، ئاكىسىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن مەھمۇرخان قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. مەھمۇرخاننىڭ زالىملىقىدىن تويغان بىر قىسىم بەگلەر، گۆر ئوغلىنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، شاھقا قارشى قوزغىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇرخان تەرەپدارلىرى بىلەن گۆر ئوغلى تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا جەڭ باشلىنىدۇ. گۆر ئوغلى مەھمۇرخاننى ئۆلتۈرۈپ، بوۋىسى ۋە دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ ھەم مەھمۇرخاننىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولىدۇ.

(10) گۆر ئوغلىنىڭ تويى. گۆر ئوغلى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، شاھ مۇھەممەتخاننىڭ قىزى مەلىكە پاتىمەنى قايتا نىكاھىغا ئېلىپ، رەسمىي چوڭ توي قىلىپ ئۇنى شەھىرى بەلخقە كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. كېيىنچە پاتىمە ئىككى قات بولۇپ، ۋاقتى ـ سائىتى توشقاندا بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. بۇ بالىغا ھاۋازخان دەپ ئىسىم قويۇشىدۇ.

(11) گۆر ئوغلىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى. ئېغىرشخان شام شەھىرىدىن قېچىپ كەتكەن ئەسقەر شاھنى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن، گۆر ئوغلى بىلەن ئۇنىڭ قېيىنئاتىسى مۇھەممەتخاننى ھىندىستان ۋىلايىتىگە ئەۋەتىدۇ. گۆر ئوغلى شامدىن چىقىپ قېيىنئاتىسى مۇھەممەتخاننى بەلخقە ئەكېلىپ قويۇپ، ئۆزى ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. گۆر ئوغلى بىر يولغا چىققانچە كەستىھام، ئافغان، سىجۇي، سەھەب، مىلان ۋە رەكىن قەلئەلىرىگە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ جەرياندا بەزى قەلئەلەرنى جەڭ قىلىش يولى بىلەن بويسۇندۇرسا، بەزىلىرىنى سۈلھى تۈزۈش يولى بىلەن ئەل قىلىدۇ.

(12) گۆر ئوغلىنىڭ ھاۋازخان بىلەن ئۇچار ئاتنى ئىزدەپ تېپىشى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شاھزادە ھاۋازخان دەشت ـ باياۋاندا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەندە، ئۈچ كۆزلۈك ئۈچقۇر بىر ئايغىرنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ ۋە بۇ ئايغىرنىڭ دەردىدە تاماقتىن قېلىپ، ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. ئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان گۆر ئوغلى ھاۋازخاننى ئېلىپ، ئۇچار ئاتنى تېپىش سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇلار چۆل ـ باياۋان، تاغۇ ـ دەشتلەرنى كېزىپ يۈرۈپ ھىندى ئېلى، كۇجۇرات قەلئەلىرىگە بېرىپمۇ ئۇ ئايغىرنىڭ دېرىكىنى ئالالمايدۇ. ئاخىرىدا دەريايى مۇھىتتىن ئۆتۈپ، بىر

چۆلگە بارىدۇ ۋە بۇ چۆلدىكى چاھارباغدا ياشىغۇچى زەڭگىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇ ئايغىرنىڭ ئۇلارنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئايغىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. زەڭگىلەرنىڭ چوڭى گۆر ئوغلىنى سىڭلىسىنىڭ تۇرار جايىغا باشلاپ بارىدۇ، زەڭگىلەرنىڭ سىڭلىسى ئۇ ئايغىرنى گۆر ئوغلىغا تەقدىم قىلىدۇ، گۆر ئوغلى بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلارغا دادىسى ئەدھەمدىن قالغان گۆھەردىن ئوننى بېرىدۇ ۋە ئايغىرنى ئېلىپ سىرانىدىپ شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ.

(13) گۆر ئوغلىنىڭ بەلخكە قايتىشى. گۆر ئوغلى سىرانىدىپ شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نامە يېزىپ ھەرقايسى قەلئەلەردىكى شاھلارنى يىغىنغا چاقىرتىدۇ ۋە سۇلتان ئىرۇج شاھ ھىندىنى سىرانىدىپ شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزى لاۋۇ - لەشكەرلىرى بىلەن شام شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە شاھ ئىغىرشىخان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ھىندىستاندىكى ۋەقەلەردىن خەۋەرلەندۈرىدۇ. ئىغىرشىخان يەتتە ئىقلىمغا ئەۋەتكەن لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ھەرقايسىسىنىڭ تۆھپىلىرىگە لايىق ئىنئاملارنى بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز شەھەرلىرىگە قايتۇرىدۇ. گۆر ئوغلى سۇلتانمۇ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن بەلخكە قايتىپ كېلىپ، قېيىنئاتىسى شاھ مۇھەممەتخان بىلەن جەم بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گۆر ئوغلى ئەلنى ئادىللىق بىلەن سورايدۇ.

## 2. «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسىنىڭ قىسقىچە سېلىشتۇرمىسى

**1) «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسىدىكى پەرقلەر**

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەنىدەك، كۆنىمىزگە قەدەر ئۇيغۇرلاردا ساقلانغان «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى ئارىسىدىكى پەرق خېلى چوڭ بولۇپ، ئۇلارنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بولىدۇ:

(1) گۆر ئوغلىنىڭ ئائىلىسى. داستانىنىڭ «ئا نۇسخا»سىدا، باش پېرسوناژ - قەھرىمان غايىبتىن پەيدا بولغان ھامىلىدۇر. يەنى گۆر ئوغلىنىڭ ئانىسى زۇلپەر ئايىم ھەزرىتى ئېلىنىڭ نەزەرى چۈشۈشى بىلەن ھامىلىدار بولۇپ قالىدۇ. «ب نۇسخا»دا بولسا، گۆر ئوغلىنىڭ ئانىسى شاھ مەھمۇرخاننىڭ قىزى بولۇپ، قەلەندەر ئەدھەم بىلەن توي قىلىدۇ ۋە گۆر ئوغلىغا قورساق كۆتۈرىدۇ.

(2) گۆر ئوغلىنىڭ غەيرىي تەبىئىي تۇغۇلۇشى. «ئا نۇسخا»دا، قەھرىمان ئۆلۈك ئانىدىن قەبرىدە تۇغۇلۇپ، بىر ئالا بايتالنى ئېمىپ چوڭ بولىدۇ ۋە تاغىسى ئەھمەدخاننىڭ ھامىيلىقىدە بالاغەتكە يېتىدۇ. «ب نۇسخا»دا، قەھرىمان ھايات ئانىدىن «شەرمى گۆر»دە تۇغۇلىدۇ، ئانىسىنى ئېمىپ چوڭ بولىدۇ. شۇنداقلا ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە بالاغەتكە يېتىدۇ.

(3) گۆر ئوغلىنىڭ خىزىرنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشىشى. «ئا نۇسخا»دا، گۆر ئوغلى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى كېچىسى خىزىر، قىرىق چىلتەن ۋە ئون ئىككى ئىمام كېلىپ، ئۇنىڭ دولىسىغا ئۆز مۆھۈرلىرىنى باسىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گۆر ئوغلى قانداقلا مۇشكۇلاتقا يولۇقسۇن، ئۇلار كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولىدۇ. «ب نۇسخا»دا، گۆر ئوغلىنىڭ دادىسىنى يەنى ئەدھەمنى خىزىر بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ئەدھەم قانداقلا قىيىنچىلىققا يولۇقسا، خىزىر شۇ ھامان پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ. ئەمما خىزىرنىڭ گۆر ئوغلىغا ياردەم قىلغانلىقى ياكى گۆر ئوغلىنىڭ خىزىر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھېچقانداق يەردە ئۇچرىمايدۇ.

(4) گۆر ئوغلىنىڭ تۇلپارغا ۋە ئالاھىدە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى. «ئا نۇسخا»دا، گۆر ئوغلىنىڭ ئايغىرى لەيلىقىر باشتىن - ئاخىر تەسۋىرلىنىدۇ. گۆر ئوغلى بۇ ئايغىرغا ئۆزى ئېمىپ چوڭ بولغان ئالا بايتالغا دانىياتنىڭ تۇلپىرىنى چاپتۇرۇش يولى بىلەن ئېرىشىدۇ ۋە ئۇنى قىرىندىشىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ ئاسرايدۇ. ئالاھىدە كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ساھىبى بولۇشىدا بولسا، گۆر ئوغلىنىڭ «دۇنيادا ماڭا كۈچ جەھەتتىن ھېچ نەرسە تەڭ كەلمىسە» دەپ تىلىگەن تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، ئالاھىدە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇمىد قىلغىنىدەك ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنى يېڭەلمەيدۇ. «ب نۇسخا»دا، گۆر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوغلىنىڭ ئايغىرى تىلغا ئېلىنمايدۇ. پەقەت ئوغلى هاۋازخاننىڭ ئۈچ كۆزلۈك بىر تۇلپارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ دەردىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقى، گۆر ئوغلىنىڭ بۇ ئايغىرنى بالىسى هاۋازخانغا تېپىپ بېرىش ئۈچۈن، ئوغلىنى ئېلىپ ئۇزۇن يول يۈرۈپ، زەڭگىلەر ماكانىدىن تېپىپ كەلگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشىشتە بولسا، گۆر ئوغلىنىڭ دادىسى ئەدھەم ئاجايىپ مۆجىزە ـ كارامەتلەرنى كۆرسىتەلەيدۇ. ئەمما گۆر ئوغلىنىڭ پەقەت باتۇرلۇقى تەسۋىرلىنىپ، ئالاھىدە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمايدۇ.

(5) گۆر ئوغلىنىڭ ياشايدىغان ماكانى. «ئا نۇسخا»دا، گۆر ئوغلى چەمبىل ئېلىدە ياشايدۇ. «ب نۇسخا»دا بولسا، گۆر ئوغلى بەلخنى ماكان قىلغان.

(6) گۆر ئوغلىنىڭ ئۆيلىنىشى. «ئا نۇسخا»دا، گۆر ئوغلى پەرىزات ۋە ئادىمزاتتىن بولۇپ جەمئىي توققۇز خوتۇن ئالىدۇ. «ب نۇسخا»دا، گۆر ئوغلىنىڭ پەقەت شاھ مۇھەممەتخاننىڭ قىزى مەلىكە پاتىمەنى ئالغانلىقىلا تىلغا ئېلىنغان.

(7) گۆر ئوغلىنىڭ تەختكە چىقىشى. «ئا نۇسخا»دا، گۆر ئوغلى تاغىسى ئەھمەدخاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىدۇ، يەنى تاغىسى ئەھمەدخان تەختنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. «ب نۇسخا»دا بولسا، گۆر ئوغلى زالىم شاھ مەھمۇرخاننى، يەنى ئانا تەرەپ بوۋىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولىدۇ.

(8) گۆر ئوغلىنىڭ پەرزەنتلىك بولۇشى. «ئا نۇسخا»دا، گۆر ئوغلى جەمئىي توققۇز خوتۇن ئالغان بولسىمۇ، هاياتىدا بىرمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمەيدۇ ۋە ئىسپاھاندىن ھەسەنخاننى، گۆرجىستاندىن هاۋازخاننى بۇلاپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە بالا قىلىۋالىدۇ. «ب نۇسخا»دا، گۆر ئوغلى مەلىكە پاتىمەدىن بىر بالىلىق بولىدۇ ۋە بۇ بالىغا هاۋازخان دەپ ئىسىم قويىدۇ.

(9) گۆر ئوغلىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى. «ئا نۇسخا»دا، گۆر ئوغلى گۆرجىستان، ئىسپاھان ۋە زەڭگىلەر شاھى دۆلىتى قاتارلىق مەملىكەتلەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلىدۇ. «ب نۇسخا»دا، گۆر ئوغلى ھىندىستان ۋىلايىتىنىڭ كەستىھام، ئافغان، سىجۋي قاتارلىق ئون نەچچە قەلئەسى (شەھىرى) گە يۈرۈش قىلىدۇ.

(10) گۆر ئوغلىنىڭ ۋاپاتى. «ئا نۇسخا»دا، گۆر ئوغلى 120 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەختنى بېقىۋالغان ئوغلى هاۋازخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ئەجەل شارابىنى ئىچىدۇ. «ب نۇسخا»دا، گۆر ئوغلىنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى تىلغا ئېلىنمايدۇ. داستان ۋەقەلىكى گۆر ئوغلىنىڭ بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى ۋە باشقا پائالىيەتلىرى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**2) «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسىدىكى ئورتاقلىقلار**

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئىككى نۇسخىدا پەقەت ئۈچ جەھەتتە ئورتاقلىق بار:

(1) ھەر ئىككى نۇسخىدا باش قەھرىمان گۆردە تۇغۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسمى «گۆر ئوغلى» دېيىلىدۇ.

(2) ھەر ئىككى نۇسخىدىكى پادىشاھلار (ئەھمەدخان بىلەن مەھمۇرخان)نىڭ چۈشلىرىگە پادىشاھلىقنىڭ ئۆز قولىدىن كېتىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ.

(3) ھەر ئىككى نۇسخىدا گۆر ئوغلى پادىشاھ بولۇپ يۇرت سورايدۇ.

## 3. دۆلىتىمىزدە «گۆر ئوغلى» ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار

جۇڭگو تۈپرىقىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئەسىرلەردىن بۇيان «گۆر ئوغلى» داستانىنى بىر تەرەپتىن ئاغزاكى يوسۇندا ئېيتىپ ساقلاپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ، كىتاب قىلىپ، ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن مەنىۋى زوق ئېلىپ كېلىشكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا بولسا بۇ داستان داۋاملىق ئىجرا قىلىنىپ تۇرغان. كۈنىمىزگىچە ئۇنى يادقا بىلىدىغانلار ئۆزى

بىلەن بىرگە بۇ ئەسەرنى ساقلاپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىلمىي خادىملار ھەر خىل يوللار بىلەن ئۇنىڭ يازما نۇسخىسىنى خەلق ئارىسىدىن تېپىپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يېزىق شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ، يېڭى مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىپ، داستانىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكى قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىش.

داستانىنىڭ «ئا نۇسخا» ۋە «ب نۇسخا»لىرىنىڭ يېڭىچە مەتبەئە يۈزىدە يورۇقلۇققا چىققانلىقى «گۆر ئوغلى» تەتقىقاتىدىكى چوڭ ئىش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ داستان توغرىسىدا ئىزدىنىش داۋام ئېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

**1) «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ نەشرگە تەييارلىنىش ئەھۋالى**

(1) «ئەمىر گۆر ئوغلى»، ئەرشىدىن تاتلىق تەييارلىغان، ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنىدىغان «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان[3].

(2) «گۆر ئوغلى»، ۋاھاپ قادىر تەييارلىغان، ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنىدىغان «بۇلاق» ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان[4].

(3) «ئەمىر گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ ئەرشىدىن تاتلىق تەييارلىغان نۇسخىسى كېيىنچە بىرقانچە مەجمۇئە ۋە توپلاملارغا كىرگۈزۈلۈپ قايتا نەشر قىلىنغان:

(1) «ئەمىر گۆر ئوغلى»، ئەرشىدىن تاتلىق تەييارلىغان، «ئەمىر گۆر ئوغلى» ناملىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن[5].

(2) «ئەمىر گۆر ئوغلى»، قامۇس تۈزۈش ھەيئىتى تەييارلىغان، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نىڭ 8 - قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن[6] (3) «ئەمىر گۆر ئوغلى»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تەييارلىغان «ئەمىر گۆر ئوغلى» ناملىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن[7].

**2) «ئەمىر گۆر ئوغلى» توغرىسىدا يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەر**

(1) ئەرشىدىن تاتلىق يازغان «ئەمىر گۆر ئوغلى داستانى» ناملىق ماقالە[4] «مىراس» ژۇرنىلىدا[8]، ئۇنىڭ خاۋ گۇەنجۇڭ تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى «قەھرىمانلىق ئېپوسى ‹ئەمىر گۆر ئوغلى›» («艾米尔古尔乌古里›英雄史诗») نامى بىلەن بېيجىڭدا نەشر قىلىنىدىغان «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» («民族文学研究») ناملىق ژۇرنالدا[9] ئېلان قىلىنغان.

(2) ئابلىمىت ياسىن يازغان «ئۇيغۇر خەلق داستانى ‹ئەمىر گۆر ئوغلى›دىكى گۆر ئوغلى ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى» ناملىق ماقالە يۈسۈپ ئىسھاق تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن تاللانما» (1) ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن[10].

**3) داستانغا دائىر مەزمۇنلارنىڭ ئالىي مەكتەپ دەرسلىك كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلۈش ئەھۋالى**

پىروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان يازغان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى» ناملىق كىتابقا[11]، غەيرەتجان ئوسمان يېتەكچىلىكىدە تەييارلانغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن[12].

**4) داستانغا دائىر مەزمۇنلارنىڭ خاس تەتقىقات كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلۈش ئەھۋالى**

(1) پىروفېسسور ئوسمان ئىسمايىل يازغان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابقا[13]، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابقا[14] كىرگۈزۈلگەن.

(2) پىروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان يازغان «قەشقەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابقا[15]، «گۆر ئوغلى» (قىسقىچە ۋەقەلىكى)، پىروفېسسور ئابدۇۋەلى كېرەم يازغان «ئۇيغۇر ئاغزاكى داستانلىرى تەتقىقاتى»[16] ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

(3) باشقىلار. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئابدۇكېرىم راخمان، غەيرەتجان ئوسمان، ئابلىمىت مۇھەممەت قاتارلىقلار تۈزگەن ۋە مەسئۇل بولۇپ تەييارلىغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر مەخسۇس كىتابلار، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە «گۆر ئوغلى»نىڭ نامى ئالاھىدە تىلغا

www.uyghurkitap.com



ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى (ياكى داستانى) ئىكەنلىكى قاراتمىلىق ھالدا قەيت قىلىنغان. مەسىلەن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»[17]، «ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئاساسلىرى»[18]، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس»[19]، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»[20]، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»[21]، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان»[22]، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»[23] قاتارلىقلار.

**5) ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى**

گۈلتاجى زۇنۇنىنىڭ پىروفېسسور ئوسمان ئىسمايىل تارىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تاماملىغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى ‹ئەمىر گۆر ئوغلى› ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسى 2015 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ياقلانغان.

**6) ساقلانغان مەسىلىلەر**

«گۆر ئوغلى» شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بىر باتۇرلۇق ئېپوسى. ئۇنىڭدا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى خېلى گەۋدىلىك يوسۇندا ساقلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەم ئاغزاكى ھەم يازما نۇسخىسى تارقىلىپ كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، فولكلور تەتقىقاتچىلىرى بۇ داستاننى ئىلمىي يوسۇندا بايقاپ، ئۇنى قوغداش ۋە ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. كۈنىمىزگە قەدەر داستاننىڭ ئاغزاكى تارقىلىشىغا شارائىت يارىتىلىپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقى ئالقىشلاشقا تېگىشلىك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىككى خىل يازما نۇسخىسىنىڭ ئاشكارە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغانلىقى ئۇيغۇر ئاغزاكى داستانچىلىق خەزىنىسىگە، ئومۇمەن ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان چوڭ بىر تۆھپە، ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغان، مەڭگۈ خاتىرىلەشكە تېگىشلىك بولغان ئەستىلىك. لېكىن، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، داستاننىڭ ئىككى خىل يازما نۇسخىنىڭ ئەينى قولىيازمىسى ھەم بۇلار ھەققىدىكى زۆرۈر ئۇچۇرلار مەتبۇئات يۈزى كۆرۈش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشەلمىگەن. ھەتتا «ئا نۇسخا» بىر خىل يازما نۇسخىنى ئاساس، ئىككى خىل ئاغزاكى نۇسخىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن يازما نۇسخىنىڭ ئەسلىدىكى تىل ئۇسلۇبى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكى، جۈملىدىن ئىككى خىل ئاغزاكى نۇسخىنىڭمۇ تىل ھەم بايان ئۇسلۇبى ئىپادىلەنمەي قالغان. «ب نۇسخا»نىڭ بولسا ئۇنىڭ ھېچقانداق مەنبەئە ئاساسى كۆرسىتىلمىگەن ئەھۋالدا ئېلان قىلىنغان. مادامىكى، مەن (غەيرەتجان ئوسمان) بۇ نۇسخىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى ۋاھاپ قادىر ئەپەندى بىلەن 2016 - يىلى 20 - ئىيۇل ئۈرۈمچىدە ئۇچرىشىپ، «ب نۇسخا»نىڭ مەنبەئە ئاساسى توغرىسىدا قىسمەن ئۇچۇرغا ئېرىشتىم ھەم بۇ ماقالىدە ئۇنى يۈزەكى ھالدا قىستۇرۇپ ئۆتتۈم.

ئومۇمەن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو دۇنياۋى داستان «گۆر ئوغلى» كەڭ تارقالغان، ئۇزۇن تارىخقا ھەمراھ قىلغان، ئاغزاكىيلىقتىن يازما شەكىلگە كەلتۈرۈلۈشكە، يازما نۇسخىلاردىن ئاغزاكىيلىققا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇشقا، شۇنداقلا كۈنىمىزگىچە ئۈزۈكسىز ئېيتىلىپ كېلىشكە ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئۇلۇغ مەملىكەت. ئۇنىڭ شانلىق ئىجتىمائىي تارىخى ۋە سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت - مەرىپەت خەزىنىسىدە «گۆر ئوغلى»دەك نادىر ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ۋە چوڭقۇر تەتقىقات قىزغىنلىقىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدا تۇرۇپ كەلگەنلىكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھلار:


[1] «مىراس» [J]. 1983 (1): 20 - 58؛ (2): 10 - 41؛ 1984 (1): 13 - 51.

[2] «بۇلاق» [J]. 1984(ئومۇمىي13) : 1 - 119.

[3] «مىراس» [J]. 1983( 1 ): 20 - 58 ؛ ( 2 ): 10 - 41 ؛ 1984 ( 1 ): 13 - 51.

[4] «بۇلاق» [J]. 1984 (ئومۇمىي 13 ): 1 ـ 119.

[5] «ئەمىر گۆر ئوغلى»[M]. شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986.

[6] «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»(8)[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى.

[7] «ئەمىر گۆر ئوغلى» (ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى توپلىمى) [M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006.

[8] «مىراس» ژۇرنىلى[J]. 1983 (1) 15 ـ، 19.

[9] 民族文学研究[M].1984(1): 54-55.

[10] «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن تاللانما» (1) [M]. 427 ـ 443. شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ پەن- تېخنىكا نەشرىياتى، 2015.

[11] ئابدۇكېرىم راخمان يازغان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى»[M]. (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسى 1983- يىلى ئاق باسما نۇسخىدا باستۇرغان)، 1983: 411 ـ 414.

[12] «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى»(1) [M]. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2004: 96 ـ 105.

[13] ئوسمان ئىسمايىل : «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998: 648 -649.

[14] «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009: 638 ـ 639.

[15] ئابدۇكېرىم راخمان: «قەشقەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»[M]. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012: 233.

[16] 阿布都外力 · 克热木. 维吾尔民间口承达斯坦研究[M].中国社会科学出版社, 2014:410.

[17] ئابدۇكېرىم راخمان: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (3) [M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، 1981(10): 323.

[18] «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئاساسلىرى»[M]. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1986 : 541.

[19] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987: 25.

[20] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» [M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 : 32.

[21] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»[M]. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 : 105.

[22] ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان»[M]. 324.

[23] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012: 66.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

38 ـ يىللىق 2 ـ سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 38 卷第 2 期
2017 ـ يىلى 6 ـ ئاي　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2017 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 079 ـ 02(2017) 5878 ـ 1005

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى نىكاھ تويىغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر توغرىسىدا*

مەمەت قايۇم[1]، ئايگۈل ئابلىز[2]

(1.شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046؛
2. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ. 100084)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** نىكاھ توي كىشىلىك تۇرمۇش مۇراسىمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ توي مۇراسىمى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەرنىڭ توي ئادىتىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا 7500 دىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ماقالىدە، بۇ سۆزلەر ئىچىدىن شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلانغان نىكاھ توي ئادەتلىرىگە ئائىت سۆز ـ ئاتالغۇلار ئايرىپ چىقىلىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئىزاھلاپ ئۆتۈلىدۇ. شۇنداقلا شۇ دەۋردىكى توي ئادەتلىرى قىسقىچە تەسۋىرلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تۈركىي تىللار دىۋانى؛ نىكاھ توي؛ ئۆرپ ـ ئادەت

## 试戏《突厥语大辞典》中的婚姻习俗

买买提·喀尤甫，阿依古丽·阿布力孜

**摘要：**婚礼是人生礼仪最重要的组成部分，各民族的的婚姻习俗具有明显的民族特色。随着社会的发展，民族的婚姻习俗也发生变化。《突厥语大辞典》作为11世纪最著名的著作，收录了7500多个词汇。本文对收录该辞典的这些词汇进行研读，找出11世纪婚姻习俗的相关词汇进行分类，并对这些词汇进行解释，简要描述当时的婚姻习俗。

**关键词:** 突厥语大辞典；婚礼；习俗

**Abstract:** The marriage is one of the most important main events of human life. It is also rich of colorful marital customs from different cultures and changes with social development. "The Dictionary of Turkic" is a masterpiece from 11th century and has more than 7500 vocabulary. This paper mainly studies vocabularies and expressions related to marriage and study them for further understanding of marital customs at that time.

**Keywords:** The Dictionary of Turkic; marriage; customs

كىتابلارنى جۈملىگە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H21　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىنسانلار بۇ دۇنيادا تۇغۇلۇش، ياشاش، ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق ھالەتتىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھەر قايسى مىللەتلەردە ئۆزىگە خاس مۇراسىم ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. مۇراسىملارنىڭ شەكلى، مەزمۇنىغا قاراپ كىشىلىك تۇرمۇش مۇراسىمى، ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىمى، دىنىي

---

* بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى( 2015BMZ052)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقات بازىسى تەتقىقات تۈرى(010212C05 ) ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلۇق تەتقىقات تۈرى( BS120206 ) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** مەمەت قايۇم (1987ـ يىلى تۇغۇلغان)، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2013 ـ يىللىق جۇڭگو ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ ماگىستىرانتى. ئۇيغۇر فولكلورى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ئايگۈل ئابلىز(1986 ـ يىلى4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2015 ـ يىللىق جۇڭگو ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ دوكتورانتى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مۇراسىم دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش مۇراسىمى شەخسنىڭ ئۆمرىدىكى تۇغۇت (تۇغۇلۇش)، تويلىشىش، ئۆلۈم قاتارلىق زور ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. نىكاھ توي كىشىلىك تۇرمۇش مۇراسىمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ توي مۇراسىمى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەرنىڭ توي ئادىتىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىلىمىنىڭ، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك مىراسى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت، جەمئىيەت، پەلسەپە، ئەدەبىيات، فولكلور، گېئوگرافىيە، ئېتنوگرافىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 7500دىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن. ماقالىمىزدە، شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلانغان نىكاھ توي ئادەتلىرىگە ئائىت سۆز ـ ئاتالغۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## 1. توي قىلمىغان ۋە قىلغان ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر

ئادەم ياشاش جەريانىدا بوۋاقلىق، بالىلىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىق جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. «دىۋان»دا بالىلىق، گۆدەكلىكنى «ئۇشاقلىق»[1]، دەپ خاتىرىلىگەن.

تازا ياش قورامىغا يەتكەن يىگىتنى «تۈرك يىگىت» دەپ ئاتىغان. «تۈرك»[2] ۋاقىت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، «تازا يېتىلگەن ۋاقتى» دېگەن مەنىدە. «يىگىت »[3] ھەر نەرسىنىڭ يېشى دەپ ئىزاھلانغان.

تۈركىي تىللىق خەلقلەر نازۇك، نازاكەتلىك، يېقىملىق، قەددىي قامىتى كېلىشكەن، چىرايى نۇرلۇق ۋە كىيىملىرى پاكىز كىشىنى «تايلاڭ ئەر» (كېلىشكەن يىگىت) دېيىشەتتى ۋە بۇ سۈپەتنى كۆپرەك ياشلار ئۈچۈن قوللىناتتى. يەنى «تايلاڭ يىگىت» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ھازىرقى «قامەتلىك ياش» دېگەن مەنىگە توغرا كېلىدۇ. قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ئادەمنى «بوزلۇغ سىنلىغ كىشى»[4] دەپ ئاتىشاتتى.

بويىغا يېتىپ توي قىلمىغان قىزنى «قىز» دەپ ئاتىغان. يەنى «دىۋان» دا « مېنىڭ قىزىم، ئۆي قىزى، بويىغا يەتكەن قىز، بۇ سۆز ھۆر قىزلارغا قوللىنىلغاندەك، سېتىۋېلىنغان چۆرىلەرگىمۇ قوللىنىلىدۇ، بۇ ئەسلىدە ‹بويىغا يەتكەن، لېكىن ياتلىق بولمىغان قىز› دېگەنلىك بولىدۇ، باشقا مەنىلىرى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئېيتىلغان كۆچمە مەنىلەردۇر.» [5] دەپ ئىزاھلانغان.

توي قىلغان ئايالنى «قۇزۇز» [6] دەپ ئاتىغان بولۇپ، چوكان، سېكىلەك دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلىغان. توي قىلىش يېشىغا يەتكەن يىگىتنى «ئەرسىبندى» [7] دەپ ئاتىغان.

«دىۋان»دا ئۆيلەنگەننى «ئوغۇشلاندى»[8] دەپ خاتىرىلىگەن بولۇپ، « ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق، ئورۇق ـ جەمەتلىك بولدى، ئادەم ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق، ئورۇق ـ جەمەتلىك بولدى» دەپ ئىزاھلىغان. «ئۆيلەندى» دېگەننى يەنە «قاۋۇشدى»[9] دەپمۇ ئاتىغان. بۇنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: « قوۋۇشتى. ئەركەك خوتۇنغا قوۋۇشتى. يەنى ئۆيلەندى، بۇ سۆز ئەسلىدە بىر نەرسىنىڭ يەنى بىر نەرسىگە ئۇلىنىشى ياكى باغلىنىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: قاياش قاياشقا قوۋۇشتى دېگەنگە ئوخشاش. ئىككى خان ئارىسىدا يارىشىش ئۈچۈن بولغان ئۇچرىشىشنى دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: «تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشۇر».

خوتۇن ئالدى دېگەننى« ئول كىسى ئالدى»[10] دېيىشكەن. بويتاق ئەرنى «ئەرگەن»[11] دېگەن. بۇنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: « بويتاق. بويتاق ئەر ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بويتاققا ئەللىك قېرى بۆزدىنمۇ ئىشتان چىقماس. چۈنكى، يات ئادەم ئۇنىڭغا كۆيۈنمەيدۇ، بۇ ماقال ئۆيلىنىشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ».

ئاياللارنىڭ ئەرگە تېگىشىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن «ئەرلەندى»[12] ( ئەرلەندى، ئەرلىك بولدى، خوتۇن ئەرلىك بولدى). «بەگلەندى»[13] (ئەرگە تەگدى، خوتۇن ئەرگە تەگدى، خوتۇن خوجايىنلىق بولدى) دېگەن سۆزلەر بار.

ئۇ ۋاقىتلاردا، خوتۇن، ئۆي كىشىسى، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خوتۇنى دېگەننى «كىس» [14] دېدۇ. خوتۇننىڭ ئېرىنى «بەگ»[15] دېدۇ. «دىۋان »دا ئۇ ئۆيدە بەگكە ئوخشىغانلىقتىن شۇنداق دېيىلىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ چاغلاردا ئاياللارنىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «ئۇراغۇت ئەرلەندى» ياكى «ئۇراغۇت بەگلەندى» ؛ ئەركەكلەرنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن جۈپتى مەنىسىدىكى «كىس» سۆزىنى ئىشلىتىپ، «ئول كىسى ئالدى»، يەنى ئۇ خوتۇن ئالدى، دېيىشەتتى. «ئۆيلەندى» دېگەننى يەنە «قاۋۇشدى» «ئوغۇشلاندى»، دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن ئەر مەنىسىدە بەگ ۋە ئەر، خوتۇن مەنىسىدە بولسا «كىس» سۆزى ئىشلىتىلگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

## 2. ئەلچى ئەۋەتىش

ئۇ ۋاقىتتا، ئۆيلىنىدىغان ئەر بىر قىزنى ئالماقچى بولسا، ھازىرقى دەۋردىكىگە ئوخشاش قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. قىزنى سوراپ بارغۇچى بۇ ئەلچىلەر «دىۋان »دا «ساۋچى»، «يورىغچى»، «ئارقۇچى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئىسىملارنى مۇنداق ئىزاھلىغان:

«ساۋچى»[16]: ئەلچى. ئۇلۇغ تەڭرى ئەۋەتكەن ئەلچى، پەيغەمبەر، بۇ سۆز ئەسلى «خەۋەر، ماقال ۋە سۆز» مەنىسىدىكى «ساۋ» سۆزىدىن ئېلىنغان. پەيغەمبەر مۇشۇلارنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدۇ. «ساۋچى»: ئەلچى، قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا خەت - خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئەلچى. ئوغۇزچە.

«ساۋچى»[17] : ئەلچى. قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بېرىپ- كېلىپ ئەلچىلىك قىلىدىغان كىشى. بۇنىڭ سۆزنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ.

يورىغچى[18]: ئەلچى. قۇدىلار ئارىسىدا خەت - خەۋەر يەتكۈزگۈچى ئەلچى، ئوغۇزچە.

ئارقۇچى[19]: ۋاسىتىچى. تويدا قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ ئارىسىدا يۈرىدىغان ئەلچى.

يالاۋاچ[20]: «تەڭرى يالاۋاچ ئىزتى» دېگەننى تەڭرى ئەلچى ئەۋەتتى، دەپ چۈشەندۈرگەن.

يۇمۇش[21]: ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلىك. پەرىشتىنى «يۇمۇشچى» دېيىشمۇ مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن.

## 3. تويلۇق

قىز تەرەپ ئەلچىلەرگە ماقۇل جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا ئەر تەرەپنىڭ قىزغا بېرىدىغان تويلۇقى توغرىسىدا كېلىشىدۇ. تويلۇقنى «دىۋان»دا «قالىڭ مال» [22] دەپ ئاتىغان. تويلۇق مەسىلىسى توي ئىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولۇپ «دىۋان»دا «قالىڭ مال بەرسە قىز ئالار، كېرەك بولسا قىممەتكە ئالار»(قالىڭ مال بەرسە قىز كېلىن ئالىدۇ، بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشكەن ئادەم ئۇ نەرسە زۆرۈر بولغاچقا، قىممەت باھادا بولسىمۇ ئالىدۇ )، دەپ خاتىرىلىگەن. بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، 11 - ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىدە، كېلىن قىلىپ ئەكېلىنىدىغان قىزنىڭ «قىزلىقى»غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلەتتى. شۇڭا دىۋاندا يەنە «قىزلىقى بار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قاپاق» [23] (قىزلىق، قىزنىڭ قىزلىقى) دېگەن سۆز بولۇپ، «بويىغا يەتكەن، قىزلىقى بار قىز» نى «قاپاقلىغ» [24]· دەپ خاتىرلىگەن. ئىلگىرى توي قىلغان ئايالغا ئۆيلىنىشنى «قۇزۇزلاندى» [25] (چوكانغا ئۆيلەندى، ئادەم چوكانغا ئۆيلەندى. ئارغۇچە)، دەپ پەرقلەندۈرگەن. خوتۇننىڭ دەسلەپكى ئېرىنى «تۈن بەگ» [26]، دەپ ئاتىغان.

## 4. قايىچا قۇدا

«دىۋان» دىكى توي ئاتالغۇسىغا دائىر ئىزاھاتلاردىن شۇ ۋاقىتتىمۇ بەزى ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا قايىچا قۇدا بولىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن:

«بەشكىلىك»[27] نى «بېرىشتى، ئۇلار بىر - بىرىگە قىز بېرىشتى، ئىككى كىشى بىر - بىرىگە بىر نەرسە بېرىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»، دەپ ئىزاھلىغان.

«قولۇشدى»[28] نى «سوراشتى، ئۇلار ئىككىسى قىز سوراشتى، يەنى قۇدىلاشماقچى بولدى، ئىككى كىشىنىڭ بىر - بىرىدىن بىرەر نەرسە سورىشى ئۈچۈنمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ، دەپ ئىزاھلىغان.

«دىۋان»دا مۇنداق قوشاق بار:

قارشى قۇدا بولۇشتى،
قىزنى تېخى سوراشتى.
ئەمدى چىشىم قاماشتى،
تۇرۇمتايىمنى ئېلىپ قاچتى.

گېپىدە تۇرمىغان كىشى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ مېنىڭ بىلەن قۇدىلاشماقچى بولۇپ، قىزىمنى سوراتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ قىزىنى سوراتتىم، كېيىن ۋەدىسىدە تۇرمىدى، ھەتتا «تۇرۇمتاي» دېگەن قۇلۇمنى ئېلىپ قاچتى، بۇنىڭغا چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كەتتى[29].

## 5. توي مۇراسىمى

توي ئۇ چاغلاردا «تۆركۈن»[30] دېيىلەتتى. «دىۋان»دا بۇنى « تۆركۈن، ئۇرۇق - ئايماق ئەزالىرىنىڭ ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ توپلىنىدىغان يېرى؛ ياتلىق قىلىنغان قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى»، دەپ ئىزاھلىغان. شۇ ۋاقىتلاردىمۇ، كېلىننى «كەلىن»[31]، تويى بولغان يىگىتنى بولسا «كۆزەگۈ»، دەپ ئاتاشقان. كېلىنگە يۆتكەپ كەتكەن ئاخشىمى مەخسۇس تاج كىيگۈزۈلگەن ۋە بۇ «دىدىم»[32] ( نىكاھ كېچىسى كېلىنگە كىيدۈرۈلىدىغان ئۇتۇغات، تاج)، دەپ ئاتالغان.

توي مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىنلەر ئۈچۈن مەخسۇس ئۆيلەر ھازىرلىناتتى، يىپەك رەختلەر بىلەن بېزەلگەن بۇ ئۆينى «مۇندەرۇ»[33] ( «مۇندەرۇ» — چىمىلدىق. يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كۆشۈگە، بۇنىڭ ئىچىدە كېلىن ئولتۇرىدۇ) دېيىشەتتى. توي مۇناسىۋىتى بىلەن مېھمان چاقىرىلاتتى، زىياپەتلەر بېرىلەتتى. توي ئېشى باشقا زىياپەتلەر تامىقىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ «كۈدەن» دېيىلەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي توي زىياپەتلىرى ھەققىدە «كەنچ لىيۇ» دەپ ئاتىلىدىغان ۋە قاغانلارنىڭ تويلىرىدا سېلىنىدىغان بىرخىل داستىخان ھەققىدە ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ يازىدۇ. ئۇنىڭ تەسۋىرلىشىچە، كەنچ لىيۇ قاغانلارنىڭ تويلىرىدا ۋە بايراملاردا مۇنارغا ئوخشاش ئوتتۇز ئارشىن ئېگىزلىكتە سېلىنىدىغان ۋە تاماقلىرى بۇلاپ - تالاپ يېيىلىدىغان داستىخان ئىدى. بۇ يەردە ئادەم زىيادە كۆپ بولىدىغان تويىنىڭ ئۆزگەرگەن بىرخىل شەكلى تەسۋىرلەنگەن[34].

ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭلار (بەگلەر، بايلار) ئۆزلىرىنىڭ توي ۋە ھەر خىل زىياپەتلىرىگە كەلگۈچىلەرگە يىپەك رەختلەرنى ھەدىيە قىلاتتى. بۇ «بىچىش»[35] (يىرتىش — ت)، دېيىلەتتى.

توي تۈگەپ، تويغا كەلگەن خەلق تارقىلىپ كەتتى دېگەننى «تۇلدىرادى»، دېيىشەتتى[36].

11 - ئەسىردىمۇ، كېلىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلگەندە، قىز تەرەپ ئۇنىڭغا ئاتاپ تەييارلىغان نەرسە - كېرەكلىرىنى بىللە ئېلىپ باراتتى. بۇ «سەپ»[37]، دېيىلگەن. «دىۋان»دا «سەپتۇردى : سەپلەتتى، سەپلىك قىلدۇردى، سېپىنى راسلاتتى، ئۇ ئۇنىڭغا قىزىنىڭ سەپلىكىنى راسلاپ كۆيئوغۇلغا ئۆزىتىشنى بۇيرۇدى»، دەپ ئىزاھلانغان.

شۇ چاغلاردا، كېلىننىڭ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ كىيىم- كېچەك ياكى ماللىرىنىڭ كەم قالغانلىرىنى تولدۇرۇپ بېرىش ئادىتىمۇ بار بولۇپ، بۇنى «يۇۋۇش»[38]، دەپ ئاتىغان. بۇ ئىش تۇغقانلار كىيىم - كېچەك ۋە مال چىقىرىپ، كېلىننىڭ قىز مېلىغا ياردەم قىلىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. «دىۋان»دا: «يۇۋۇش» نى «يېقىن كىشىلەرگە مال ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن ياردەم بېرىش، بۇ ئىش كۆپىنچە كېلىن يۆتكەلگەندە بولىدۇ. يەنى كېلىننى جابدۇپ ئۇزىتىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يېقىنلىرى كېلىننىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن ئۆزلىرىگە چۈشكەن سوۋغىلارنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ»، دەپ ئىزاھلىغان. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: «تارتۇقلانغان كېلىن ياۋاش كۆيۈ تاپار». ئۆز يېقىنلىرىنىڭ بەرگەن سوۋغىلىرى بىلەن ئىززەتلەنگەن

كېلىن خۇشخۇي ۋە ئېغىر - بېسىق كۆيۈگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ مالدار كېلىننى تاپقانلىقتىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ.

يەنە ئائىلە تۇرمۇشنى، يېڭى توي قىلغان كېلىن بىلەن يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەيدىغان مۇنداق بىر ماقالمۇ بار: «كىزلەنچۇ كەلىندە»[39]. بۇ ماقالنىڭ مەنىسى مۇنداق: يوشۇرۇنغان نەرسە كېلىندە. چۈنكى ئۇ ياخشى نەرسىلەرنى ئېرىگە ساقلايدۇ.

«دىۋان» دا يەنە: تويلاردا مەيلى كېلىن، مەيلى يىگىت بولسۇن تۇغقانلىرىغا ھەدىيە ئورنىدا كىيىم - كېچەك كىيگۈزىدىغانلىقى يېزىلغان. بۇنى «كەزۈت»[40] (كىيىت، كۆپىنچە تويدا ئىشلىتىلىدىغان كىيىم - كېچەك، يەنى كۈيئوغۇلنىڭ ۋە كېلىننىڭ يېقىنلىرىغا سوۋغا قىلىپ كىيدۈرۈلىدىغان كىيىم - كېچەك)دېگەن. بۇ خىل سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىش ئادىتى ھازىرمۇ بەزى جايلاردا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

سەپەرگە چىققان كىشى ئۆز تۇغقانلىرىغا ئېلىپ بارىدىغان ياكى بىر يەردىن باشقا بىر يەرگە كەلتۈرۈلىدىغان سوۋغا - سالامنى«بەلەك»[41]، دەپ ئاتاپ، تويدىكى سوغىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن.

## 6. يەڭگە

توي كۈنى كېلىننى كۆچۈرىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش، يىگىت تەرەپكە بىللە ئاپىرىپ قويۇش ھەمدە توي كېچىسىدىكى ئىشلار ھەققىدە تەلىم بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە «ئەگەت»[42] (توي كېچىسى كېلىن بىلەن بىرلىكتە ئەۋەتىلىدىغان خىزمەتچى خوتۇن، يەڭگە) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئايالمۇ ئەۋەتىلەتتى. دىۋاندا يەنە يەڭگىنى بىلدۈرىدىغان «ئەگەتلىك»[43] (نىكاھ كېچىسى كېلىن بىلەن بىللە ئەۋەتىلىدىغان دېدەك، كېلىننىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇنداق دېيىلىدۇ)، «ئېگەتلەندى »[44] (قىز ئىگەتلىك بولدى يەنى كېلىن بولغۇچى قىز ئۆزى بىلەن بارىدىغان خىزمەتچىگە ئىگە بولدى)، «ئىگەتلادى»[45] ( ئۇ قىزنى ئېگەتلىك قىلدى، يەنى قىزغا ئايال خىزمەتچى قوشۇپ بەردى)، دەپ خاتىرلەنگەن.

«دىۋان» دا يەنە: «ئەگەت» دېگەن مەنىدىكى «مامۇ»[46] ( نىكاھ كېچىسى كېلىن بىلەن بىللە ئەۋەتىلىدىغان خوتۇن، يەڭگە، بۇ سۆز ئەسلىدە تۈركچە ئەمەس) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. «مامۇ»نىڭ ۋەزىپىسى «يەڭگە»نىڭ ۋەزىپىسىدىن باشقىمۇ ياكى يەڭگىلىك ۋەزىپىسنى ئۆتەيدىغان خىزمەتچى ئايرىم تۈرك ئەللىرىدە «مامۇ» دەپ ئاتىلامدۇ؟ مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە دېمەستىنلا «مامۇ» دېگەن سۆز ساپ تۈركچە ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ[47].

بەزى ئەھۋاللاردا (كېلىن ئائىلىسى باي بولسا) بۇنداق يەڭگە دېدەكلەردىن بولاتتى، يەنى كېلىننىڭ قىز مېلى بولۇپ كېلەتتى. مۇنداق دېدەكلەر «ئەگەتلىك قارا باش» (يەڭگە بولىدىغان دېدەك) ۋە مۇنداق دېدەككە ئىگە بولغان كېلىن «ئەگەتلىغ» (يەڭگىلىك) كېلىن دېيىلەتتى. بۇ ئەھۋال ھەممە كېلىننىڭ دېدەككە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەھۋال. بۇنىڭدىن تاشقىرى «دىۋان»دا: «تاياق» دېگەن بىر ئىبارىنى ئۇچرىتىمىز. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆز ئارقىلىقمۇ بىزگە 11 - ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تويلىرى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. ئۇ «تاياق» دېگەن سۆزنىڭ تاياق، تايانچۇق، دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى يازغاندىن كېيىن، «كۈزۈگۈ تاياق بەردى - يىگىت تاياق بەردى»، يەنى يىگىت كېلىن ئاتتىن چۈشكەندە مۈرىسىگە تايانسۇن، دەپ كېلىنگە دېدەك ياكى قۇل بەردى، دېدۇ ۋە بۇ ئادەت بايلار ئارىسىدىكى ئادەت ئىكەنلىكىنى دېدەك ياكى قۇلنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ كېلىننىڭ مېلى بولىدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ[48].

«دىۋان»دا يەنە «تۇتۇقلاندى»[49] دېگەننى «تۇتۇقلۇق بولدى، ئايال تۇتۇقلۇق بولدى، ئالدىدا خىزمەت قىلىدىغان ئاغۋات ئاغىسىغا ئىگە بولدى»، دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ بەلكىم ئوردىدىكى مەلىكىلەرگە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇچاغدا يەنە ھەمراھ - قولداش بولۇش ئادىتىمۇ

بار ئىدى ۋە ئۇلار «ساغدىچ»[50]، دەپ ئاتىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆزنىڭ دوست مەنىسىدىمۇ كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى قولداشنى «دىۋان»دا مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

«قولداش[51] — بۇ سۆز كۆپىنچە چوڭلارنىڭ خادىملىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. قولداشلاندى[52] — قولداش بولدى. ئۇ مېنىڭ بىلەن قولداش بولدى. ئۆزىنى مېنىڭ دوستلىرىم قاتارىدا كۆردى».

## 7. كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىش

توي كۈنى، كېلىن يۈزىنى ياپىدۇ. بۇنى «دەدەك»[53]، دەپ ئاتايتتى (كېلىننىڭ يات كىشىلەرگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن بېشىغا ئارتقان پۈركەنجىسى). قىزنى ئۇغۇلنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كەتكەن كۈنى ئاخشىمى قىزغا « دىدىم » دېيىلىدىغان تاج كىيدۈرىدۇ. «دىۋان»دا، مەھمۇد كاشغەرىي كېلىن ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىشتە ھازىرقىغا ئوخشاشلا بېشىدىن پۇل ئۆرۈلىدىغانلىقى ياكى ئاشلىق چېچىلىدىغانلىقىغا ئائىت بەزى ئەھۋاللارنى يازىدۇ. ئۇ «مۇندۇرى»[54] دېگەن سۆزنى ئىزاھلىغاندا «كۈيئوغۇل بىلەن كېلىننىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ چېچىلىدىغان كىچىك بەزمە، چىگىلچە»، دەپ يازىدۇ. بۇ 11 - ئەسىردە چاچقۇ چېچىش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

كېلىننىڭ بېشىغا «بوغماق»[55] دەپ ئاتىلىدىغان زىننەت بۇيىمى تاقىلىدۇ. « بوغماق ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسىلىپ، ئۈستىگە قىممەت باھالىق تاشلار ۋە مەرۋايىتلار ئورنىتىلىدۇ، نىكاھ كېچىسى ياسانغان كېلىنگە تاقاپ قويۇلىدۇ»، دەپ ئىزاھلىغان.

قىزلار توي قىلىپ ئۆي تۇتقاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ بارغاندا، ئۇنى «تەگدى كەلدى»[56] دېيىتتى. بۇ زىيارەتچىلەر كەلدى، دېگەن مەنىدە ئىدى.

## 8. مەشرەپ

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، 11 - ئەسىردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا كېچىلىك ئولتۇرۇشلارمۇ بولاتتى. بۇنداق كېچىلىك ئولتۇرۇشلارنى«سۈرچۈك»[57] دېيىشەتتى. «دىۋان»دا «سۈرچۈكنى مەشرەپ، كېچىلىك ئولتۇرۇش»، دەپ ئىزاھلىغان. بۇ بەلكىم ھازىر تىلىمىزدا قوللىنىلىدىغان توي مەشرىپى(توي چېيى) بولۇشى مۇمكىن.

11 - ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۇزۇن قىش كېچىلىرىنى خوشال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بىر يەرگە توپلىشىپ كۆڭۈللۈك كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈشەتتى. دوست ۋە تۇغقانلار ئارىسىدا نۆۋەتلىشىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان قاتار مەشرەپ «سۇغدىچ»[58] دېيىلەتتى. بۇ سۆزنى « قاتار بەزمە، قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ»، دەپ ئىزاھلىغان.

دوست ۋە تۇغقانلار ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان كېچىلىك مەشرەپلەر ھەققىدە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، 11 - ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قونۇپ قالىدىغان مېھمانلار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەخسۇس ئۆيلىرى بار ئىدى. بۇنداق ئۆيلەرنى بەزى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر «قونۇقلۇق ئۆي»(مېھمانلىق ئۆي) دېسە، بەزىلىرى «كەلىشلىك - بارىشلىق ئۆي» دېيىشەتتى. بۇنداق زىيارەت بەزمىلەردىن تاشقىرى، ئاياللارمۇ ئۆزئارا ئالاھىدە كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشلارنى قىلىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «قىزلار قوبزاشدى»، قىزلار (بەسلىشىپ) قوبۇز چېلىشتى دېگەن سۆزنى، دېدەكلەر ئۆز ئارا قوبۇز چېلىشتى ياكى قوبۇز چېلىشتا بەسلەشتى، دەپ چۈشەندۈرگەنلىكى، بەزى بەزمىلەردە دېدەكلەر قوبۇز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ قىزىتىپ بەرگەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ[59].

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «شەنبۇي — قاتار مەشرەپ» دېگەن سۆزنى، باشقا بىر زىياپەتتىن كېيىن، كېچىلەپ بارىدىغان ئىچىملىك زىياپىتى، دەپ ئىزاھلىشىغا قارىغاندا، ئۇلار ئېھتىمال ئىچىملىكسىز زىياپەتلەردىن كېيىن، ئىچىش ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەتەي كېچىدە مېھمانغا باراتتى. مەيلى مەيخانىلاردا، مەيلى ھەرخىل زىياپەت ۋە باشقا

بەزىملەردە بولسۇن، ئىچىملىكنى كۆپ ئىچىپ مەست بولۇپ قالىدىغانلارمۇ بولاتتى. شۇنداقلىقنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئەسرۈك مەست» «مەستنىڭ جۆيلۈشى» ياكى «قالايمىقان سۆزلىشى» ۋە «مەستنىڭ ھوشىغا كېلىشى، مەستلىكى يېشىلدى»، دېگەن سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىشىدىنمۇ بىلگىلى بولىدۇ[60].

## 9. قۇدا تۇغقانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر

تۇغقانچىلىق ئادەتتە، قانداش تۇغقان ۋە قۇدا تۇغقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا، توي ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن قۇدا تۇغقانلار «قازناغۇن»[61] دېيىلىدۇ. « قۇدا ـ باجىلار، كۈيئوغۇل ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ سۆز كۆپىنچە جۈپ سۆز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ»، دەپ ئىزاھلىغان. «قازىن»[62] بولسا «قېيىنئاتا، قېيىنئانا» دېگەن سۆزلەردىكى «قېيىن»نى قىپچاقلار «ز ـ چ» بىلەن ئېيتىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: «قېرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قاراپتۇ». بۇ ماقال تۇغقانلار ئارىسىدا قۇدىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

«تۆگۈرلادى»[63] : ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ قۇدىسى ھېسابلىدى، قۇدىسى قاتارىدا كۆردى. خوتۇن تەرەپتىن بولغان تۇغقانلارنى «تۆگۈر»[64] دەيدۇ، بۇلار خوتۇننىڭ قېرىنداشلىرى، ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئوخشاش كىشىلەردۇر.

بالدىز[65]: قېيىنسىڭىل، خوتۇننىڭ سىڭلىسى.

يەڭگە[66]: ئاكىنىڭ خوتۇنى.

نامزا [67]: باجا، خوتۇننىڭ ئاچىسىنىڭ ياكى سىڭلىسىنىڭ ئېرى، چىگىلچە.

قاتۇن[68]: خېنىم، ئافراسىياپنىڭ قىزلىرىغا خاس نام.

قۇنچۇي[69]: خاتۇندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان خېنىم ئاغىچا، مەلىكە.

يەزنە[70]: ئاچىسىنىڭ ئېرى.

يۇرچ[71]: خوتۇننىڭ ئىنىسى. يەنى ئەرنىڭ قېيىنئىنىسى، ئەرنىڭ ئىنىسى بىلەن خوتۇننىڭ ئىنىسى پەرىقلەندۈرۈلىدۇ. خوتۇنغا نىسبەتەن، ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك ئۇكىسى‹ئىنى› بولىدۇ. يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولسا ‹ئىچى› دېيىلىدۇ. ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىندىشى ‹سىڭىل› دېيىلىدۇ. ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىندىشى ‹ئەگە› دېيىلىدۇ. ئەرگە نىسبەتەن خوتۇننىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىندىشى ‹ بالدىز› بولىدۇ. ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىندىشى ‹ئەگە› دېيىلىدۇ.

## 10. ئاجرىشىش

توي قىلىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش بىلەن بىللە، بەزى چاغلاردا ئەر ـ خوتۇن چىقىشالماسلىق تۈپەيلى ئاجرىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرىمۇ مەۋجۇت. «دىۋان» دىكى مەلۇماتلاردىن شۇ چاغلاردا ئەر ـ خوتۇنلاردا ئاجرىشىش ئەھۋالىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. تۇل خوتۇنلارمۇ ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق بىر ئەر تاپقاندا قايتىدىن ياتلىق بولاتتى. «دىۋان»دا تۇل خوتۇنغا ئۆيلەنگەن كىشى «قوزۇزلاندى» دېيىلىدىغانلىقىنىمۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق.

«دىۋان» دا ئاجرىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن «ئەكەكلىك» [72] (خوتۇننىڭ يۈزسىزلىكى، ئارسىزلىقى)، «كىچىندى»[73] (قىچىشتى، يولدىن چىقتى، بۇزۇلدى)، «ئويناش»[74] (ئويناش، ئوينىشى بار خوتۇن )، «قىسىر(تۇغماس)» [75] دېگەندەك سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز.

**ئاجرىشىپ كەتكەننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:**

ئۈزلۈشدى[76]: ئۈزۈلۈشتى، نەرسە ئۈزۈلدى، ئەر ـ خوتۇن ئۈزۈلۈشتى، ئەر بىلەن خوتۇن ئاجراشتى.

بوشاتتى[77]: ئۇ خوتۇننى قويۇپ بەردى. ئارغۇچە.

بوشۇندى[78]: ئادەم خوتۇننى قويۇۋەتتى. ئارغۇچە.

ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللار «تۇل»، «بوش»، «بوشاندى»، «تۇغساق» دەپمۇ ئاتالغان. «يۇلدى» دېگەننىڭ « ئاجراشتى» دېگەن مەنىسىمۇ بار.

«تۇل»[79]: تۇل خوتۇن. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: تىلى يامان ئەردىن يالغۇز تۇللۇق ياخشى. يەنى تىلى يامان ئەرلىك بولغاندىن، تۇل ئولتۇرغان ياخشى.

بوش[80] : «دىۋان»دا «بوش»نى «بوش يىلقا، بۇ سۆز مۇنداقمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ خوتۇن بوش، يەنى

قويۇۋېتىلگەن دېگەنلىك بولىدۇ. بوش[81] ـــ بوش، يۇمشاق، بوش (ئەركىن) كىشى، بوش خوتۇن، يەنى نىكاھتىن ئاجراشقان خوتۇن» دەپ ئىزاھلىغان.

بوشاندى[82]: «دىۋان»دا بۇنى « بوشاندى. بوشىدى. قوي بوشاندى، باغلاقتىن بوشاندى، تۇگۇن، چىگىك بوشىدى. ئايال (ئەردىن) بوشاندى، ئەردىن چىقتى» دەپ ئىزاھلىغان.

تۇغساق[83]: «دىۋان»دا بۇنى « تۇل، تۇل خوتۇن، بۇ سۆز كۆپ ھاللاردا جۈپ سۆز قىلىپ «تۇل تۇغساق» دەپ ئىشلىتىلىدۇ»، دەپ ئىزاھلىغان.

يۇلدى[84]: «دىۋان»دا بۇنى«خالاس قىلدى، بوشاتتى، كۆچۈردى. خوتۇن مېھرىدىن ۋە باشقا نەرسىلىرىدىن كېچىپ بېشىنى بوشاتتى. بوشىنىۋالدى. خوتۇن ھەققى ـ مېھرىدىن كېچىپ ئېرىدىن ئاجراشتى»، دەپ ئىزاھلىغان.

بۇ ئاجرىشىش سۆزىنىڭ «دىۋان»نىڭ كۆپ جايلىرىدا قويۇش، قويۇۋېتىش شەكلىدە يېزىلىشى ئاجرىشىش ئاساسلىقى ئەر كىشى تەرەپىدىن بولىدىغانلىقى، يەنى بىر تەرەپلىمىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. «دىۋان» دا بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مىساللارمۇ بار. «دىۋان» دىن ئاجرىشىش سۆزىنىڭ ئەكسى بولغان «ئۇزلۇشمەك» دېگەن ئاتالغۇنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرىمىز[85].

يۇقىرىدا «باش يۇلماق» دېگەن سۆزنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنى كۆردۇق: «ئۇراغۇت باشىن يۇلدى، يەنى خوتۇن مېھرىدىن ۋە باشقا نەرسىلىرىدىن كېچىپ بېشىنى بوشاتتى». بىزنىڭچە ئاخىرقى جۈملىدە ئايرىلىش بىلەن قويۇۋېتىش ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. بىرى، ئەر كىشى خوتۇننى قويۇپ بېرىشنى كۆرسەتسە؛ يەنى بىرى، خوتۇن بەزى ھەقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئەرنى قويۇۋېتىشكە ماقۇل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي بۇنى يەنە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە «ئۇراغۇت يولۇندى، يەنى خوتۇن ھەققى ـ مېھرىدىن كېچىپ ئېرىدىن ئاجراشتى» دەيدۇ. بۇنىڭدىن، خوتۇن ئۆزى بىللە ئۆتۈشنى خالىمىغان ئېرىدىن ئايرىلىش ئۈچۈن، ئۆزىگە تەۋە ھەقلەردىن ۋاز كەچكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى « تىلى يامان ئەردىن يالغۇز تۇللۇق ياخشى. يەنى تىلى يامان ئەرلىك بولغاندىن، تۇل ئولتۇرغان ياخشى »، دېگەن ماقالدىنمۇ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

## 11. خۇلاسە

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى كىشىلىك مۇراسىمغا ئائىت سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ مەزمۇنى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ماقالىمىزدە، « تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى نىكاھ توي مۇراسىم ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ ئاتالغۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ۋە ئۇنى ئىزاھلاش ئارقىلىق، 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نىكاھ توي مۇراسىملىرىغا قارىتا تەپسىلىي چۈشەنچە بەردۇق. بۇلارنى تەتقىق قىلىش يەنە ئۇيغۇر نىكاھ توي مۇراسىملىرىنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشتە مۇھىم تەتقىقات ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## ئىزاھلار:


[1] مەھمۇد كاشغەرى:« تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012: 124.

[2] يۇقىرىقى كىتاب، 268 ـبەت.

[3] يۇقىرىقى كىتاب، 697 ـبەت.

[4] رېشات گەنچ : ««تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010: 230.

[5] مەھمۇد كاشغەرى:« تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012: 249.

[6] يۇقىرىقى كىتاب، 277 ـ بەت.

[7] يۇقىرىقى كىتاب، 198 ـ بەت.

[8] يۇقىرىقى كىتاب، 226 ـ بەت.

[9] يۇقىرىقى كىتاب، 489 ـ بەت.

[10] يۇقىرىقى كىتاب، 252 ـ بەت.

[11] يۇقىرىقى كىتاب، 99 ـ بەت.

[12] يۇقىرىقى كىتاب، 201 ـبەت.

[13] يۇقىرىقى كىتاب، 586 ـ بەت.

[14] يۇقىرىقى كىتاب، 251 ـ بەت.

[15] يۇقىرىقى كىتاب، 805 ـ بەت.

[16] يۇقىرىقى كىتاب، 1018 ـ بەت.

[17] يۇقىرىقى كىتاب، 808 ـ بەت.

[18] يۇقىرىقى كىتاب، 773 ـ بەت.

[19] يۇقىرىقى كىتاب، 118 ـ بەت.

[20] يۇقىرىقى كىتاب، 1016 ـ بەت.

[21] يۇقىرىقى كىتاب، 699 ـ بەت.

[22] يۇقىرىقى كىتاب، 965 ـ بەت.

[23] يۇقىرىقى كىتاب، 290 ـ بەت.

[24] يۇقىرىقى كىتاب، 377 ـبەت.

[25] يۇقىرىقى كىتاب، 608 ـ بەت.

[26] يۇقىرىقى كىتاب، 792 ـ بەت.

[27] يۇقىرىقى كىتاب، 472 ـ بەت.

[28] يۇقىرىقى كىتاب، 484 ـ بەت.

[29] يۇقىرىقى كىتاب، 485 ـ بەت.

[30] يۇقىرىقى كىتاب، 336 ـ بەت.

[31] يۇقىرىقى كىتاب، 308 ـ بەت.

[32] يۇقىرىقى كىتاب، 302 ـ بەت.

[33] يۇقىرىقى كىتاب، 400 ـ بەت.

[34] [35] رىشات گەنچ : «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىن 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 : 105.

[36] مەھمۇد كاشغەرى:« تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 : 1022.

[37] يۇقىرىقى كىتاب، 540 ـ بەت.

[38] يۇقىرىقى كىتاب، 699 ـ بەت.

[39] يۇقىرىقى كىتاب، 871 ـ بەت.

[40] يۇقىرىقى كىتاب، 271 ـ بەت.

[41] يۇقىرىقى كىتاب، 239 ـ بەت.

[42] يۇقىرىقى كىتاب، 51 ـبەت.

[43] يۇقىرىقى كىتاب، 805 ـ بەت.

[44] يۇقىرىقى كىتاب، 224 ـ بەت.

[45] يۇقىرىقى كىتاب، 230 ـ بەت.

[46] يۇقىرىقى كىتاب، 886 ـ بەت.

[47][48] رىشات گەنچ : «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىن 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 :109.

[49] مەھمۇد كاشغەرى:« تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 : 606.

[50] رىشات گەنچ : «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىن 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»[M].

مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010: 109.
[51] مەھمۇد كاشىغەرى:« تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 :351.
[52] يۇقىرىقى كىتاب، 612 ـ بەت.
[53] يۇقىرىقى كىتاب، 310 ـ بەت.
[54] يۇقىرىقى كىتاب، 373 ـ بەت.
[55] يۇقىرىقى كىتاب، 355 ـ بەت.
[56] رىشات گەنچ : ««تۈركىي تىللار دىۋانى›دىن 11 - ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 : 112.
[57] مەھمۇد كاشىغەرى:« تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 :363.
[58] يۇقىرىقى كىتاب، 346 ـ بەت.
[59][60] رىشات گەنچ : ««تۈركىي تىللار دىۋانى›دىن 11 - ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 :315.
[61] مەھمۇد كاشىغەرى:« تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012: 399.
[62] يۇقىرىقى كىتاب، 307 ـبەت.
[63] يۇقىرىقى كىتاب، 994 ـ بەت.
[64] يۇقىرىقى كىتاب، 958 ـبەت.
[65] يۇقىرىقى كىتاب، 348 ـبەت.
[66] يۇقىرىقى كىتاب، 971 ـبەت.
[67] يۇقىرىقى كىتاب، 338 ـبەت.
[68] يۇقىرىقى كىتاب، 312 ـبەت.
[69] يۇقىرىقى كىتاب، 869 ـبەت.
[70] يۇقىرىقى كىتاب، 716 ـبەت.
[71 ] يۇقىرىقى كىتاب، 696 ـبەت.
[72] يۇقىرىقى كىتاب، 126 ـبەت.
[73] يۇقىرىقى كىتاب، 519 ـ بەت.
[74] يۇقىرىقى كىتاب، 102 ـ بەت.
[75] يۇقىرىقى كىتاب، 277 ـبەت.
[76] يۇقىرىقى كىتاب، 188 ـ بەت.
[77] يۇقىرىقى كىتاب، 643 ـبەت.
[78] يۇقىرىقى كىتاب، 888 ـ بەت.
[79] يۇقىرىقى كىتاب، 789 ـبەت.
[80] يۇقىرىقى كىتاب، 252 ـ بەت.
[81] يۇقىرىقى كىتاب، 783 ـبەت.
[82] يۇقىرىقى كىتاب، 509 ـ بەت.
[83] يۇقىرىقى كىتاب، 357 ـبەت.
[84] يۇقىرىقى كىتاب، 739 ـبەت.
[85] رىشات گەنچ : ««تۈركىي تىللار دىۋانى›دىن 11 - ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010: 113.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 089 ـ 02(2017) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسى توغرىسىدا مۇلاھىزە*

ئايگۈل ئابدۇرېھىم

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، يازغۇچى ـ شائىرلار ئەسەرلىرىدىكى ئىدىيەۋى مەزمۇننى چوڭقۇرلۇققا، ئەسەرلىرىنى قايىل قىلىش، جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ماقال ـ تەمسىللەردىن پايدىلىنىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەردە خەلقىمىزنىڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىق توغرىسىدىكى گۈزەللىك قارىشى ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىلەرنى چىن گۈزەللىكنى يارىتىشقا ۋە ئۇنى قەدىرلەشكە، ساختىلىق، يامانلىق، رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىشكە ۋە ئۇنىڭدىن نېرى تۇرۇشقا دالالەت قىلىدۇ. يەنە ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، چېتىشلىق دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، پەلسەپەۋىلىكى كۈچلۈك، ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھايات ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا سىڭىشىپ كەتكەن بولغاچقا، بىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىلمىي، تارىخىي تەرەققىياتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكى ھەم چېتىلىش دائىرىسىنىڭ چەكسىزلىكى، رېئال ئەھمىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ماقال ـ تەمسىل؛ تىنچلىقپەرۋەرلىك

## 论维吾尔族民间谚语所体现的安定和谐观

阿依古力 · 阿不都热依木

**摘要**：谚语结构稳定、表述形象、寓意深刻，因此，作家诗人运用谚语使自己的作品思想深刻、更具说服力和魅力。谚语反映了人们追求真善美、渴望和谐安宁的人生观，倡导真善美，并劝导人们远离邪恶与虚伪。谚语内容丰富，哲理性强，涉及社会政治经济以及文化生活等各个领域，因此在研究社会经济政治及文化生活方面具有重要作用，当然维吾尔族民间谚语所体现的安定和谐观也不例外。本文就维吾尔族谚语所体现的安定和谐观的深刻内涵及现实意义进行了论述。

**关键词**：维吾尔族谚语；安定和谐观

**Abstract:** Proverbs are widely used by writers and poets because of their steady structure, vivid description, profound meaning. A proverb also reflects people's kindness, eagerness for peace and harmony as well as frown on evil and vanity. It also riches in both meaning and philosophy. With characteristics as these, proverb is used in politics, economics and cultural fields. Therefore, it has a significant role in studying on such fields. This paper mainly discusses views of peace and harmony in Uyghur proverbs.

**Keywords:** Uyghur proverbs; view of peace and harmony

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.7　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تىنچلىقپەرۋەرلىك ــــ تىنچ ـ ئامانلىق، خاتىرجەملىكنى سۆيۈش، قوغداش، ھىمايە قىلىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش، دېمەكتۇر، يەنى تىنچلىقپەرۋەرلىك ـ دىلى، تىلى، ھەرىكىتى ئارقىلىق

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** (1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈش، ئۆز خەلقىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش، ئاۋامنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئەلا بىلىش، دېمەكتۇر. بۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، بىر ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى، بىر مەھەللە، كەنتنىڭ مۇقىملىقىغا ئوخشاش كىچىك مەسىلىدىن تارتىپ بىر رايون، بىر دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى، ھەتتا دۇنيا تىنچلىقىغا ئوخشاش چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگىچە چېتىلىدۇ، تىنچلىقنى سۆيۈش، تىنچلىقنى قەدىرلەش، ئاۋامنىڭ بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئەزەلدىن داھىيلار، سىياسىيونلار، ھەربىي ئالىملار نۇتۇقلىرىنىڭ، ئاۋام خەلق پاراڭلىرىنىڭ تېمىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭمۇ ئاساسىي تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ھەر قايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، تىنچلىق تېمىسىدىكى، تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسى تەرغىب قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ھەر قايسى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىگە نەزەر سالساقمۇ، تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى ژانىر - تۈرلىرىگە چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولغان ماقال - تەمسىللەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى «ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئىدىيالى، ئارزۇ، ئۈمىدى، ئىنتىلىشلىرى ھەمدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىنىڭ سەمەرىسى، ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ ئومۇملاشقان ئىپادىسى»[1]. ماقال - تەمسىللەر ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراستى، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا، كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا سۆز- نۇتۇقلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۆز مەقسەت - مۇددىئاسىنى توغرا، ئېنىق، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ماقال - تەمسىللەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ؛ ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، يازغۇچى - شائىرلار ئەسەرلىرىدىكى ئىدىيەۋى مەزمۇننى چوڭقۇرلۇققا، ئەسەرلىرىنى قايىل قىلىش، جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ماقال - تەمسىللەردىن پايدىلىنىدۇ. ماقال - تەمسىللەردە خەلقىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە تىنچ- ئاسايىشلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىلەرنى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى يارىتىشقا ۋە ئۇنى قەدىرلەشكە، ساختىلىق، يامانلىق، رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىشكە ۋە ئۇنىڭدىن نېرى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. دېمەك، ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، پەلسەپەۋىلىكى كۈچلۈك، ئۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا سىڭىشىپ كەتكەن بولغاچقا، بىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىلمىي، تارىخىي تەرەققىياتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىز توختالماقچى بولغان ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئادەتتىكى بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرنىڭ تىنچ - ئامان ياشىشى، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىدىن تارتىپ تاكى ھەر قايسى مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىناق ئىتتىپاق، دوستانە ئۆتۈشى ھەم دوستلۇقنى قەدىرلىشى، دوستلۇقنى بۇزىدىغان، تىنچ - خاتىرجەملىككە زىيان يەتكۈزىدىغان يامان ئادەم، يامان ئىش - ھەرىكەتلەردىن نېرى تۇرۇشقىچە بولغان كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارا ھەمكارلىق، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، مەملىكەت ئىچىنىڭ تىنچ - ئاسايىش بولۇشىنى تىلەش، ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى ئۈمىد قىلىشتەك ئارزۇ - ئىستەكلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. «قايناقسۇ ئىچ، كۆڭۈل تىنچ» دېگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىقسۆيەرلىكى شۇ دەرىجىدىكى،

كۆڭۈل خاتىرجەم بولىدىغان ئىش بولسا قايناقسۇ ئىچسەكمۇ مەيلى، مانا بۇ خەلقىمىزنىڭ تىنچلىق، خاتىرجەملىككە تەشنالىقىنىڭ ئەڭ ئىخچام ئىزھار قىلىنىشىدۇر. ئومۇمەن ئۇيغۇر خەلق ماقال — تەمسىللەردە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن تىنچلىقپەرۋەرلىك ھەققىدىكى كۆزقاراشلار تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نۇقتىغا بۆلۈپ مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ.

## 1. يۇرتنى سۆيۈش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا ئادەم پەقەت مۇئەييەن ماكاندا، ئەل - ۋەتەن قوينىدا ياشىغاندىلا ئاندىن تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىككە، بەخت - ئامەتكە ئېرىشىدۇ. «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دېگەندەك، ھەر قانداق بىر ئادەم پەقەت تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىدە، ۋەتىنىدىلا ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تاپالايدۇ، ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ؛ بۇ خىل قاراش ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. «ئەل ھىممىتى دەريا»، «ۋەتىنىڭنىڭ بىر مىسقال توپىسى بىر سەر ئالتۇنغا باراۋەر»، «تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى گۆھەر، سۈيى كەۋسەر»، «ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك» (بۇ خەلقىنىڭ ھىممىتى مېھىر - شەپقىتى زور بايلىق، خەلق دوستقا، سەممىي، ئاق كۆڭۈل ئادەمگە قوينىنى كەڭ ئېچىپ، ئىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ، غەمخورلۇقىنى ئايىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) [2] دېگەندەك بىر مۇنچە ماقال - تەمسىللەر ئەل - ۋەتەننى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن تويۇنغاندۇر.

## 2. ئۆزىنى بېغىشلاش

ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆز ئېلى، ئۆز ۋەتىنى بىلەن باغلىغاندىلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەندىلا چىقىش يولىغا ئېرىشىدۇ. «ئەل ئۈچۈن چەكسەڭ جاپا، ئەل سېنى قىلماس خاپا»، خۇددى «ئەلدىن ئەلگە نەپ»، دېگەندەك، ئەل ئۈچۈن جاپا چەككەندىلا ئاندىن ئەلدىن ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەل قوينى ئادەمنىڭ باغرىنى ئىللىتىدۇ؛ لېكىن، « ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن، ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن»، «ئەلگە بەرسەڭ ئېشىڭنى، ئەل سىلايدۇ بېشىڭنى». «كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول». دېمەك، ئىنسان ئەلدىن ئايرىلماسلىقى، ئەل ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى، ئۆز ئېلىدە ياشاۋاتقانلىقى، ئەجىر قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى ھەممە شادلىقنىڭ ئىگىسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پەقەت شەخسنىڭ تەقدىرى ئەل - ۋەتەن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغاندىلا شۇ كىشى ئاندىن خوشلۇق كۆرىدۇ، «ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي»، «ئەلگە باققان خار بولماس»، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەم ئەل - ۋەتەنىنىڭ كۆلكىسىگە كۆلۈش، يىغىسىغا يىغلاش، ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى، ئەل - ۋەتەننى قوغداشنى مۇقەددەس بۇرچىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم. «سىرتتىكى مىڭ دۈشمەندىن ئۆيدىكى بىر دۈشمەن يامان»، «ئەل بىر پەرياد چەكسە، سەن مىڭ پەرياد چەك»، « ئەلگە كەلگەن ياۋ، ئەرگە كەلگەن ياۋ»؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنى ئەر سانايدىغان ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئەل - ۋەتەنىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۈشكۈلچىلىكلەرنى ئۆزىمىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۈشكۈلچىلىك دەپ قارىشى، ئەل - ۋەتەنىنىڭ تىنچ - ئامانلىقى، باي - باياشاتلىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك.

## 3. دوستلۇقنى قەدىرلەش

كىشىلەرنىڭ نورمال پىسخىك ساپاغا ئىگە بولۇشى، بىر - بىرىدىن ياتلاشماسلىقى، بىر - بىرى بىلەن نورمال ئالاقىدە بولۇشى، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىناق - ئىجىل ئۆتۈشى، ھەمكارلىشىشى، دوستلىشىشى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تىنچ - خاتىرجەملىكنىڭ، ئاخىرقى ھېسابتا تىنچلىقپەرۋەرلىك

ئىدىيەلىرىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا دوستلۇق مەزمۇنىدىكى ماقال - تەمسىللەرمۇ ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «دىلى بىرنىڭ تىلى بىر، دىلى بىرنىڭ غېمى بىر» دېگەندەك، دوستلىشىش، ھەمكارلىشىش كىشىنى تىلى، دىلى بىر دەك بولۇش، ئورتاق ھەرىكەت قىلىش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. «ياخشى دوستۇڭ تاشلىماس، يامان يولغا باشلىماس»، «دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلايدۇ، دوست خاتايىڭنى توغرىلايدۇ»، «دوستنىڭ ئاتقان تېشى باشنى يارماس»، «دوست دوستنى ئايايدۇ، كەمچىلىكنى تەنقىد بىلەن ساۋايدۇ»، «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ»، «دوست سۆزىنى تاشلىما، تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما». شۇڭا، دوستلۇقنى قەدىرلەپ، ئۇنى تىنچ - خاتىرجەملىكنىڭ تۈرتكىسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق ئېڭىدا دۇنيادا بىر - بىرىگە يات ئادەم يوق، ھەممىسى تونۇش، ھەممىسى ئۇرۇق - تۇغقان، بىر - بىرىگە دوست! دوست دېگەن بىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە يەنە بىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان ئادەملەردۇر. «دوستنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر»، «دوستۇڭدىن سىر ساقلىما بىلگۈسى كېلۇر، دۈشمىنىڭگە دەرد تۆكمە كۈلگۈسى كېلۇر»، «جان دوستۇڭ جېنىدىن كېچەر، مال دوستۇڭ مېلىدىن كەچمەس»، «دوستۇڭ ئۈچۈن زەھەر يۇت». ھەقىقىي دوست بارلىقنى دوستىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلايدۇ، ھەتتا ھالقىلىق پەيتتە مال - مۈلكىدىنلا ئەمەس يەنە جېنىدىنمۇ ۋاز كېچەلەيدۇ. بۇ دوستلۇقنى، تىنچ - خاتىرجەملىكنى ساقلاشنىڭ ئاساسى. شۇڭا دوستلۇقنى بەكمۇ قەدىرلەش كېرەك.

شۇنداق بولغاچقا، ئەقىللىك ئاتا - بوۋىلىرىمىز دوستقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش، قانداق قىلغاندا دوستلۇقنى كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن: «دوستۇڭ ساڭا سۇ بەرسە، سەن ئۇنىڭغا ھەسەل بەر»، «دوست تاش بەرسە گۆھەر بىل، دۈشمەن ئاش بەرسە زەھەر بىل» «دوستلار ئارا ئاداۋەت، دۈشمەن ئۈچۈن تاپاۋەت»، «ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ، دوستۇڭغا شۇنى قوي»، «دوست دوست بولسۇن، ھېسابىڭ دۇرۇس»، «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس»، «دوست بول سىرىنى بىلىپ، باشلايدىغان يېرىنى بىلىپ».

## 4. يامانلىقتا ياخشىلىق قىلىش

ئەل - ۋەتەننى سۆيۈش، دوستلۇقنى قەدىرلەش بىلەن بىر چاغدا، كىشىلەرنىڭ ئۆم - ئىناقلىقىغا، ئەل - ۋەتەننىڭ مۇقىملىقى، باي - باياشادلىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان بارلىق يامان ئادەم، يامان ئىشلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا ئەقەللىيسى يامان ئىش، يامان ئادەملەردىن نېرى تۇرۇش كېرەك. «يامان بىلەن بولساڭ يولداش، بېشىڭغا تېگەر تاش» بۇ، يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالماسلىق، يامان ئىش - ھەرىكەتلەردە بولماسلىق كېرەكلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يوقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يوقار»، خوي - پەيلى يامان ياكى ئەخلاق - پەزىلىتىنى يوقاتقان ناچار ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغاندا، خۇددى «قاغا بىلەن بىر بولساڭ پېيىشىڭ پوق» دېگەندەك ئۇلارنىڭ يامان ئىللەتلىرى يۇقىدۇ، ئەڭ يامىنى ئادەم يامان، ئەسكى ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغاندا ئوڭايلا ئۇلارنىڭ كاساپىتىگە كېتىپ، ئەخلاق، قانۇن ۋە ئۆرپ - ئادەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان، ئادەم ئۈيىلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

خۇددى «يامان ھارۋا يول بۇزار، يامان ئادەم يۇرت بۇزار» دېگەندەك ئەسكى ھارۋا تۈپتۈز يولنى بۇزغاندەك يامان ئادەملەرمۇ «تىنچ تۇرغان كۆل سۈيى»گە «تاش ئېتىپ»، ئۇنى داۋالغۇتۇپ ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدۇ، شۇڭا، يامان ئادەملەرگە نىسبەتەن ھەر دائىم ھوشيار تۇرۇش لازىم؛ «يامانىنى قويۇپ بەرسە ئەركىگە، كۈندە چىچار بۆكىگە». خوي - پەيلى يامان ئادەملەرنى مەيلىگە قويۇۋەتسە ئۆزىنى بىلمەي خۇدىنى يوقىتىپ، ئىش بۇزىدۇ، باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدۇ،

شۇڭا، ئۇنداق كىشىلەرنى ھەر زامان باشقۇرۇپ، تىزگىنلەپ تۇرۇش، قىلچە مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك زۆرۈر؛ ئەڭ ياخشىسى «ياماننىڭ ياخشىسى بولغۇچە ياخشىنىڭ يامىنى بول» دېگەندەك، يامان ئۇچۇن قولچوماق بولغىچە، ياخشىلار ئۇچۇن جانپىدا قىلغان ئەۋزەلدۇر. ئەڭ يامىنى شۇكى، «يېمىسىمۇ بۆرىنىڭ ئاغزى قان» بۇ، بىر يامان ئاتىلىپ قالغان ئادەمنىڭ قاچانلا بولمىسۇن يامان ئاتىلىۋېرىدىغانلىقىغا تەمسىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ، «قارا كىگىز ئاقارمايدۇ، ساراڭ ساقايمايدۇ» دېگەن گەپ بىلەن ئوخشاشتۇر. لېكىن، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىمىزدە يامانىنى مەڭگۈ يامان كۆرىدىغان باغرى تاشلىق ئەمەس، بەلكى يامانىنى ياخشى يولغا يېتەكلەش، ئۇلارغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىشتەك ئېسىل پەزىلەت چاقناپ تۇرىدۇ. «ياخشىنىڭ ياخشىلىقىنى چىقار، كۆككە يەتسۇن؛ ياماننىڭ يامانلىقىنى چىقار، تۇزۇپ كەتسۇن» بۇ، ياخشى - يامان كىشىلەرگە قارىتا مەيدان ئېنىق بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ياخشىغا ياخشىلىقچە مۇئامىلە قىلىش، يامانغا يامانلىقچە مۇئامىلە قىلىش ئەمەس، بەلكى يامانغىمۇ قولدىن كېلىشىچە ياخشىلىقى قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش، يامان يولدىن قايتىشقا يېتەكلەش كېرەك. بۇنداق قىلىش تىنچلىق، ئىناقلىقنى كۆزدە تۇتقانلىقنىڭ بىر ئىپادىسى؛ ئەجدادلار ئېيتىپتۇلەركى «سەكرىگەننى باس، يىقىلغاننى يۆلە». (بۇ، تېرىسىگە پاتماي كەتكەنلەرنى ئادەم قىل، ئاجىزلارغا ياردەم قىل، دېگەن مەنىدە) [3]. دېمەك، كىشىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش لازىم. «‹سەن› دېسە ‹سىز› دە، تاشلىسا ئىزدە»، بۇنداق قىلىش ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىققا پايدىلىق.

## 5. ياخشى ئىشنى كۆپ قىلىش

ئىنساننىڭ ئۆمرى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ، مۇشۇ قىسقا ئۆمرىدە ئىنسان ياخشى ئىشنى كۆپ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك ساۋاب تېپىشى كېرەك. بۇ خىل قاراشمۇ ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى تىنچلىقپەرۋەرلىكنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى، ياخشىلىق قىلغاندىلا كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدۇ، كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچكەندىلا مېھرىبانلىق، تىنچلىق، خاتىرجەملىك بولىدۇ. شۇڭا، ياخشىلىق قىلىش، ئۆزى ياخشى خۇي - مىجەز، ياخشى ئەمەللەردە بولۇش، باشقىلارغا قولدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ھەتتا يامان ئادەملەرگىمۇ ياخشىلىق قىلىپ، ئۇنى ياخشى يولغا قايتۇرۇپ كېلىش لازىم. «ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى» (ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، لېكىن، يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش پەقەت ئۆزىنى ئەر چاغلايدىغان كىشىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ)؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «ياخشى بولسا ئېشىنى يەر، يامان بولسا بېشىنى يەر» (بۇ ھەر قانداق ئىشقا ئاڭلىق مۇئامىلە قىلالايدىغان، ئەدەپ - ئەخلاق، قانۇن - ئىنتىزامغا ئوبدان رىئايە قىلىدىغان ئادەملا جامائەتچىلىك ئىچىدە يۇكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھەم ئامىنى، تەشكىلنى رازى قىلالايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، جەمئىيەتنىڭ ئەخلىتىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ) [4]. شۇڭا، «ياخشىلىق قىل دەرياغا سال بالىق بىلەر، بالىق بىلمىسە خالىق بىلەر»، بىلگىنكى ھەر قانداق ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ، ئۇنىڭ ھامان جاۋابى بولىدۇ. ياخشىلىق قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۆزى ئېغىر - بېسىق بولۇش، ياخشى خۇي - مىجەزنى يېتىلدۈرۈش لازىم. «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىق يەڭگەن باتۇر». بۇ، كىشىلەرنى ئېغىر - بېسىق بولۇشقا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاچچىقنى بېسىشقا ئۈندەيدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ياخشى ئىشلارنى قىلغىلى، ياخشى ئىشنى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ.

## 6. ئىشچان بولۇپ ھالال ياشاش

«كىشىنىڭ ھەققى ياماندىن يامان، ھالال يېگەن بولۇرسەن ئامان». ئۆزى ھالال ياشاش، باشقىلارنى

ھالال ياشاشقا يېتەكلەش، پۇت - قولى، ئېغىز - بۇرنى، بەدىنى، كاللىسى - ئىدىيەسى پاكىز، ھالال بولۇش، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلىش، باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز ئالايتماسلىق لازىم. شۇندىلا، تىنچ - خاتىرجەملىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ ھالبۇكى، بۇنىڭ مەنبەسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان - ئىقتىسادچىل بولۇش، قانۇن، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەتكە رىئايە قىلىشتۇر؛ ئىنسان پەقەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان - ئىقتىسادچىل بولۇش، قانۇن، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەتكە رىئايە قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزى تۇرمۇشىغا كېرەكلىك ماددىي، مەنىۋى، جىسمانىي ۋە پسىخىك بايلىققا ئېرىشەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بەرىكىتىنى كۆرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا تېگىشلىك بايلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ - دە، ھالال ياشىغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئاقىۋەت ئىرادىسى ئاجىز، ئاچكۆز كىشىلەرنى تىنچلىق - ئىناقلىققا دەخلى يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىش گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ.

خۇددى كونىلار «ئىشچان بولساڭ ئېشىڭنى يەيسەن، ھورۇن بولساڭ بېشىڭنى يەيسەن»، «ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق» دېگەندەك، ئەمگەكنى سۆيۈش، ئىشچانلىق شەرەپ، ئەمگەكنى سۆيمەسلىك، ھورۇنلۇق، تىرىكتاپلىق، تەييارتاپلىق نومۇس، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، جاپادىن قاچمايدىغان ئادەملەرنىڭ رىزقى كەڭ، ئەجىر - ئامەتلىك بولۇپ، ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ، شۇڭا، ئۇ ئەل ئىچىدە تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ، ئەل ئىچىدە ھۆرمىتى بار ئادەملەرنىڭ زىددىيەت - مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تىنچ - خاتىرجەملىككە تۈرتكە بولۇشتىكى رولىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ. «ئىشچاننىڭ پۇلى تۈگىمەس، بەدنىيەتنىڭ قەرزى تۈگىمەس»، ئىشچانلىقنىڭ ئۆزى باياشاتلىق، ھورۇنلۇق دېمەك - نامراتلىق، گادايلىق، دېمەكتۇر. ئىشچان بولغاندىلا ئاندىن نامراتلىق، گادايلىقتىن، بەدنىيەتلىكتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، تېگىشلىك نېسىۋىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. چۈنكى، «ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش، ئىشلىمىسەڭ قالىسەن تاتىلاپ باش»، «ئېرىنسەڭ يۇگۇرمىسەن». شۇڭا، بىز «ئېلىپ ئالتە بولماپتۇ، يەپ يەتتە» دېگەن ئاقىۋەتكە قېلىشتىن تىرىشىپ ساقلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى، «ئىللا- بىللا ئەلىيول ئەزىم، ھەممىنى يەپ بولماڭ يەنىمۇ لازىم». كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇرلاردا ھالاللىق يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇنىڭ ھالال بولۇشىدىلا ئەمەس، يەنە نىيەت، ئىقبالنىڭ ھالال بولۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ھەرىكەت قىلساڭ بەرىكەت تاپارسەن، ئىخلاس قىلساڭ مەرىپەت تاپارسەن»، «ھەق سۆزنىڭ توقمىقى بار، يالغان سۆزنىڭ قورقمىقى بار»، ھەق گەپ توغرىلىقى بىلەن يالغان گەپتىن غالىب كېلىدۇ. شۇڭا، ھەق گەپ، ھەق يولنى ياقلاش، ھالال ياشاش لازىم.

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن، گەپ - سۆزى، يۈرۈش - تۇرۇشى، ئولتۇرۇش - قوپۇشى، ياسىنىش - تارىنىشى، ئوي - خىيالى، ئارزۇ - ئارمىنى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدىن كۈچلۈك تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسى پۇراپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس، ماقال - تەمسىللەر تارىخىي ئەينەك، ماقال - تەمسىللەر شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتىسى، ئۆرپ - ئادىتى، شادلىقى ۋە قايغۇسى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىشتە، تارىخنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ دېڭىزدىن تامچىسى ھېسابلىنىدىغان ماقال - تەمسىللەرگە يوشۇرۇنغان تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسى ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ كەڭ قورساق، ئەلخۇمار، تىنچلىقپەرۋەر مەرد خەلق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز، چىن، ياخشى، گۈزەل خۇلق - مىجەزىمىز، ئارزۇ - ئارمىنىمىز مۇجەسسەم بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، قېرىنداش مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئارا ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز،

ھەممە مىللەت بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولۇپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى قوغداش يولىدا ئاكتىپ ئىنېرگىيە تارقىتىشىمىز لازىم.

## ئىزاھلار:

[1] ئابدۇكېرىم راخمان بۇچى: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسى، 1983: 285.

[2][3][4] ئايىېك ئۆمەر: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئۇنىڭ يەشمىسى»[M]. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2009: 2، 112، 276.

## پايدىلانمىلار:


1. ئابدۇكېرىم راخمان بۇچى: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسى 1983.
2. ئايىېك ئۆمەر: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئۇنىڭ يەشمىسى»[M]. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2009.
3. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزگەن: «تىل - ئەدەبىيات» (زۆرۈر دەرسلىك)[M] . 2008.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 096 ـ 02(2017) 5878 ـ 1005

# ئۇقۇملارنى بۆلۈشنىڭ لوگىكىلىق ئۇسۇلى ۋە قائىدىلىرى توغرىسىدا*

قەييۇم مىجىت

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئۇقۇملارنى بۆلۈشنىڭ مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى، لوگىكىلىق ئۇسۇللىرى ۋە قائىدىلىرى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي تەپەككۇر پائالىيىتىدە، پەن تەتقىقات ئىشلىرىدا ئۇقۇمنى بۆلۈش قائىدىلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ئۇقۇمنى بۆلۈش ئۇسۇللىرىدىن تېخىمۇ توغرا ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇقۇملارنى بۆلۈش؛ بۆلۈشنىڭ تۈزۈلۈشى؛ بۆلۈشنىڭ لوگىكىلىق ئۇسۇلى؛ بۆلۈشنىڭ لوگىكىلىق قائىدىلىرى

## 试论划分概念的逻辑方法和规则

克优木 · 米吉提

**摘要：** 这篇论文全面分析划分概念的内容和结构特点、逻辑方法及逻辑规则，并要求人们在实践思维活动和科学研究中，自觉遵循划分概念的逻辑规则，更正确和有效使用划分概念的逻辑方法。

**关键词：** 划分概念；划分的结构；划分的方法；划分的规则

**Abstract:** This paper mainly discusses contents and structural features, logical method and logical regulations of concept division. It also suggests that people may follow these regulations for better usage of conceptual logical methods in conceptual work or academies.

**Keywords:** concept division; structure of division; method of division; regulations of division

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: B81 ماتېرىيال بەلگىسى: A

كىشىلەر ئۇقۇملارنى ئىشلەتكەندە، ئۇقۇمغا ئېنىقلىما بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، شۇ ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ئېنىقلاش بىلەن بىرگە يەنە ئۇقۇمنى بۆلۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، شۇ ئۇقۇمنىڭ ھەجمىنىمۇ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بىرەر ئۇقۇمنىڭ ھەجمىنى ئېنىقلاشتا شۇ ئۇقۇمنىڭ ھەجمى قايسى ئوبيېكتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى، بۇ ئۇقۇم قانچىلىك دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.

ئۇقۇملارنىڭ ھەجمى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھەجمىنى چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. خاس ئۇقۇمنىڭ ھەجمى پەقەت بىرلا يەككە ئوبيېكتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمىنى شۇ ئوبيېكتنى كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىقلا ئېنىقلاشقا بولىدۇ. تۈرداش ئۇقۇمنىڭ ھەجمى بىر قانچە ياكى نۇرغۇن ئوبيېكتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمىنى ئېنىقلاشتا ئۇقۇمنىڭ ھەجمىنى بۆلۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇقۇمنى بۆلۈش ـ ئوبيېكتنىڭ مۇئەييەن بەلگىسىنى ئۆلچەم قىلىپ، بىر جىنس ئۇقۇمنى بىر قانچە تۈر ئۇقۇملارغا ئايرىش ئارقىلىق، ئۇقۇمنىڭ ھەجمىنى ئېچىپ بېرىدىغان لوگىكىلىق ئۇسۇلدۇر. ئۇقۇمنى بۆلۈش قىسقارتىلىپ بۆلۈش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

①ئىجتىمائىي مەھسۇلات ئىشلىتىلىش يوللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

②جۈملە مەنە خاراكتېرى ۋە ئىنتوناتسىيە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، خەۋەر جۈملە، بۇيرۇق جۈملە، سوراق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە دەپ تۆت تۈرگە

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: قەييۇم مىجىت (1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئومۇمىي لوگىكا ئوقۇتۇشى ھەم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بۆلۈنىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللار بۆلۈش بولۇپ، ئۇلار «ئىجتىمائىي مەھسۇلات»، «جۈملە» دېگەن جىنس ئۇقۇملارنى بىر قانچە تۈر ئۇقۇملارغا بۆلۈش ئارقىلىق، بۇ جىنس ئۇقۇملارنىڭ ھەجىمىنى ئېچىپ بەرگەن.

ئۇقۇم ئوبيېكتنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ماھىيەتلىك بەلگە ئارقىلىق، بىر جىنس تەركىبىدىكى ھەر قايسى تۈر ۋە ئوبيېكتلارنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇقۇملارنى بۆلۈشتە بىر جىنس ئۇقۇم بىر قانچە تۈر ئۇقۇملارغا ياكى بىر قانچە خاس ئۇقۇملارغا بۆلۈنىدۇ. يەنى بىر تۈردىكى ئوبيېكتلار بىر قانچە كىچىك تۈرلەرگە ياكى بىر قانچە يەككە ئوبيېكتلارغا بۆلۈنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇقۇمنىڭ ھەجمى ئېچىپ بېرىلىدۇ، ئوبيېكتنىڭ دائىرىسى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا، بۆلۈش بۆلۈنگۈچى، بۆلۈنمە ۋە بۆلۈشنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. بۆلۈشتە ھەجمى ئېچىلىدىغان يەنى بۆلۈنىدىغان جىنس ئۇقۇم بۆلۈنگۈچى دېيىلىدۇ. بۆلۈنگۈچىنى بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان تۈر ئۇقۇملار بۆلۈنمە دېيىلىدۇ. بىر بۆلۈنگۈچىنى بىر قانچە بۆلۈنمىگە بۆلگەندە، مەلۇم بەلگە ئۆلچەم قىلىنىدۇ. بۆلۈشكە ئۆلچەم قىلىنغان بۇ خىل بەلگە بۆلۈشنىڭ ئاساسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

①مەكتەپ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسى ۋە بىلىم بېرىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

②ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، شېئىر، ئېپىك ئەسەر، نەسر، سەھنە ئەسىرى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

يۇقىرىقى ①مىسالدا «مەكتەپ» دېگەن جىنس ئۇقۇم بۆلۈنگۈچى، «باشلانغۇچ مەكتەپ»، «ئوتتۇرا مەكتەپ»، «ئالىي مەكتەپ» دېگەن تۈر ئۇقۇملار بۆلۈنمە، «ئوقۇتۇش ۋەزىپىسى ۋە بىلىم بېرىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى» دېگەن بەلگە بۆلۈشنىڭ ئاساسى بولىدۇ. ②مىسالدا «ئەدەبىي ئەسەر» دېگەن جىنس ئۇقۇم بۆلۈنگۈچى، «شېئىر»، «ئېپىك ئەسەر»، «نەسر »، «سەھنە ئەسىرى» دېگەن تۈر ئۇقۇملار بۆلۈنمە، «ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى» دېگەن بەلگە بۆلۈشنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

بۆلۈشتە، بۆلۈنگۈچى ئۇقۇم بىلەن بۆلۈنمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جىنس ئۇقۇم بىلەن تۈر ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولىدۇ. بىر قانچە بۆلۈنمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭداش مۇناسىۋەت بولىدۇ. ئەينى بىر جىنس ئۇقۇم تەركىبىدىكى تەڭداش ئۇقۇملار كەم دېگەندە ئىككى بولىدۇ، بەزىدە بىر قانچە ياكى كۆپ بولىدۇ. شۇڭدەك بۆلۈشتە بۆلۈشنىڭ ئاساسى بىر بەلگە بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىر گۇرۇپپا بەلگە بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ئادەملەرنى مەملىكەت جەھەتتىكى پەرقىگە قاراپ، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك دەپ بۆلگەندە، بۆلۈشنىڭ ئاساسى پەقەت بىرلا بەلگە بولىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنى سۈت ئەمگۈچىلەر ۋە غەيرى سۈت ئەمگۈچىلەر دەپ بۆلۈشتە، تىرىك تۇغىدىغانلىقى ۋە سۈت ئەمگۈزۈپ باقىدىغانلىقى بۆلۈشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا ئاساس قىلىنغىنى بىر گۇرۇپپا بەلگە بولىدۇ.

ئۇقۇملارنى بۆلگەن چاغدا قايسى بەلگە بۆلۈشنىڭ ئاساسى قىلىنىدىغانلىقى، بۆلۈنگۈچى ئۇقۇم قانداق بۆلۈنمىلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى دائىم ئەمەلىيەتنىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇقۇملارنى ئوخشىمىغان ئەمەلىي ئېھتىياج ۋە ئوخشىمىغان ئاساسلار بويىچە ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بىز ئەدەبىياتنىڭ دائىرىسى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، «ئەدەبىيات» دېگەن ئۇقۇمنى مەملىكەت جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن، جۇڭگو ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىمىز. زامان جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن، قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى، يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە بۆلىمىز ۋە باشقىلار.

بۆلۈش بىلەن ئاجرىتىشنىڭ پەرقىگە كەلسەك، بۆلۈش بىلەن ئاجرىتىش بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

بۆلۈش بىر جىنس ئۇقۇمنى بىر قانچە تەڭداش تۈر ئۇقۇملارغا ياكى بىر تۈردىكى شەيئىنى بىر قانچە كىچىك تۈرلەرگە بۆلۈشتۇر. بۆلۈشتە بۆلۈنگۈچى ئۇقۇم بىلەن بۆلۈنمىلەر ئوتتۇرىسىدا جىنس ـ تۈر مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ئاجرىتىش بولسا، بىر كونكرېت شەيئىنى نۇرغۇن تەركىبىي قىسىملارغا ئاجرىتىش ياكى پارچىلاشتۇر. بىر كونكرېت شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم بىلەن ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمىنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدا جىنس ـ تۈر مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇ بۆلۈش ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن، «دەرەخ» دېگەن جىنس ئۇقۇمنى دەرەخلەرنىڭ مېۋە بېرىش ياكى بەرمەسلىكىگە قاراپ، «مېۋىلىك دەرەخ» ۋە «مېۋىسىز دەرەخ» دېگەن ئىككى تۈر ئۇقۇمغا بۆلىمىز، مانا بۇ بۆلۈش ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى دەرەخ گەۋدىسىنى يىلتىز، غول، شاخ، يوپۇرماق قاتارلىق تەركىبىي قىسىملارغا ئايرىيمىز. بۇ ئاجرىتىش بولۇپ، بۆلۈش ھېسابلانمايدۇ.

بۆلۈش بىلەن ئاجرىتىشنىڭ ئوخشىماسلىقىدىكى يەنە بىر تەرەپ شۇكى، بىر كونكرېت شەيئى بىلەن ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر تۈر بىلەن ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك تۈرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشىمايدۇ. ھەرقانداق بىر كىچىك تۈر مۇقەررەر ھالدا ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ تۈرنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەمما ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملار بۇ قىسىملاردىن تەركىب تاپقان پۈتۈنلۈكنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىگە ئىگە بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئادەم» دېگەن چوڭ تۈرنى ئادەملەرنىڭ جىنسىي پەرقىگە قاراپ، «ئەر» ۋە «ئايال» دېگەن ئىككى كىچىك تۈرگە بۆلىمىز. بۇ كىچىك تۈرلەر «ئادەم» دېگەن چوڭ تۈرنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمدى ئادەم بەدىنىنى باش قىسمى، گەۋدە قىسمى، پۇت ـ قول قىسمى قاتارلىق تەركىبىي قىسىملارغا ئايرىپ قارايمىز. بۇ تەركىبىي قىسىملار ئادەم دېگەن پۈتۈنلۈكنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىگە ئىگە بولمايدۇ.

ئەمەلىي تەپەككۇر پائالىيىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بۆلۈش ئۇسۇللىرى بىر قېتىم بۆلۈش ۋە ئۇدا بۆلۈش ئۇسۇللىرىدۇر. بىر قېتىم بۆلۈش ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن بۆلۈنگۈچى ئۇقۇمنى بىر قېتىمدىلا بۆلۈپ تاماملاش ئۇسۇلىدۇر. بۇ خىل بۆلۈشتە بىر بۆلۈنگۈچى بىلەن بىر قاتار بۆلۈنمىدىن ئىبارەت ئىككىلا قاتلام بولىدۇ. مەسىلەن:

①سانائەت مەھسۇلات خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئېغىر سانائەت ۋە يېنىك سانائەت دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

②ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى ۋېيىلىنىڭ ئېنىق كەلگۈسى زامان شەكلى بىلەن پۈتمىگەن سۈپەتداش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ، مەركىزىي دىيالېكت، خوتەن دىيالېكتى ۋە لوپنۇر دىيالېكتى دەپ ئۈچ دىيالېكتقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردا بۆلۈنگۈچى ئۇقۇم پەقەت بىر قېتىمدىلا بۆلۈپ تاماملانغان بولۇپ، بۇ بۆلۈشلەردە بىر بۆلۈنگۈچى بىلەن بىر قاتار بۆلۈنمىدىن ئىبارەت ئىككىلا قاتلام بار، شۇڭا بۇ خىل بۆلۈش بىر قېتىم بۆلۈش بولىدۇ.

بىر قېتىم بۆلۈش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى بار بولۇپ، ئۇ ئىككى بۆلۈنمىلىك بولۇش دەپ قارىلىدۇ. ئىككى بۆلۈنمىلىك بولۇش ئوبيېكتتا مەلۇم بەلگىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىنى بۆلۈشنىڭ ئاساسى قىلىپ، بىر جىنس ئۇقۇمنى بىر مۇسبەت ئۇقۇم بىلەن بىر مەنپىي ئۇقۇمدىن ئىبارەت ئىككى زىت ئۇقۇمغا بۆلۈش ئۇسۇلىدۇر. مەسىلەن، «ئۇرۇش» دېگەن ئۇقۇمنى تارىختا ئۆتكەن ئۇرۇشلارنىڭ ئادالەتلىككە ئىگە بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا ئاساسەن، «ئادالەتلىك ئۇرۇش» ۋە «ئادالەتسىز ئۇرۇش» دەپ ئىككى زىت ئۇقۇمغا بۆلۈش، «خىمىيەۋى ئېلېمېنت» دېگەن ئۇقۇمنى ئېلېمېنتلارنىڭ مېتاللىق بەلگىسىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىغا ئاساسەن، «مېتال» ۋە «غەيرى مېتال» دەپ ئىككى زىت ئۇقۇمغا بۆلۈش قاتارلىقلار ئىككى بۆلۈنمىلىك بۆلۈش بولىدۇ.

ئىككى بۆلۈنمىلىك بۆلۈشنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ. ئىككى بۆلۈنمىلىك بۆلۈش بىر ئۇقۇمنى بىر مۇسبەت ئۇقۇم، بىر مەنپىي ئۇقۇمغا بۆلۈش بولغانلىقتىن، بۇ خىل بۆلۈش تەپەككۇر جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ئۆز دىققىتىنى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قىسىمغىلا مەركەزلەشتۈرۈشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل بۆلۈش ئاددىي ھەم قولايلىق بولۇپ، بۆلۈش قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن. مانا بۇ ئىككى بۆلۈنمىلىك بۆلۈشنىڭ ئارتۇقچىلىقى. ئەمما ئىككى

بۆلۈنمىلىك بۆلۈشتىن ئېرىشكەن بۆلۈنمىلەرنىڭ بىرى مەنپىي ئۇقۇم بولىدۇ. مەنپىي ئۇقۇم ئوبيېكتىپ شەيئىدە مەلۇم بەلگىنىڭ يوقلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شەيئىنىڭ قانداق بەلگىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. مانا بۇ ئىككى بۆلۈنمىلىك بۆلۈشنىڭ كەمچىلىكى.

ئۇدا بۆلۈش بۆلۈنگۈچى ئۇقۇمنى بىر قانچە بۆلۈنمىلەرگە بۆلگەندىن كېيىن، بۆلۈنمىلەرنى يەنە بۆلۈنگۈچى قىلىپ بۆلۈش، تاكى ئەمەلىي ئېھتىياج قاندۇرۇلغىچە بۆلۈش ئۇسۇلىدۇر. بۇ خىل بۆلۈشتە بىر نەچچە قاتلام بۆلۈنگۈچى بىلەن بىر نەچچە قاتلام بۆلۈنمە بولىدۇ. مەسىلەن:

①ھۆكۈملەر ئالدى بىلەن باشقا ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى ئالمىغانلىقىغا ئاساسەن، ئاددىي ھۆكۈم ۋە قوشما ھۆكۈم دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاددىي ھۆكۈملەر يەنە ئوبيېكتقا قارىتا نېمىنى مۆئەييەنلەشتۈرگەنلىكىگە قاراپ، خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم ۋە مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈم دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. قوشما ھۆكۈملەر يەنە تارماق ھۆكۈملەرنىڭ بىرىكىش ئەھۋالىغا قاراپ، بىرلەشمە ھۆكۈم، تاللانما ھۆكۈم، شەرتلىك ھۆكۈم ۋە مەنپىي ھۆكۈم دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

②جۈملىلەر ئاۋۋال تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاددىي جۈملىلەر يەنە قانداق قىسىملاردىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ، ئىگە - خەۋەر قىسىملىق جۈملە ۋە خەۋەر قىسىملىق جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. قوشما جۈملىلەر يەنە تارماق جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە قاراپ، تەڭداش قوشما جۈملە، بېقىندىلىق قوشما جۈملە، ئارىلاش قوشما جۈملە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردا بۆلۈنگۈچى ئۇقۇمنى بىر قانچە بۆلۈنمىگە بۆلگەندىن كېيىن، بۆلۈنمىلەرنى يەنە بۆلۈنگۈچى قىلىپ بۆلگەن، بۇ بۆلۈشتە بىر نەچچە قاتلام بۆلۈنگۈچى بىلەن بىر نەچچە قاتلام بۆلۈنمە بار، مانا بۇ ئۇدا بۆلۈش بولىدۇ.

تۈرگە ئايرىش بۆلۈشنىڭ بىر خىل يۇقىرى شەكلى بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتلارنى ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ياكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، بىر قانچە تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىپ، ھەربىر تۈرنى باشقا تۈرلەرگە نىسبەتەن مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە قىلىش ئۇسۇلىدۇر. تۈرگە ئايرىش كىلاسسىفىكاتسىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مېندېلېيېۋنىڭ خىمىيەۋى ئېلېمېنتلارنى تۈرلەرگە ئايرىشى، تىلشۇناسلارنىڭ دۇنيادىكى تىللارنى سىستېما ۋە تۈركۈملەرگە ئايرىشى، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تۈر ۋە ژانىرلارغا ئايرىشى، ماتېماتىكلارنىڭ سانلارنى تۈرلەرگە ئايرىشى قاتارلىقلار تۈرگە ئايرىش بولىدۇ.

بۆلۈش بىلەن تۈرگە ئايرىش ھەم بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ھەم مەلۇم جەھەتتە ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى شۇكى، بۆلۈش تۈرگە ئايرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ تۈرگە ئايرىشنىڭ ئاساسى. تۈرگە ئايرىش بۆلۈشكە تەۋە بولۇپ، ئۇ بۆلۈشنىڭ ئالاھىدە شەكلى. ھەرقانداق بىر تۈرگە ئايرىش بۆلۈش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۆلۈشنىڭ ھەممىسى تۈرگە ئايرىش بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، بۆلۈشنىڭ ئاساسى بىلەن تۈرگە ئايرىشنىڭ ئاساسى تەلەپ جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. ئوبيېكتلارنى پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئادەتتىكى بەلگىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۆلۈشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولۇۋېرىدۇ. ئەمما تۈرگە ئايرىش ئوبيېكتلارنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىنى ياكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۈرگە ئايرىشتا شەيئىنىڭ قانچىكى ماھىيەتلىك بەلگىسى ئاساس قىلىنسا، ئۇنىڭ قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

ئىككىنچى، بۆلۈشنىڭ رولى بىلەن تۈرگە ئايرىشنىڭ رولى ئوخشىمايدۇ. بۆلۈش كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئەمەلىي ئېھتىياجى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەت جەريانى تاماملانغان ھامان بۇ خىل بۆلۈشمۇ ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. تۈرگە ئايرىش كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئوبيېكت ئۈستىدىكى بىلىملىرىنىڭ سىستېمىلىشىشى بولۇپ، بۇ سىستېما ھەرقايسى پەنلەردە مۇقىملاشقان بولغاچقا، پەن تەرەققىياتىنىڭ خېلى ئۇزۇن مەزگىللىكچە رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، مېندېلېيېۋنىڭ خىمىيەۋى ئېلېمېنتلارنى

تۈرلەرگە ئايرىپ چىققانلىقى، تىلشۇناسلارنىڭ دۇنيادىكى تىللارنى سىستېما ۋە تۈركۈملەرگە ئايرىپ چىققانلىقى ئىلىم ـ پەن تارىخىدا زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

تۈرگە ئايرىش ـ تەبىئىي تۈرگە ئايرىش ۋە قوشۇمچە تۈرگە ئايرىش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تەبىئىي تۈرگە ئايرىش ئوبيېكتنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنى ئاساس قىلىپ، بىر تۈردىكى ئوبيېكتنى ھەر قايسى كىچىك تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىشتۇر. مەسىلەن، سۆزلەرنى ئاۋۋال ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە ئاساسەن، مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىمىز، مۇستەقىل سۆزلەرنى مەنىسى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ، ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار، رەۋىش، ئالماش، پېئىل قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىگە بۆلىمىز، ياردەمچى سۆزلەرنى مەنىسى ۋە رولىغا قاراپ، تىركەلمە، باغلىغۇچى ۋە يۈكلىمە دېگەن سۆز تۈركۈملىرىگە بۆلىمىز. مانا بۇ تەبىئىي تۈرگە ئايرىش بولىدۇ.

قوشۇمچە تۈرگە ئايرىش ئوبيېكتلارنىڭ مەلۇم كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنى ھەر قايسى تۈرلەرگە يەنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ چىقىشتۇر. مۇنداق قىلىش تۈرگە بۆلۈنگۈچى ئوبيېكتلار ئىچىدىن مەلۇم بىر ئايرىم ئوبيېكتنى تېپىپ چىقىشقا قولايلىق بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا لۇغەتلەرنى تۈزۈشتە سۆزلەرنىڭ باش ھەرپىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلارنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈرلەرگە يەنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ چىقىمىز. گېزىت، ژۇرنال، ھۆججەتلەردە كۆپرەك ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى شۇ ئىسىملارنىڭ باش ھەرپىنى ئاساس قىلىپ، ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ يازىمىز. مانا بۇلار قوشۇمچە تۈرگە ئايرىش بولىدۇ.

ئۇقۇملارنى بۆلۈشتە بۆلۈشنىڭ لوگىكىلىق ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەشتىن باشقا يەنە بۆلۈشنىڭ لوگىكىلىق قائىدىلىرىنىمۇ ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش تولىمۇ زۆرۈر، ئۇقۇملارنى بۆلۈشنىڭ لوگىكىلىق قائىدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) بۆلۈش تولۇق ماس بولۇشى كېرەك. بۆلۈش تولۇق ماس بولۇش دېگىنىمىز بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان بۆلۈنمىلەر ھەجىمىنىڭ يىغىندىسى بۆلۈنگۈچىنىڭ ھەجىمىگە تەڭ بولۇشى، ئازمۇ بولۇپ قالماسلىقى، كۆپمۇ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بۆلۈنمىلەر ھەجىمىنىڭ يىغىندىسى بۆلۈنگۈچىنىڭ ھەجىمىدىن ئاز بولۇپ قالسا، بۆلۈنگۈچىگە تەئەللۇق بولغان بەزى ئوبيېكتلار چۈشۈپ قالغان بولىدۇ ـ دە، «چالا بۆلۈش» تەك لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بۆلۈنمىلەر ھەجىمىنىڭ يىغىندىسى بۆلۈنگۈچىنىڭ ھەجىمىدىن كۆپ بولۇپ كەتسە، بۆلۈنگۈچىگە تەئەللۇق بولمىغان بەزى ئوبيېكتلار بۆلۈنمىگە قېتىلىپ قالغان بولىدۇ ـ دە، «بۆلۈنمە كۆپ بولۇپ كېتىش» تەك لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، سانائەتنى پولات ـ تۆمۈر سانائىتى، نېفىت سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى دەپلا بۆلسەك، بۇ توغرا بۆلۈش بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا رەڭلىك مېتال سانائىتى، كۆمۈرچىلىك سانائىتى دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە بۆلۈنمىلەر چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. مانا بۇ «چالا بۆلۈش» خاتالىقىدۇر. شۇنىڭدەك، جۇڭگو پۇقرالىرىنى ياش جەھەتتىن ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار، باللار دەپ بۆلسەك، بۇمۇ توغرا بۆلۈش بولمايدۇ. چۈنكى باللار پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئىگە ئولمىغانلىقتىن، تېخى جۇڭگو پۇقرالىرى دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. مانا بۇ «بۆلۈنمە كۆپ بولۇپ كېتىش» خاتالىقىدۇر.

بەزى چاغلاردا بۆلۈشكە تېگىشلىك بۆلۈنمىلەر ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن ھەممىسىنىلا ساناپ ئولتۇرۇش ئەپسىز بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، بەزى مۇھىم بولغان بۆلۈنمىلەرنىلا سانىغاندىن كېيىن، «قاتارلىقلار»، «ۋە باشقىلار» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلسە، يەنە باشقا بۆلۈنمىلەرمۇ بار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ـ دە، بۆلۈنگۈچى بىلەن بۆلۈنمىلەر ئۆز ئارا ماس بولغان بولىدۇ.

(2) بۆلۈنمىلەر بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىشى لازىم. بۆلۈنمىلەر بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىش دېگىنىمىز بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان ھەرقايسى بۆلۈنمىلەر ئوتتۇرىسىدا سىغىشماسلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى، ئۆزئارا سىغىشىپ قالماسلىقى كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بۆلۈنمىلەر ئۆزئارا سىغىشماسلىق مۇناسىۋىتىدە بولمىسا، بەزى ئوبيېكتلار بۇ بۆلۈنمىگىمۇ، ئۇ بۆلۈنمىگىمۇ

تەئەللۇق بولۇپ قالغان بولىدۇ - دە، «بۆلۈنمىلەر سىغىشىپ قېلىش» تەك لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، «بۇ قېتىمقى كۇرستا ئوقۇغانلار ئوقۇتقۇچىلار، كادىرلار ۋە ئايال يولداشلاردىن ئىبارەت» دېيىلسە، بۇ بۆلۈش توغرا بولماي قالىدۇ. ئۇنىڭدا بۆلۈنمىلەر بىر - بىرىنى چەتكە قېقىشمايدۇ، ئۆزئارا سىغىشىپ قالىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ۋە كادىرلارنىڭ ئارىسىدا ئايال يولداشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن - دە. بۇ يەردە بۆلۈنمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك ئېنىق بولماي، بۆلۈشنىڭ مەقسىتى ئورۇنلانماي قالىدۇ.

(3) بۆلۈشنىڭ ئاساسى بىردەك بولۇشى لازىم. بۆلۈشنىڭ ئاساسى بىردەك بولۇش دېگىنىمىز ھەر قېتىملىق بۆلۈشتە ئاساس پەقەت بىرلا بولۇشى، گاھ ئۇنداق، گاھ مۇنداق ئاساسلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتمەسلىك لازىم دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بۆلۈشنىڭ ئاساسى بىردەك بولمىسا، «ئاساسنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش» تەك لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىپ، بۆلۈشنىڭ نەتىجىسىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، سانائەتنى بىرلا ۋاقىتتا ھەم مەملىكەت جەھەتتىكى پەرقىگە، ھەم مەھسۇلات خاراكتېرىگە قاراپ، جۇڭگو سانائىتى، چەت ئەل سانائىتى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت دەپ بۆلسەك، بۆلۈش توغرا بولمايدۇ، ئاساسلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بۆلۈنمىلەرمۇ بىر - بىرىنى چەتكە قېقىشماي، بۆلۈش مەقسىتى ئورۇنلانمايدۇ.

بۆلۈشنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ قائىدىسى ئۆز ئارا ئالاقىدار بولىدۇ. بۆلۈشتە مۇشۇ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىنسا، ئۇقۇملارنى توغرا بۆلگىلى، بۆلۈنگۈچى دائىرىسىدىكى ھەر قانداق ئوبيېكتنى بۆلۈنمە تەركىبىگە كىرگۈزگىلى ھەمدە بىرلا بۆلۈنمە تەركىبىگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇقۇملارنى بۆلۈشتە ھەر خىل لوگىكىلىق خاتالىقلار سادىر بولىدۇ. شۇڭا بىز ئۇقۇملارنى بۆلۈش جەريانىدا بۆلۈشنىڭ بۇ قائىدىلىرىگە ئاڭلىق ۋە تولۇق ئەمەل قىلىشىمىز لازىم.

ئۇقۇمنى بۆلۈش كىشىلەر ئۇقۇملارنىڭ ھەجىمىنى ئېنىقلاشتا دائىم قوللىنىدىغان بىر خىل لوگىكىلىق ئۇسۇلدۇر. ئۇنىڭ مۇھىم رولى ئۇقۇملارنىڭ ھەجىمىنى ئېنىقلاش، ئوبيېكتلارنىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۆلۈش كىشىلەرگە ئۇقۇملارنىڭ ھەجىمىنى، ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىكتىن، ئۇنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىش - ئۆگىنىش، پەن تەتقىقات ۋە كۈندىلىك خىزمەتلەردە، ئۇقۇملارنى توغرا چۈشىنىش، توغرا ئىپادىلەش ۋە توغرا قوللىنىش، شۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە توغرا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىقلاردا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پايدىلانمىلار:


1. رازراق مەتنىياز: «ئومۇمىي لوگىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى[M]. 1996.
2. ئابدۇراخمان قۇربان: «لوگىكا بىلىملىرى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى[M]. 2002.
3. كۈرەش مەھمۇتجان: «ئومۇمىي لوگىكىدىن كونسۇلتاتسىيە»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001.
4. 普通逻辑编写组编. «普通逻辑» [M].上海人民出版社,1996.
5. 吴家国. «普通逻辑原理» [M].高等教育出版社,2000.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 06 - 102 - 02(2017) 5878 - 1005

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە*

كەرىمجان سابىرى[1, 2]، قاسىمجان سادىقوپ[1]

(1. ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، تاشكەنت. 700047؛
2. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باشلانغۇچ مائارىپى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 840017)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلى سېلىشتۇرمىلىق سۆزلۈكلەر توپلىمى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى خەنزۇ تىلى تەلەپپۇزى ئارقىلىق ئىپادىلەپ يازغان جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن تۈزۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى تۈرلەرگە بۆلۈنگەن لۇغەتتۇر. مەزمۇنى ئاسمان جىسىملىرى، يەر، ۋاقىت، گۈل - گىياھ، قۇشلار - ھايۋانلار، ئوردا - ساراي، جابدۇقلار قاتارلىق 18 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھەر خىل نۇسخىلىرىدا جەمئىي 800دىن ئارتۇق دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ھەر بىر سۆزلۈكلەر تىزىمىدە خەنزۇچە ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خەنزۇچە يېزىق بىلەن تەلەپپۇزى يېزىلغان. مەزكۇر ماقالىدە سېلىشتۇرمىلىق لۇغەتتە كۆرۈلگەن سۆز ئىبارىلەردىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان ۋە قۇمۇل ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىچىلىكى ۋە ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىندى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى؛ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى؛ سۆزلەر توپلىمى

## 简析维吾尔语 - 汉语对照《高昌馆杂字》

克里木江 · 沙比尔，卡斯木江 · 萨迪克夫

**摘要：**《高昌馆杂字》是明代编纂的一部回鹘文—汉文对照分类词汇集，由回鹘文、汉文和回鹘语汉字注音对照构成，是我国最早的回鹘语—汉语词典。内容包括天文、地理、时令、花木、鸟兽、宫室、器用等 18 个门类，不同版本共有 800 余条常用词语，每一词条均有汉文、回鹘文以及回鹘文的汉字注音。该论文根据《高昌馆杂字》中出现的这些词汇分析了明代吐鲁番、哈密一带维吾尔语语音变化以及语法特点。

**关键词：** 高昌馆杂字；回鹘文和汉文；词汇集

**Abstract:** “The Gaochang Glossary” is the first Uyghur and Chinese classified dictionary with Uyghur scripts explained in Chinese and Uyghur pronunciation annotated with Chinese characters. It contains vocabulary in astronomy, geography, climate, botany, zoology, daily instruments, house construction and other 18 subjects, 800 entries with ancient Uyghur and Chinese annotations. Based on this glossary, this paper studies the syntactic and phonetic changes of the Uyghur language in such areas as Turfan and Hami in the 14-17th centuries.

**Keywords:** “The Gaochang Glossary”; Ancient Uyghur language; vocabulary

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H21 ماتېرىيال بەلگىسى: A

«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن قەدىمكى تۈركىي (ئۇيغۇر)

*بۇ ماقالە 2016 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** كەرىمجان سابىرى(1969 - يىلى 11 - ئايدا تۇغۇلغان) قەدىمكى تۈركىي تىللىرى، مەنبەشۇناسلىق ۋە مەتىنشۇناسلىق بويىچە قاسىمجان سادىقوپنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدە تاشكەنت دۆلەتلىك شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇماقتا.
قاسىمجان سادىقوپ(1956 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان )، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، پىروفېسسور. قەدىمكى تۈركىي يېزىقلار، تۈركىي يازما يادىكارلىقلار تىلى، مەنبەشۇناسلىق ۋە مەتىنشۇناسلىق، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ دىنىي پەلسەپىۋى قاراشلىرى توغرىسىدا ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تىلىدىكى سۆزلەر بىلەن خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتىدۇر. مەزكۇر لۇغەت «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى» كىتابىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن.

«خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى»نى تۈزۈش ئىشى ئەينى ۋاقىتتا پادىشاھ يارلىقى بىلەن 15 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا باشلانغان (قارالسۇن:IMS,16). مەزكۇر لۇغەتنىڭ بىرىنچى قول يازمىسى موڭغۇل تىلىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا موڭغۇلچە سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى خەنزۇچە يېزىقتا كۆرسىتىلگەن. 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئوردىدىكى تەرجىمانلار تەشكىلى كېڭىيىپ تىبەت، ھىندى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ۋە باشقا تىللاردا پۈتۈلگەن ھۆججەتلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىدىغان مەھكىمىلەر قۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن باغلىق ھالدا، بۇرۇنقى لۇغەتنىڭ كۆلىمى ۋە ۋەزىپىسىمۇ كېڭەيگەن. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈزۈلگەن لۇغەتتۇر.

ئەسەرگە خەنزۇ تىلىدا 华夷译语 · 华夷译语高 «昌馆杂字» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. ئۇيغۇرچە مەنىسى «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى. ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»دۇر. كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىگە خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمە سۆزلەر (语华夷译) دەپ يېزىلىپ، كېيىن بىرىنچى باب ماۋزۇسى قويۇلغان. ئۇنىڭ ئوقۇلۇشى: 天文门 (مەنىسى «ئاسمان قىسمى»دۇر). ئەسەرنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن قوليازمىلىرىدىن باشقا، يەنە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چىقىرىلغان ياغاچ باسما نۇسخىلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قانچە نۇسخىسى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا، بىر قول يازمىسى ياپونىيەدىكى مەركىزىي خەلقلەر ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ (قارالسۇن: IMS,16 - 18). لۇغەت قولىيازمىلىرىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىدىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي دىياردا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر ئۇيغۇر تىلىغا بولغان ئېتىبارنىڭ ناھايىتى زور بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مەزكۇر لۇغەتنىڭ نامى «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭدا پەقەت رەسمىي دىپلوماتىيە، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرلا بېرىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇ كەڭ كۆلەملىك، سۆزلۈكلەر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان لۇغەتتۇر. لۇغەتتە دۆلەت مەھكىمىلىرىگە چەتتىن كىرگەن خەت - ھۆججەتلەر، رەسمىي - دىپلوماتىك پۈتۈكلەردە قوللىنىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر لۇغەتتە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە چېتىشلىق بولغان سۆزلەرنى تاپقىلى بولىدۇ.

لۇغەتتە 940 سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىگە ئىزاھ بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئايرىم نۇسخىلىرىدا يەنى كىتاب ئاخىرىدا سۆزلۈككە تولۇقلىمىمۇ بېرىلگەن. شۇلارنى ھېسابلىغاندا، لۇغەتتىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سانى مىڭدىن ئاشىدۇ.

«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»دە تۈركىي (ئۇيغۇرچە) سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىسى ۋە ئوقۇلۇشى خەنزۇچە ئىزاھلانغان. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى خەنزۇ تىلماچلار ۋە ئىدارە خادىملىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن كىتاب ئىدى. بۇنىڭدىن مەزكۇر لۇغەتنىڭ ئەينى دەۋر ۋەزىيىتىدە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولغان خەنزۇلار ئۈچۈن تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇيغۇرچە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز شەكلى خەنزۇچە يېزىقتا ئىپادىلەنمىگەن بولار ئىدى.

لۇغەتتە سۆزلەر مەنە تۈرلىرى بويىچە، تۆۋەندىكى ئون يەتتە تۈرگە ئايرىلغان.

(1) ئاسمان جىسىملىرىناملىرى 天文门
(2) يەر جىسىملىرى ناملىرى 地理门
(3) ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر 时令门
(4) گۈل - گىياھلار ناملىرى 花木门
(5) جان ـ جانىۋار (جاندارلار) ناملىرى 鸟兽门
(6) كىشىلەر بىلەن باغلىق بولغان ناملار 人物门
(7) تەن ئەزالارنىڭ نامى 身体门
(8) ئوردا - سارايلار بىلەن باغلىق ناملار 宫室门
(9) قورال - ياراق ۋە جابدۇقلارنىڭ ناملىرى 器用门
(10) كىيىم - كېچەكلەر ناملىرى 衣服门

(11) چىنتاشلارنىڭناملىرى 珍宝门

(12) يېمەك - ئىچمەك (يېگۈلۈك ۋە ئىچگۈلۈكلەرگە ئائىت) لەر ناملىرى 饮馔门

(13) يېزىق - سىزىق ( ھۆججەتچىلىككە ئائىت ) قا ئائىت سۆزلەر 文史门

(14) تەرەپ - تامان چۈشەنچىلىرى 方隅 门

(15) رەڭنى ئىپادىلەيدىغان (بوياق ناملىرى) سۆزلەر 声色门

(16) سانلار نامى 数目门

(17) يۇرۇش - تۇرۇش بىلەن باغلىق سۆزلەر ناملىرى 人事兼通用门




مەزكۇر لۇغەتتە يۇقىرىقى تۈرلەردىكى سۆزلەردىن باشقا، يەنە ئادەتتىكى ۋە ھەر خىل سۆزلەرمۇ ئايرىم بېرىلگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەرنىڭ ماۋزۇلىرىمۇ خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغان.

قولىيازمىنىڭ ھەرقايسى بېتىدە تۆت سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەرجىمىسى بېرىلگەن. تۈركىي سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئۇلارنىڭ تەرجىمىسى ۋە ئوقۇلۇشى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خەنزۇچىسىمۇ يۇقىرىدىن پەسكە قاراپ يېزىپ چۈشۈرۈلگەن. مەزكۇر لۇغەتتە باشتا تۈركىي (ئۇيغۇرچە) سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى، كېيىن ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، ئۈچىنچى قۇرىدا بولسا تۈركىي ئۆرنەكنىڭ تەلەپپۇز شەكلى خەنزۇچە يېزىقتا بېرىلگەن.

مەسىلەن، يۇقىرىدا رەسىمدە كۆرسىتىلگەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ناملىرى بۆلۈمىدە: ئاۋۋال قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى تەڭرى، يەنى «ئاسمان» سۆزى بېرىلىپ، كېيىنكى قاتارىدا ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە ئوقۇلۇشى تۈركىي سۆزنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە بېرىلگەن. خەنزۇچە مەنىسى 天 (تەڭرى، ئاسمان)، تۈركىي سۆزنىڭ ئوقۇلۇشى 腾克力 téngkèlì.

كېيىنكى بەتتىكى سۆز «تىن»دۇر. بۇنىڭ خەنزۇچە مەنىسى qì 气 (ھاۋا)، تۈركىي سۆزنىڭ ئوقۇلۇشى بويىچە خەنزۇچە - tīng 听 يېزىقى بىلەن يېزىلغان

يەنە ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بۆلۈمىدىن مىسال ئېلىپ كۆرەيلى:

rùn yuè 闰月 خەنزۇچە تەرجىمىسى - ئاي Šün (كەبىسە ئاي[i])، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە 明瑞于 润 دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز خەنزۇچە فونېتىكا تەلەپپۇزى بويىچە لۇغەتتە - shùn āi 顺哀 دەپ يېزىلغان.

rìrì 日日 خەنزۇچە تەرجىمىسى - kün küniŋä (كۈندىن - كۈنگە)، بۇ سۆزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى: kūn kūn níng kè 坤坤寧克.

sì shí 四时 خەنزۇچە تەرجىمىسى - tört öd (تۆت ۋاقىت، پەسىل)، بۇ سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ بويىچە ئوقۇلۇشى tū ér yù 秃儿欲. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە 四时之运 دېگەن سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز، بۇ سۆز تۆت ۋاقىتنىڭ كېچە - كۈندۈز دەۋر قىلىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. دېمەك بۇ يەردە «پەسىل» مەنىسىدە كەلگەن.

bā jiē 八节 خەنزۇچە تەرجىمىسىدە - sekiz čaq (سەككىز ۋاقىت[ii])، تۈركىي سۆزنىڭ خەنزۇچە ئوقۇلۇشى sāi qǐ sī chá 塞乞思察.

يېزىق - سىزىق (ھۆججەتچىلىك) بىلەن باغلىق سۆزلەر بۆلۈمىدە:

chìshū 勅书 خەنزۇچە تەرجىمىسىدە - Bildürgülük

(پەرمان، يارلىق)، بۇ سۆزنىڭ خەنزۇچە ئوقۇلۇشى :兵 bīng dū ér gŭ lù 都儿古禄

Yarlïq - يارلىق. خەنزۇچە تەرجىمىسى 圣旨 shèng zhĭ (مۇقەددەس پەرمان، پادىشاھ ئەمرى) بۇ سۆزنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز بويىچە ئوقۇلۇشى : 呀儿力 .ya ér lì

bitigniŋ yoruğï - پۈتۈكنىڭ مەزمۇنى. خەنزۇچە تەرجىمىدە 文义 wén yì (ماقالىنىڭ مەزمۇنى ۋە قائىدىسى)، تۈركىي سۆزنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە خەنزۇچە ئوقۇلۇشى: 必的佞羽禄几 bìdeningyŭlùjī

toŋqul bitig ـتاللانغانلارنىڭ رۇيختى (تىزىملىكى). خەنزۇچە تەرجىمىدە 榜文 băng wén (سىناقتىن ئۆتۈپ قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ رۇيخېتى)، بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە خەنزۇچە ئوقۇلۇشى:

统贯必的 tōng guàn bì de

گۈل ۋە گىياھلار بۆلۈمىدە :

Čečäk ـ گۈل، چېچەك. خەنزۇچە تەرجىمىدە 花 huā، بۇ سۆزنىڭ ئوقۇلۇشى扯扯 chě chě

Yïğač ـ دەرەخ. خەنزۇچە تەرجىمىدە 木 mu، بۇ سۆزنىڭ ئوقۇلۇشى 以哈尺 yĭ hā chī دەپ يېزىلغان.

«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان ۋە قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇشبۇ ھۆججەتتىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چېگرا رايون ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر خېتىدىن پايدىلىنىۋاتقانلىقى ئايان بولىدۇ. ئۇشبۇ لۇغەتنىڭ باش بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقلار ئېنىق، خەت ئۇسلۇبى ناھايىتى كۆركەم بولغان؛ قوليازمىلار ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كىلاسسىك كىتابىي خەت تۈرىدە پۈتۈلگەن. يېزىقتا لەۋلەشكەن ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار [ö] بىلەن [ü]، لەۋلەشكەن ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار [o] ۋە [u]دىن پەرق قىلىدۇ. بەزى ئورۇنلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەكرارلىنىشمۇ بېرىلگەن، مەسىلەن : oot (ئوت، ئوتقاش) ؛ quur (بەلباغ، كەمەر) ؛ altun quur (ئالتۇن كەمەر) قاتارلىقلار.

لۇغەتتە قەدىمىي تۈركىي پۈتۈكلەردە كەڭ قوللانغان، ھالبۇكى ھازىرقى تۈركىي تىللاردا ئۇنتۇلۇپ ئىستېمالدىن قالغان bodun (خەلق، ئۇلۇس)، ögüz (دەريا)، taluy (دېڭىز)، yay (ياز، پەسىل)، ud، müran (سىيىر)، el - kün (خەلق)، nom (قائىدە)، bitig (كىتاب، خەت، يېزىق) قاتارلىق سۆزلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

مەزكۇر لۇغەتتە يەنە خەنزۇچىدىن 龙 (ئەجدىھا)، 莲花 (گۈل، چېچەك) ۋە بەزەن ئەرەبچىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

لۇغەتتە سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىلىرىگە قاراپ گۇرۇپپىلانغانلىقى تىلنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن قولاي بولغان.

لۇغەتنىڭ ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قىسمىدا (IMS,35–36) يىل، پەسىللەر، كۈن ۋە ئايلارنىڭ ۋاقىت ناملىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ھەممىزگە مەلۇم، پەسىللەرنىڭ تۆت خىل ئاتىلىشى بار. دەسلەپكى ئىككىسى ھازىرقى تۈركىي تىللاردا ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇلار: yaz ـ كۆلەم، yay ـ ياز. قەدىمكى تۈركىي تىلدا «كۆكلەم» بىلەن «ياز» ئەنە شۇنداق ئاتالغان. بۇ خىل ئاتاشنىڭ ئەينى دەۋرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تىلىدا قەدىمكى تۈركىي تىل ئەنئەنىلىرىنىڭ ياخشى ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. كېيىنكى پەسىللەرنىڭ ناملىرى ھازىرقى بىلەن ماس كېلىدۇ، ئۇلار كۈز بىلەن قىشتۇر.

ۋاقىت «öd» دەپ ئاتالغان. ئايلار ئىككى خىل ئېيتىلغان: بىرىنچىسى، ساناقلارنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ئاتالغان. بۇنىڭدا تەرتىپ كۆرسەتكۈچى - ïnč, - inč / - unč, - ünč (nč - ) شەكلىدە قوشۇلىدۇ: üčünč، törtünč قاتارلىقلار. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىككى خانلىق سانلارنىڭ ئېيتىلىشىدا كونىچە تەرتىپ ساقلانغان: bir yigirminč ay – on birinchi ay

ئىككىنچىسى، بۇددىزم دەۋرى تۈركىي جامائەسىدە ئايلارنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى بار بولۇپ سانسكرىت تىلىدىن ئۆزلەشكەن. مەزكۇر لۇغەتتە بۇددىزم دەۋرى تۈرك جامائەسى ئۆز تىلىدا قوللانغان ئەنە شۇنداق ئاتالغۇلارمۇ كەلتۈرۈلگەن: aram ay ـ خەنزۇچىدا 正月 zhèng yuè (قەمەرىيە ھېسابى بويىچە بىرىنچى ئاي، نەۋروز ئېيى)، čaqšabut ay ـ چاقشاپۇت

ئېيى. خەنزۇچىدا ـ shí èr yuè 十二月 (ھازىرقى دېكابىر ئېيى)، šün ay ـ شۈن ئاي. خەنزۇچىدا 闰月 rùn yuè (كەبىسە ئاي). ئايلارنىڭ ئاتىلىشى ۋە تەكرارلىنىشى تۆۋەندىكىچە :(IMS,36)

aram ay ئارام ئاي ـ بىرىنچى ئاي (قەمەرىيە كالېندارى بويىچە)

yekindi ay يېكىندى ئاي ـ ئىككىنچى ئاي.

üčünč ay ئۈچۈنچ ئاي ـ ئۈچىنچى ئاي.

törtünč ay تۆرتۈنچ ئاي ـ تۆتىنچى ئاي.

bešinč ay بېشىنچ ئاي ـ بەشىنچى ئاي.

altïnč ay ئالتىنچ ئاي ـ ئالتىنچى ئاي.

yetinč ay يېتىنچ ئاي ـ يەتتىنچى ئاي.

sekzinč ay سېكزىنچ ئاي ـ سەككىزىنچى ئاي.

toqzunč ay توقزۇنچ ئاي ـ توققۇزىنچى ئاي.

o‘ninchi oy. ئونۇنچ ئاي ـ ئونىنچى ئاي.

bir yigirminč ay بىر يىگىرمىنچ ئاي ـ ئون بىرىنچى ئاي.

čaqšabut ay چاقشابۇت ئاي ـ چاقشاپۇت ئېيى. (ھازىرقى دېكابىر ئاي)

šün ay شۈن ئاي ـ شۈن ئېيى. (كەبىسە ئاي)

ئۇشبۇ قىسىمدا بۇددىزم قاراشلىرى بىلەن باغلىق tört öd تۆرت ئۆد (تۆرت ۋاقىت )، sekiz čaq سېكىز چاق (سەككىز چاغ) ئاتالغۇلىرىمۇ بېرىلگەن (IMS,36). لۇغەتنىڭ يېزىق ـ سىزىق (ھۆججەتچىلىك) بىلەن باغلىق سۆزلەر قىسمى (قارالسۇن:IMS,49-50 ) گىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. ئۇنىڭدا يىگىرمىگە يېقىن سۆز بىرىكمىسى كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، باشقا قىسىملىرىدىمۇ ھۆججەتچىلىك ۋە كىتابچىلىق ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار بار. تۆۋەندە بۇ سۆزلەردىن بىرقانچىسىنى مىسال ئېلىپ كۆرسىتىمىز :

Tamğa(IMS,46) ـ تامغا، مۆھۈر، بەلگە. خەنزۇچە تەرجىمىدە: 印 yìn (مۆھۈر، بەلگە)، altun tamğa (IMS,65) ـ ئالتۇن تامغا؛ خاننىڭ تامغىسى، مۆھۈرى. خەنزۇچە تەرجىمىدە: 金印 jīn yìn (ئالتۇن مۆھۈر)

kümiš tamğa (IMS,65) ـ كۈمۈش تامغا ؛ تامغىنىڭ بىر تۈرى. 银印yín yìn (كۈمۈش تامغا).

nom (IMS,49) ـ بۇددىزم قانۇن ـ قائىدىلىرى؛ بۇددىزم يوليورۇقلىرى. خەنزۇچە 经 jīng (نوم ـ).

Bitig (IMS,49) ـ كىتاب؛ خەت، مەكتۇپ؛ ھۆججەت؛ يېزىق. لۇغەتتە بۇ سۆز ئىككى ئورۇندا يەنى ئىككى خىل مەنىدە بېرىلگەن: بىرىنچىسى 书 shu (كىتاب، مەكتۇپ)، ئىككىنچىسى 文 (قول يازما ئەسەر ).

saqurt bitig (IMS,50). خەنزۇچىدا 杂字 zá zì (ئارىلاش، سىرتتىن كىرىپ قالغان سۆزلەر لۇغىتى ).

üšik bitig (IMS,50) ـ «يېزىق، خەت» مەنىسىدە. خەنزۇچىدا 写字 xiě zì (خەت يېزىش ).

toŋqul bitig (IMS,50). خەنزۇچىدا 榜文 bǎng wén (ئېلان قىلىنغان ئەسەر).

yarlïq (IMS,50) ـ يارلىق؛ خان يارلىقى ۋە پەرمانى. خەنزۇچىدا 圣旨shèng zhǐ ( مۇقەددەس پەرمان، پادىشاھ ئەمرى).

bildürgülük (IMS,50) ـ بىلدۈرگۈلۈك ؛ رەسمىي خەت تۈرى. خەنزۇچىدا 勅书 chì shū ( پادىشاھ پەرمانى)

bitigniŋ yoruğï (IMS,50) ـ خەتنىڭ مەزمۇنى، مەنىسى. خەنزۇچىدا 文义 wén yì (ئەسەر مەزمۇنى)

سۆزلۈكلەرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئۈتۈقلىرى ساناقسىز. بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇشبۇ لۇغەت ئىدىقۇتلار دەۋرىدىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلنى، ئەدەبىي تىلنىڭ دۆلەت ئىدارىلەردە، خەلقئارا ـ دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرىدە تۇتقان مەۋقەنى، شۇلار بىلەن بىر قاتاردا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم يازما مەنبە، لۇغەت تىپىدىكى ئەسەر ۋە ئاساسلىق ھۆججەت بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

## ئىزاھلار:

[1] كەبىسە ئاي ـ بىر تىروپىك يىلنىڭ ۋاقتى ئادەتتە 365 كۈن 48 مىنۇت 46 سېكۇنت بولىدۇ. قۇياش كالېندارىدا بۇ بىر يىل365 يىل قىلىنىپ بەلگىلىنىپ، ئاشقان ۋاقتى تەخمىنەن ھەر تۆت يىلدا بىركۈنگە يىغىنچاقلىنىپ، ئىككىنچى ئايغا قوشۇۋېتىلىدۇ.

دېھقانلار كالېنداردا، بۇ بىر يىل 354 ياكى 355 قىلىپ بەلگىلىنىپ، ئاشقان ۋاقتى تەخمىنەن ھەر ئۈچ يىلدا بىر ئايغا يىغىنچاقلىنىپ، بىر يىلغا قوشۇۋېتىلىدۇ. مانا بۇ خىل ئۇسۇل كالېندارچىلىقتا كەبىسە دەپ ئاتىلىدۇ. كەبىسە ئەرەبچە سۆز بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدا «ئارتۇق» دىگەن مەنىدىدۇر.

[2] خەنزۇچە مەنبەلەردە قەدىمدە باش باھار (立春)، باش ياز (立夏)، باش كۈز (立秋)، باش قىش (立冬)، ئەتىيازلىق كۈن-تۈن تەڭلىشىشى (春分)، يازلىق كۈن توختىشى (夏至)، كۈزلۈك كۈن تەڭلىكى (秋分)، قىشلىق كۈن توختىشى (冬至) قاتارلىق مەۋسۇملارنى 八节 دەپ ئاتاشقان.

## پايدىلانمىلار:

1. 胡振华, 黄润华整理.高昌杂词 [M].1984年5月,民族出版社出版, 书号:M 9049(4)7.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 108 ـ 1005 ـ 5878 (2017)02

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا*

ئابدۇراخمان قۇربان

(قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، قەشقەر. 848000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە، يېڭىچە سۆز ياساش ئۇسۇلى بولغان ئەبجەش سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرىدىن بىر باش مورفېما بىلەن بىر ياسىغۇچى مورفېمىدىن تەركىب تاپقان ياسالما ئەبجەش سۆزلەر، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەر ۋە ئىككى باش مورفېما ۋە بىر ياسىغۇچى مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش ئەبجەش سۆزلەر ۋە بۇ خىل سۆلەزىنىڭ بىرىكىش شەكىللىرى، بىرىكىش قانۇنىيەتلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى شۇنداقلا بۇ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تىل لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش توغرىسىدىكى قىسقىچە تەكلىپ ۋە مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئەبجەش سۆز؛ بىرىكىش شەكلى؛ ئارىلاش ئەبجەش سۆزلەر؛ ئەبجەش سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى.

## 论现代维吾尔语中混合派生词的结构

阿不杜热合慢 · 库尔班

**摘要：**本文将探讨新的派生法即混合词及其主要种类包括一个词干与一个构词语素构成的混合词，两个或更多的自由语素结合构成的混合词和两个词干和一个构词语素构成的混合派生词。同时讨论以上词语的构词形式、构词规律及其结构类型，并提出通过这种方法丰富词汇成分的建议。

**关键词：**混合词；结合形式；混合派生词；混合词的结构

**Abstract:** In this paper the mixed words in contemporary Uyghur language ---- the compound mixed words and blended mixed words, derived words made by two or more morphemes combined with one or two stems and their structures, composition patterns, lexical classifications are briefly discussed.

**Keywords:** mixed words; composition pattern; blended mixed words; subjective structure; equal structure

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H2

ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە تارىختىن بۇيان مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى، سودا ئالاقىسى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىلمۇخىل تىللار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرستىشىپ كەلدى. ھەرقانداق بىر تىل تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ئامىلى سۈپىتىدە يېڭى شەيئىي ۋە چۈشەنچىلەر بارلىققا كەلدى. يېڭى شەيئىي ۋە چۈشەنچىلەرنى تىلدا

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئابدۇراخمان قۇربان (1965 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ماگىستىرانتلار يېتەكچىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىپادىلەش ئېھتىياجى بىلەن يېڭى ئاتالغۇلار ۋە سۆزلەر سىڭىپ كىرىپ، لۇغەت تەركىبىگە يېڭىدىن - يېڭى سۆزلەر قوشۇلۇپ كەلدى.

ئۇيغۇرلارمۇ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدە يەنى «يىپەك يولى»نىڭ شەرق - غەرب مەدەنىيەتلىرى ئۇچرىشىدىغان مۇھىم تۈگۈنىدە ياشىغان ھەمدە ھەرقايسى جايلار بىلەن قويۇق سودا - مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە بولغان، بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە تۈرلۈك ئالاقە ئېھتىياجلىرى، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش ئېھتىياجى، شۇنداقلا لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىپ، ئىجتىمائىي ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئەرەب - پارس، رۇس، خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىدىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سۆزلەرنى قوبۇل قىلدى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز لېكسىكىسىنى بېيىتىش يوللىرى ئاساسلىقى «ياساش»، «قېرىش»، «قوبۇل قىلىش»تىن ئۆزگىچە بىر خىل ئۇسۇلدا ياسالغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇ كىرمە سۆزلەرنىڭ تەبئىي مەھسۇلىدۇر.

كىرمە سۆزلەر دېگەندە: ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە بولمىغان، ئەمما ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ[1].

ماقالىمىزدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان سۆز شەكلى ئاساسەن سۆز ياساشتا ئىلگىرى قوللىنىلمىغان، يېڭىچە شەكىلدە ياسالغان سۆزلەر. بۇ خىل ئۇسۇل ئەبجەشلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدۇر. ئەبجەشلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بولسا ئانا تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ سۆز ياساشقا ئوخشىمايدىغان يېڭىچە سۆز ياساش ئۇسۇلى، ئۇ نوقۇل ھالدىكى ئانا تىل ماتېرىياللىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. «ئەبجەش» دېگەن سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە «ئارىلاش، ئارىلاشما، ئارىلاشتۇرۇلغان»[2] دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

ئەبجەش سۆزلەر ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدا قوشۇمچىلارنى قوشۇش، تۈپ سۆزلەرنى ئۆز ئارا بىرىكتۈرۈش يولى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. يەنى، ئەبجەش سۆزلەرنىڭ تەركىبى ئاساسلىقى باش مورفېما بىلەن ياسىغۇچى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن ياكى ھەر ئىككىسى تۈپ سۆزلەر بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى ياكى ھەر ئىككىسى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان تەركىبلەردۇر. ئۇلاردا ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش قانۇنىيەتلىرى روشەن ئەكس ئەتكەن. بۇنداق ئۇسۇلدا بارلىققا كەلگەن سۆزلەر (ئەبجەش سۆزلەر) كىرمە سۆزلەر ۋە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سۆزلەرگە قارىغاندا تېز ئۆزلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا مېنىڭچە، تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش، لېكسىكا بايلىقىنى ئاشۇرۇشتا يالغۇز «ياساش»، «قېرىش»، «قوبۇل قىلىش» بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئەبجەشلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس رولىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىمۇ تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز زۆرۈر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەر قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا ئاساسەن دېگۈدەك ياسالما ئەبجەش سۆز ۋە بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەردىن ئىبارەت[3] بولۇپ، ئۇندىن باشقا يەنە ئارىلاش ئەبجەش سۆزلەرمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى كىرمە سۆزلەر، قوشۇمچىلار ئەسلىي تىلدا تۈپ سۆز ياكى قوشۇمچە ۋە ياكى سۆز بىرىكمىسى بولسۇن، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدا ئەبجەش سۆزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە سۆز ياساشقا قاتنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسى تۈردىكى ئەبجەش سۆز ئىكەنلىكى ئۇيغۇر تىلىدا مورفېمىلارنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئېنىقلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ ئەبجەش سۆزلەر ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ياسالما ئەبجەش سۆزلەر

بىر باش مورفېما بىلەن بىر ياسىغۇچى مورفېمىنى ئۆز ئارا بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ياسالغان ئەبجەش سۆزلەر ياسالما ئەبجەش سۆزلەر دېيىلىدۇ[4].

ياسالما ئەبجەش سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىدا كىرمە سۆزلەر باش مورفېما قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ، يەنە بىر

قىسمى ياسىغۇچى مورفېمىسى كىرمە سۆزلەردىن، باش مورفېمىسى ئانا تىل ماتېرىيالىدىن تۈزۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، يەنە بىر قىسىملىرىنىڭ باش ۋە ياسىغۇچى مورفېملىرىنىڭ ھەر ئىككىسى كىرمە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق قۇرۇلمىدا ياسىغۇچى مورفېمىسى باشقا تىللاردىن بولغان ياسالما ئەبجەش سۆزلەرنىڭ ياسىغۇچى مورفېملىرى ئاساسەن ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن قوشۇمچىلاردۇر.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ياسالما ئەبجەش سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ.

(1) باش مورفېما (كىرمە) + ياسىغۇچى مورفىما (ئۇيغۇرچە) تىپى:

| باش مورفېما(كىرمە) | تىل تۈرى | ياسىغۇچى مورفىما (ئۇيغۇرچە) | ئەبجەش سۆز |
|---|---|---|---|
| سەي (菜) | خەنزۇچە | چى | سەيچى |
| گازىر(瓜子) | خەنزۇچە | چى | گازىرچى |
| رېئال (Real) | ئىنگلىزچە | لىق | رېئاللىق |
| چاي(茶叶) | خەنزۇچە | چى | چايچى |
| داۋلىي (道理) | خەنزۇچە | لىق | داۋلىيلىق |

(2) باش مورفېما (ئۇيغۇرچە) + ياسىغۇچى مورفېما (كىرمە) تىپى:

| باش مورفىما (ئۇيغۇرچە) | ياسىغۇچى مورفىما (كىرمە) | تىل تۈرى | ئەبجەش سۆز |
|---|---|---|---|
| كۆل | دان | پارسچە | كۆلدان |
| يان | فون (phone) | ئىنگلىزچە | يانفون |
| قان | خور | پارسچە | قانخور |
| تەكلىپ | نامە | پارسچە | تەكلىپنامە |
| بۇيرۇق | ۋاز | پارسچە | بۇيرۇقۋاز |

(3) ياسىغۇچى مورفېما (كىرمە) +باش مورفېما (ئۇيغۇرچە) تىپى:

| باش مورفېما(كىرمە) | تىل تۈرى | ياسىغۇچى مورفىما (ئۇيغۇرچە) | ئەبجەش سۆز |
|---|---|---|---|
| نا | پارسچە | توغرا | ناتوغرا |
| بەت | پارسچە | قىلىق | بەتقىلىق |
| ھەم | پارسچە | داستىخان | ھەمداستىخان |

(4) باش مورفېما (كىرمە)+ ياسىغۇچى مورفېما (كىرمە)تىپى :

| باش مورفېما(كىرمە) | تىل تۈرى | ياسىغۇچى مورفىما (كىرمە) | تىل تۈرى | ئەبجەش سۆز |
|---|---|---|---|---|
| كىنو | رۇسچە | خانا | پارسچە | كىنوخانا |
| تەنزە(摊子) | خەنزۇچە | كەش | پارسچە | تەنزىكەش |
| پوچتا | رۇسچە | كەش | پارسچە | پوچتىكەش |
| چاي(茶叶) | خەنزۇچە | پۇرۇش | پارسچە | چايپۇرۇش |
| مانتا(馒头) | خەنزۇچە | پەز | پارسچە | مانتىپەز |
| تىياتىر | رۇسچە | خانا | پارسچە | تىياتىرخانا |
| راگىپزا | خەنزۇچە | خانا | پارسچە | راگىپزىخانا |

(5) ياسىغۇچى مورفېما (كىرمە) + باش مورفېما (كىرمە)تىپى :

| ياسىغۇچى مورفىما (كىرمە) | تىل تۈرى | باش مورفېما(كىرمە) | تىل تۈرى | ئەبجەش سۆز |
|---|---|---|---|---|
| نا | پارسچە | ھەق | ئەرەبچە | ناھەق |
| بى | پارسچە | ئەدەپ | ئەرەبچە | بىئەدەپ |
| بە | پارسچە | قۇۋۋەت | ئەرەبچە | بەقۇۋۋەت |
| با | پارسچە | مەسلىھەت | ئەرەبچە | بامەسلىھەت |
| بى | پارسچە | ھايا | ئەرەبچە | بىھايا |
| نا | پارسچە | رەسىدە | ئەرەبچە | نارەسىدە |

## 2. بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەر

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل مورفېمىنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشى ئارقىلىق تۈزۈلگەن

ئەبجەش سۆزلەر بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەر دېيىلىدۇ[5]. بۇنداق ئەبجەش سۆزلەرنىڭ باش مورفېمىلىرىنىڭ بىرى ئانا تىل ماتېرىيالىدىن، يەنە بىرى كىرمە سۆزلەردىن، ياكى ھەر ئىككىسى كىرمە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەرنىڭ تەركىبلىرى بىر- بىرى بىلەن خىلمۇخىل مۇناسىۋەتلەردە بىرىكىدۇ، ئۇلارنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ كەلگەنلىكى شۇ بىرىكمە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ رولى، ئورنىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. بۇنداق ئەبجەش سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم بولۇپ، بۇ خىل سۆزلەرنى پارچىلاشقا، ئارىسىغا باشقا تەركىبلەرنى قوشۇشقا بولمايدۇ، ئۇلار بىر سۆز سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. تۆۋەندە بىز ئاۋۋال بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەرنى بىرىكىش تەرتىپى ۋە تۈزۈلۈشى بويىچە بىرقانچە تۈرگە بۆلىمىز:

(1) «ئۇيغۇرچە+كىرمە» تىپى:

| باش مورفېما (ئۇيغۇرچە) | ياسىغۇچى مورفېما (كىرمە) | تىل تۈرى | ئەبجەش سۆز |
| --- | --- | --- | --- |
| ئاش | لەڭپۇڭ(凉粉) | خەنزۇچە | ئاشلەڭپۇڭ |
| تاش | چاي(茶叶) | خەنزۇچە | تاشچاي |
| كۆك | سۇلتان | ئەرەبچە | كۆكسۇلتان |
| چېچەك | سەي(菜) | خەنزۇچە | چېچەكسەي |

(2) «كىرمە ئۇيغۇرچە»تىپى :

توك(رۇسچە ) +چاتقۇ(ئۇيغۇرچە) = توكچاتقۇ

(3) «كىرمە + كىرمە» تىپى:

قەبرە(ئەرەبچە ) +ستان(پارسچە) = قەبرىستان

لازا(خەنزۇچە ) +گۈل(پارسچە) = لازىگۈل؛

تۆۋەندە مەن ئەبجەش سۆزلەرنى تەركىبىدىكى مورفېمىلارنىڭ بىرىكىش قۇرۇلمىسىغا ھەمدە بىرىكمە تەركىبىدە تۇتقان ئورنىغا قاراپ بىر قانچە تۈرگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىپ ئۆتىمەن.

(1) تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەر. بۇنداق مۇناسىۋەتتە بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەر تەركىبىدىكى مورفېمىلار ئۆز ئارا بېقىنمايدۇ، ئايرىم تۇرغاندىمۇ ئۆزىگە خاس مەنە ياكى ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

تاختا(ئۇيغۇرچە ) +مۇشۇك(پارسچە) = تاختىمۇشۇك

ئىشتان(رۇسچە ) +پايپاق(ئۇيغۇرچە) = ئىشتانپايپاق

(2) بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەر. تەركىبلىرى ئۆزئارا بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەر بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

كىر(بېقىنغۇچى) + سوپۇن(بېقىندۇرغۇچى) = كىرسوپۇن

كۆك(بېقىنغۇچى) + سەي(بېقىندۇرغۇچى) = كۆكسەي .

## 3. ئارىلاش ئەبجەش سۆزلەر

ئىككى باش مورفېما ۋە بىر ياسىغۇچى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن ئەبجەش سۆزلەر ياكى ئىككى ياسىغۇچى مورفېما ۋە بىر باش مورفېمىنى ئۆز ئارا بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ياسالغان ئەبجەش سۆزلەر ئارىلاش ئەبجەش سۆزلەر دېيىلىدۇ.

بۇنداق ئەبجەش سۆزلەردە ئىككى باش مورفېمىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسى چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر، ياسىغۇچى مورفېمىلىرى ئانا تىل ماتېرىيالىدىن تەركىب تاپقان بولۇشىمۇ، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان قوشۇمچىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق قۇرۇلمىلاردا ئاۋۋال ئىككى باش مورفېما بىرىكىپ ياكى بىر ياسىغۇچى مورفېما بىلەن بىر باش مورفېما بىرىكىپ يېڭى سۆز ھاسىل قىلىنىدۇ، ئاندىن بۇ بىرىكمىلەرگە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىدىن « - لىق/ - لىك/ - لۇك/ - لۇق/ - چى» قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ يېڭى بىر سۆز ياكى بىرىكمە، ئارىلاش ئەبجەش سۆز ھاسىل بولىدۇ.

ئۇنىدىن باشقا، يەنە ئالدى بىلەن بىر سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار (ئاساسەن ئەرەب - پارس تىلىدىن كىرگەن) كېلىپ ئۇنىڭغا بىر باش مورفېمىنى قوشۇش ئارقىلىق ئارىلاش ئەبجەش سۆز ياسىلىدىغان

ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا بۇنىڭغىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

ئارىلاش ئەبجەش سۆزلەرنىمۇ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تىپقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) «ئۇيغۇرچە +كىرمە +ئۇيغۇرچە(ياسىغۇچى مورفېما) تىپى:

ئاق + نان(پارسچە) + چى = ئاقنانچى

بوي + تاق(ئەرەبچە) + لىق = بويتاقلىق

(2) «كىرمە +ئۇيغۇرچە+ئۇيغۇرچە(ياسىغۇچى مورفېما) تىپى:

توك(رۇسچە) + چاتقۇ + لۇق = توكچاتقۇلۇق

باغ(پارسچە) + ۋاران + لىق = باغۋارانلىق

(3) «كىرمە +كىرمە +ئۇيغۇرچە (ياسىغۇچى مورفېما) تىپى:

فونتان(رۇسچە) + گۈل(پارسچە) + لۈك = فونتانگۈللۈك

گەپ(ئەرەبچە) + خۇمار(پارسچە) + لىق = گەپخۇمارلىق

خام(پارسچە) + سەي(خەنزۇچە) + لىك = خامسەيلىك

چاي(خەنزۇچە) + گۈل(پارسچە) + لۈك = چايگۈللۈك

(4) «كىرمە(ياسىغۇچى مورفېما) +كىرمە + ئۇيغۇرچە(ياسىغۇچى مورفېما) تىپى:

بەت(پارسچە) + نىيەت(ئەرەبچە) + لىك = بەتنىيەتلىك

بى(پارسچە) + تەلەي(ئەرەبچە) + لىك = بىتەلەيلىك

نا(پارسچە) + رازى(ئەرەبچە) + لىق = نارازىلىق

نا(پارسچە) + مەرد(ئەرەبچە) + لىك = نامەردلىك

ھەم(پارسچە) + سەپەر(ئەرەبچە) + لىك = ھەمسەپەرلىك

ھەم(پارسچە) + تاۋاق(ئەرەبچە) + لىق = ھەمتاۋاقلىق

قىسقىسى، كىرمە سۆزلەر - تىلىدا خېلى بالدۇرلا شەكىللەنگەن بىر خىل تىل ھادىسىسى، «ئەبجەشلەشتۈرۈش»مۇ تىلىمىزدىكى يېڭىچە بىر خىل ئۇسۇلدا سۆز ياساش ئادىتى بولۇپ، بۇخىل سۆز ياساش ئادىتى ھازىرقى باسقۇچتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتە خېلىلا گەۋدىلىك رول ئوينىماقتا. يەنە كېلىپ بۇ خىل ئۇسۇلدا ياسالغان سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا تىللار بىلەن. ئۇچرىشىش نەتىجىسىنى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كىرمە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە پايدىلىنىش ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى، تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى مەلۇم تەرەپتىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز قوبۇل قىلىش ۋە ئەبجەشلەشتۈرۈش ئۇسۇلىغا سەل قارىماسلىقىمىز، بولۇپمۇ ئەبجەشلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ يوللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇنى تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇش، تىلىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز زۆرۈر.

## ئىزاھلار:


[1] ئېزىزجان ھەسەن: «ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەر ھەققىدە»[J]. «تىل - تەرجىمە»، 2006( 4 ): 7.

[2] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن : «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 : 67.

[3] ئابدۇرېھىم راخمان : «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەر ھەققىدە»[J]. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2009 (1): 40.

[4][5][6] مۇھەببەت قاسىم، خالىق نىياز: «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999.


## پايدىلانمىلار:


1. خالىق نىياز «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەر ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»[J]. «تىل - تەرجىمە»، 2000(3).

2. مىرسۇلتان ئوسمانوف يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001.

3. هەمدۇللا ئابدۇراخمان: «ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001.

4. ئابدۇرېھىم راخمان: « «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەر ھەققىدە» شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى[J]. 2009(1).

5. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى» [M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001.

6. مىرسۇلتان ئوسمانوف، مۇھەممەترېھىم سايىم: «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991.

7. پەرھات جىلان: «چەت تىللارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەسىر كۆرسىتىش جەريانلىرى»[J]. «تىل ۋە تەرجىمە»، 2002(3).

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2017)02 - 114 - 04

# تىل تەكشۈرۈش ۋە تىل تەسۋىرىدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك مەزمۇنلار ھەققىدە*

رىسالەت ئابلىمىت

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ. 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنسانىيەت - مەدەنىيەت دۇنياسىدا تىلنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. بۇنداق شارائىتتا بىر تىلنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەربىر تىل ساھىبىنىڭ، جۈملىدىن تىلشۇناسلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، بۇنىڭ ئۈچۈن تىلشۇناسلار تىل تەكشۈرۈش، تەسۋىرىي تىلشۇناسلىق ۋە تىل ئارخىپلاشتۇرۇش ئىلمى ھەققىدە چوڭقۇر نەزەرىيەۋى بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ ماقالىدە، تىل تەكشۈرگۈچىلەر تىل، دىيالېكت تەسۋىرىدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تەسۋىرىي تىلشۇناسلىق؛ تىل تەكشۈرۈش؛ تىل؛ دىيالېكت

## 语言调查与语言描写时应交代的内容

热萨莱提 · 阿卜力米提

**摘要**：人类文明飞速前进的今日，语言的重要性是无需多言的。关心语言的完善与保留，是语言学学者不可逃避的责任。为此，语言学者必须掌握好有关描写语言学及语言田野调查及档案化的基础理论知识。本文讲说语言田野调查者在描写某一语言或方言时应该交代的一些重要问题。

**关键词**：描写语言学；语言档案化；语言；方言

**Abstract:** In this human-culture-flourishing era, significance of language studying is obvious. Each of us have inevitable responsibility in preservation and development of the concerning language. Thus, the linguists should be master in theoretical knowledge about descriptive linguistics and linguistic fieldwork. This paper will come up with some basic methodological matters linguists should keep in mind when describing a language or dialect after the linguistic fieldwork.

**Keywords:** descriptive linguistics; documentary linguistics; language; dialect

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H35 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئېگىلىنىشىچە دۇنيادا 6000 خىلدىن ئارتۇق تىل بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 2000 خىلدىن ئارتۇقى تىلشۇناسلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ باققان، قالغان 4000 خىلدىن ئارتۇق تىلدىن ساناقلىقلىرىلا تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە نائىل بولالىغان. دېمەك، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تىللار تېخى رەسمىي يازما شەكىلدە تەسۋىرلىنىپ باقمىغان. بۇ تىللارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، مۇكەممەللىشىشى ۋە كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئېرىشىلگەن جانلىق تىل ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ئۇلارنى يازمىچە تەسۋىرلەپ، ئارخىپلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تەسۋىرىي تىلشۇناسلىق، تەپسىلىي ھالدا خاتىرىلىنىپ باقمىغان مەلۇم بىر تىل ياكى دىيالېكتنى جانلىق تىل ماتېرىياللىرىنى توپلاش ئارقىلىق، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس نۇقتىسىدىن تەسۋىرلەش دېمەكتۇر[1]. بۇ ئارقىلىق شۇ تىل ياكى دىيالېكتنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تارىخىي تىلشۇناسلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، دېيىلىۋاتقان

---

*بۇ ماقالە 2016 - يىلى 11- ئاينىڭ 12 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** رىسالەت ئابلىمىت (1985- يىلى 1 – ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتورانت، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تىل ياكى دىيالېكتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بىر ئارخىپ تۇرغۇزۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ تىلنىڭ ياكى تىل مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارىتا ھالقىلىق رول ئوينىيالمىغان تەقدىردىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەسۋىرىي تىلشۇناسلىق مەلۇم بىر تىل (دىيالېكت) مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى شۇنداقلا مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. شۇ تىل ياكى دىيالېكتنىڭ نامى

ئۆزىنى تونۇش(Self-referent) بولسا ئادىمىيەت پەنلىرى ئاتالغۇسى بولۇپ، بىر توپ خەلقنىڭ ئۆزىنى نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دېگەنلىك يەنە تىلشۇناسلىق ئىلمىدە شۇ تىل ياكى دىيالېكتنى سۆزلىگۈچى يەرلىك خەلق ئۆزى سۆزلەۋاتقان تىلنى زادى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ شۇنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا كىشىلەر ئۇ تىلنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟! مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا نېمە دەپ ئاتالغان؟ بۇلارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇقۇمدا قالايمىقانلىشىش ياكى ئارىلىشىپ كېتىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: تۇۋالار ئۆزىنى دىبا (dība) دەپ ئاتايدۇ[2]. (tuwa←tuba←tība←dība)، تىلىمىزدىكى بۇ ئۆزگىرىشتە b قوش لەۋ تاۋۇشى بولغاچقا، تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە تۈپەيلىدىن لەۋلەشمىگەن، ئېگىز، ئارقا سوزۇق تاۋۇش ī، لەۋلەشكەن، ئېگىز، ئارقا سوزۇق تاۋۇش u غا ئۆزگەرگەن. b نىڭ w غا نۆۋەتلىشىشى بولسا ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە. قازاقلار تۇۋالارنى كۆك مونچاق (kök mončaq) دەپ ئاتايدۇ.

## 2. شۇ تىل ساھىپلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيەسى (مىللەت تەزكىرىسى)

بىر تىلنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ تىل ياكى دىيالېكتنى ۋە سۆزلىگۈچىلىرىنى ياخشى تونۇش ۋە تونۇشتۇرۇش لازىم. يەنى شۇ تىلغا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكلەر ۋە شۇ تىل ياكى دىيالېكتنىڭ ئېتنوتىلشۇناسلىق (ethnolinguistic) مۇھىتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق چۈشىنىشكە تىرىشىشى كېرەك. ئېتنوگرافىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرنى تىل تەكشۈرۈش جەريانىدىلا ئىگىلەپ ۋە خاتىرىلەپ مېڭىشى كېرەك. چۈنكى ئىنسانلار مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى، تىل مەدەنىيەتنىڭ توشۇغۇچىسى. سۆزلەنگەن تىلنى تونۇشتا ئالدى بىلەن تىلنى سۆزلىگۈچىنى تونۇش كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا تەسۋىر يۈزەكى ۋە ياكى چالا بولۇپ قالىدۇ.

## 3. جۇغراپىيە ۋە نوپۇسقا دائىر ئۇچۇرلار

تىل تەسۋىرىدە، قوللىنىلىۋاتقان تىلنىڭ دائىرىلىك خەرىتىسىنى يىغىنچاق سىزىپ چىقىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، سىزغاندا شۇ رايوندا قوللىنىلىۋاتقان باشقا تىل گۇرۇپپىلىرىنىڭ چېگرا سىزىقىنىمۇ سىزىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. ھەتتا ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان باشقا تىلدا سۆزلىگۈچى كىشىلەر توپى بىلەن، تەسۋىرلەنمەكچى بولغان تىلدا سۆزلىگۈچى كىشىلەر توپى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بېرىش - كېلىشىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى، سىياسىي، ئىقتىسادىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى ياكى بىر - بىرىنى يەكلەش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدەك مەسىلىلەرنىمۇ ئىمكانقەدەر ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ نۇقتىدا نوپۇس كەم بولسا بولمايدىغان تەكىتلەش نۇقتىسى، يەرلىك تەزكىرە دائىرىلىرىدىن شۇ رايوندا ياشاۋاتقان، شۇ تىل ياكى دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغان خەلقنىڭ ئومۇمىي سانىنى چوڭ جەھەتتىن ئىگىلەش ئانچە تەس ئەمەس.

## 4. قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى

بۇ دېگەنلىك تەسۋىرلەنمەكچى بولغان تىلنىڭ باشقا تىل ياكى دىيالېكتلار بىلەن بولغان

تۇغقاندارچىلىق ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش دېمەكتۇر. يەنى بۇ تىلنىڭ قايسى تىل سىستېمىسىنىڭ قايسى تىل ئائىلىسىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

## 5. مۇناسىۋەتلىك بۇرۇنقى تەتقىقاتلار

تەسۋىرلىگۈچى ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان تىل ياكى دىيالېكت ھەققىدە ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن ئۆزى تولۇق خەۋەردار بولۇشى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىمۇ تەپسىلىي خەۋەرلەندۈرۈشى كېرەك، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. مۇمكىن بولسا مۇناسىۋەتلىك مۇنەۋۋەر تەتقىقاتچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ھەقىقىي كەسپ ئەھلى ئۆز ساھەسىدىكى كەسپىگە سادىق شەخسلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ھەر ۋاقىت ئىنتىزارلىق ئىلكىدە بولىدۇ.

## 6. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ئەھۋالى

**كۆپ تىللىقلىق ۋە تىل پوزىتسىيەسى:** يەنى شۇ كىشىلەر توپى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يەنە قايسى تىللارنى قوللىنىدۇ؟ كۆپ تىللىق بولسا، ھەرقايسى تىل (دىيالېكت)لارنى قوللىنىشتىكى سىجىللىق دەرىجىسى، ئۆز تىلىغا ۋە 2 -، 3 - تىلغا تۇتقان پوزىتسىيەسى قانداق دېگەندەك ئۇچۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. پوزىتسىيە دېگەندە، تىل ساھىبى قانداق تىل مۇھىتلىرىدا ئۆز تىلىدا، يەنە قايسى شارائىتلاردا بىلىدىغان ئىككىنچى بىر تىلدا سۆزلەشنى تاللايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئەگەر مۇمكىن بولسا تەسۋىرلىگۈچى ئۆز يەكۈنىنىڭ سەۋەبى ۋە پاكىتلىرىنىمۇ سۆزلەپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى.

**شۇ تىلنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى:** بىر تىل ياكى دىيالېكتنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئېنىق بىر ئۆلچەم يوق، ئەلۋەتتە. چۈنكى بىر تىلنىڭ تەرەققىياتى: مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا باشقا بىر مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى، نوپۇسنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈشى، كېسەللىك، ئىرقىي يوقىلىش، نۆۋەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەۋاتقان تىلغا ئۆز تىلىدىن بەكرەك مايىل بولۇش قاتارلىق تىلدىن تاشقىرى ئامىللارنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن سىرت، يەنە، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سەپەرۋەرلىك پائالىيىتى، مىللىي مائارىپ پوزىتسىيەسى، ئىنسانپەرۋەر ھۆكۈمەت سىياسىتى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

تۆۋەندە توماس پېين (Thomas E. Payne) ئوتتۇرىغا قويغان بىر تىلنىڭ ھاياتىي كۈچىنى باھالاشتىكى بىر قانچە ئۆلچەم تونۇشتۇرۇلىدۇ[3]. بۇ مەسىلىلەرنى ئۆرنەك قىلغان ئاساستا، شۇ تىل ياكى دىيالېكتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئاز تولا پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

(1) ئەگەر ئۆز تىلىنى بىردىنبىر ياكى مۇھىم تىل سۈپىتىدە ئۆگىنىۋاتقان 10 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز ياكى يوق دېيەرلىك بولسا، بۇ تىل 60، 70 يىلدىن كېيىن شۇ دەۋر ئۈچۈن ئەڭ ياش ئانا تىلدا سۆزلىگۈچىلەر ئۈچۈن يوقالغان تىلغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. (يەنى 60 ياكى 70 يىل ئىچىدە بۇ تىل يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىشى مۇمكىن)

(2) ئەگەر مۇئەييەن مىقداردىكى 10 ياشتىن تۆۋەن بالىلار ئانا تىللىق، يەنى بىر تىللىق بولسا ۋە نورمال ئالاقىدە بىر - بىرى بىلەن ئانا تىلدا سۆزلەشسە، ئۇنداقتا بۇ تىل كېيىنكى بىر ئەۋلادقىچە يېتىپ بارالايدۇ، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، 60 - 70 يىلدىن كېيىنمۇ بۇ تىل نورمال ئالاقە قورالى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھالىتى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تىلدىن تاشقىرى ئىجتىمائىي ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ.

(3) ئەگەر نۇرغۇن 10 ياش ئەتراپىدىكى بالىلار شۇ تىلنى ئۆگەنسە ۋە مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە نورمال قوللانسا، ئۇنداقتا بۇ تىل يوقىلىشتىن تولىمۇ يىراقتا بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

يۇقىرىدا تىل تەكشۈرۈش ۋە تىلنى تەسۋىرلەشتە بىرىنچى باپتىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار ئۈستىدە توختالدۇق. بەلكىم بۇنىڭدىن باشقا يەنە تېخىمۇ مۇھىم مەزمۇنلار چۈشۈپ قالغان بولۇشى

مۇمكىن. بۇ مەزمۇنلار داۋاملىق تولۇقلىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. كەسپداشلار بۇ نۇقتىدا داۋاملىق ئىزدىنىدۇ. ئەگەر تىلغا ئېلىنغان بۇ مۇھىم مەزمۇنلارغا سەل قارالسا، تىل تەكشۈرۈشىمىز مۇكەممەل بولماي قالىدۇ ـ دە، تىل تەسۋىرىمىزنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

## ئىزاھلار:

[1] Shobhana L. Chelliah · Willem J. de Reuse. 2011 "Handbook of Descriptive Liguistic Fieldwork", Springer

[2] بۇ مىسالنى ھۆرمەتلىك يېتەكچى ئۇقۇتقۇچۇم پىروفېسسور ئابدۇرېشىت ياقۇپ تەمىنلىگەن. چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن.

[3] Thomas E. Payne. 1997 "Describing morphosyntax—A guide for field linguists", Cambridge University Press

## پايدىلانمىلار:


1. Shobhana L. Chelliah·Willem J. de Reuse "Handbook of Descriptive Linguistic Fieldwork"[M], Springer, 2011.
2. Thomas E. Payne "Describing morphosyntax—A guide for field linguists"[M], Cambridge University Press, 1997.
3. Bert Vaux, Justin Cooper "Linguistic Field Methods"[M], Wipf and Stock Publishers, 2006.
4. Abdurishid Yakup "The Turfan Dialect of Uyghur"[M], Harrassowitz Verlag . Wiesbaden, 2005 .
5. 戴庆厦.语言调查教程M].商务印书馆,2013.
6. 戴庆厦,罗仁地,汪锋.到田野去—语言学田野调查的方法与实践 [M].民族出版社,2008.
7. 王远新.语言田野调查实录(一，二，三，四)[M].中央民族大学出版社，2012.
8. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»[M]. شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990.
9. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 04 - 118 - 02(2017) 5878 - 1005

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى«ئۆگ» سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش*

ئاينۇر ياسىن

(قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى ئىنستىتۇتى. 844008)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** گەرچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆگ» دېيىدىغان سۆز بولمىسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگەي»، «ئۆگىتىش»، «ئۆگىنىش»، «ئۆگەن» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ سۆز تومۇرىدا «ئۆگ» سۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقاش مۇمكىن. ئىلگىرى بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەر بىر قەدەر ئاز بولغانلىقتىن، «ئۆگ» سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇقىرىقى سۆزلەر بىلەن بولغان باغلىنىشى، ھازىرغىچە بىرگە قاراڭغۇ بولۇپ كەلدى. بۇ ماقالىدا، تارىخى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگ» سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەمدە شۇ ئاساستا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ، «ئۆگ» سۆزى بىلەن بولغان مەنە باغلىنىشى ۋە ئۆزگىرىش جەريانى ئىلمىي دەلىللەر ئاساسىدا شەرھلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «ئۆگ»؛ مەنىسى؛ ئۆزگىرىشى؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

论古代维吾尔语词 «ئۆگ» 的意义及其演变

阿依努尔 · 亚生

摘要：虽然现代维吾尔语中没有 «ئۆگ» 一词，但可以发现现代维吾尔语 «ئۆگەي»、«ئۆگىتىش»、«ئۆگىنىش»、«ئۆگەن» 等词语的词根中存在 «ئۆگ» 一词。以前因对此研究较少，使我们对 «ئۆگ» 一词意义以及与上面谈到的现代维吾尔语词根关联之甚少。本文从历史语言学的角度出发，对古代维吾尔语词 «ئۆگ» 的意义及其演变进行了探讨，并且在此基础上阐明了现代维吾尔语中一些词语与 «ئۆگ» 的意义关联及其演变过程。

关键词：«ئۆگ»；意义；演变；现代维吾尔语

**Abstract:** In this paper, the meaning and the development of old Uyghur language word "ئۆگ" (pronounced similar as 'og') were researched from historical linguistic point of view, and the origin of some contemporary Uyghur language words and their relationship between ancient Uyghur language word "ئۆگ" are proved by some linguistic facts.

**Keywords:** « ئۆگ »; meaning; development; Contemporary Uyghur language

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H215　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگ» سۆزىنىڭ مەنىلىرى

**1) «ئۆگ» سۆزىنىڭ «ئانا» دېگەن مەنىسى**

«ئۆگ» سۆزى ئەڭ دەسلەپ «ئۇرخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرى» دا كۆرۈلگەن بولۇپ، «قاڭ» (qaŋ) ۋە «ئۆگ» (ög) شەكلىدە كېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئاتا» ۋە «ئانا» مەنىسىنى بىلدۈرگەنلىكى، شۇنداقلا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋەسىقىلىرى[1]»دىمۇ كۆرۈلگەنلىكى ۋە «ئاتا»، «ئانا» سۆزلىرى بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم [2]. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۆگ» سۆزىنى، «ئۆگسۈز -يېتىم، تەمتىرەپ قالغان ئادەم» دەپ ئىزاھلىغان[3].

«ئۆگسۈز» دېگەنلىك «ئانىسىز، يېتىم» دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگ»

*بۇ ماقالە 2016 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئاينۇر ياسىن( 1971- يىلى 11- ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سۆزىنىڭ «ئانا» دېگەن مەنىسىگە 11 - ئەسىرلەردىمۇ ۋارىسلىق قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**2) «ئۆگ» سۆزىنىڭ «ئەقىل، بىلىم، ئەقىللىك، بىلىملىك» دېگەن مەنىلىرى**

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «ئەقىللىك، زېھىنلىك ۋە ياشتا چوڭ كىشىلەر <ئۆگ> دېيىلىدۇ»، دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن[4]. شۇنداقلا يەنە، «ئۆگە» سۆزىگە «تەجرىبىلىك، ئەقىللىك، كاداڭ. ئاددىي خەلق ئارىسىدىن چىققان قېرى - سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىنىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق» دېگەن ئىزاھاتمۇ بېرىلگەن[5]. «قۇداتغۇ بىلىك»تە، «ئۆگ» سۆزى «ئەقىل» مەنىسىدە[6]، «ئۆگە» سۆزى «ئالىم» مەنىسىدە ئىزاھلانغان[7]. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «ئۆگۈت» سۆزى «نەسىھەت» دەپ ئىزاھلانغان[8]. بۇلاردىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگ» سۆزىنىڭ يەنە، «ئەقىل، پەم، ئەقىللىك، بىلىملىك، نەسىھەت» دېگەن مەنىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

## 2. «ئۆگ» سۆزىنىڭ كېيىنكى مەنا ئۆزگىرىشلىرى

**1) «ئانا» دېگەن مەنىسىنىڭ كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى**

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆگ» سۆزىنىڭ «ئانا» دېگەن مەنىسى بەزى يەر - جاي نامىلىرىدا ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن: ئاقسۇ ۋىلايىتىدە «ئۆگەن دەرياسى» دەيدىغان بىر دەريا بار. لوپنۇردىمۇ «ögön – ئۆگەن» دەيدىغان يەر - جاي نامى بولغانلىقى مەلۇم[9]. بۇ يەر - جاي نامىلىرى بەلكىم «ئۆگ» سۆزىنىڭ «ئانا» مەنىسىدىن كەلگەن بولۇشى، «ئۆگەن دەرياسى»نىڭ مەنىسى «ئانا دەريا» دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇندىن باشقا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگەي ئانا، ئۆگەي ئاپا؛ ئۆگەي ئاتا، ئۆگەي دادا؛ ئۆگەي بالا، ئۆگەي قىز، ئۆگەي ئوغۇل؛ ئۆگەي ئاچا، ئۆگەي ئاكا، ئۆگەي سىڭىل، ئۆگەي ئىنى؛ ئۆگەيىنىڭ ئېتى يامان؛ ئانا ئۆگەيلىمەيدۇ بالا ئۆگەيلەيدۇ» قاتارلىق سۆز - جۈملىلەردىكى «ئۆگەي» سۆزىدە، «ئۆگ»نىڭ «ئانا» دېگەن مەنىسىگە ۋاستىلىك ۋارىسلىق قىلىنغان، يەنى، «ئۆگ» سۆزى «بىۋاستە قانداشلىقى بولغان ئانا - بالىلىق مۇناسىۋىتى»نى كۆرسىتىدىغان «ئانا» دېگەن مەنىدىن، «قانداشلىقى بولمىغان ئانا - بالىلىق مۇناسىۋىتى»نى كۆرسىتىشكە كۆچكەن، دەپ قاراش مۇمكىن.

بۇنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، مېنىڭچە بۇ، قەدىمدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولغان «بالىنى چوڭ دادا، چوڭ ئانىسىغا بېقىشقا بېرىش ئادىتى» (还子制度) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. يەنى، قەدىمدە تۈركىي خەلقلەردە «بالىنى چوڭ دادا، چوڭ ئانىسىغا بېقىشقا بېرىش ئادىتى» (还子制度) بولغان بولۇپ، ياش ئاتا - ئانىلار تۇنجى بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، يەنى، بالىنىڭ چوڭ دادا - چوڭ ئانىسىغا بېقىشقا بېرىدىغانلىقى، بالىنىڭ تىلى چىققاندا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئاتىسىنى «ئاكا»، ئانىسىنى «ئاچا ياكى يەڭگە» دەپ؛ ئەسلىدىكى چوڭ دادىسىنى «ئاتا» دېگەن مەنىدە «قاڭ» دەپ، ئەسلىدىكى چوڭ ئانىسىنى «ئانا» دېگەن مەنىدە «ئۆگ» دەپ چوڭ بولىدىغانلىقى مەلۇم[10]. بۇ خىل ئادەتنىڭ تەسىرىدە، بالا ئۆزىنىڭ «چوڭ ئانىسى»نى «ئۆگ»، يەنى، «ئانا» دەپ ئاتىغانلىقتىن، «ئۆگ» سۆزى بارا - بارا «بىۋاستە قانداشلىقى بولغان ئانا - بالىلىق مۇناسىۋەت» نى بىلدۈرۈشتىن، «چوڭ ئانا» مەنىسىگە، يەنى «ۋاستىلىك قانداشلىقى بولغان ئانا - بالىلىق مۇناسىۋەت»نى كۆرسىتىشكە، ئاندىن «چوڭ ئانا» مەنىسىدىن، «ئۆگەي ئانا» مەنىسىگە، يەنى، «قانداشلىقى بولمىغان ئانا - بالىلىق مۇناسىۋەت»نى ئىپادىلەشكە كۆچكەن بولۇشى ئېھتىمال.

ئۇيغۇرلا — تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن شەھەرلىشىشكە يۈزلەنگەن خەلق بولغاچقا، باشقا كۆچمەن تۈركىي خەلقلەر تۇرمۇشىدا ساقلانغان نۇرغۇن ئادەتلەر ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن ئاللىقاچان يوقالغان. شۇڭا، قارىماققا بۇ خىل «بالىنى چوڭ دادا، چوڭ ئانىسىغا بېقىشقا بېرىش ئادىتى»، ئۇيغۇرلارنىڭ

تۇرمۇشىدا ئەزەلدىن بولمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ۋاھالەنكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇنىڭ بەزىبىر ساقىندىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاتۇشنىڭ ئۇستۈن ئاتۇش يېزىسى؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چەرچەن، چارقىلىق، لوپنۇر ناھىيەلىرى؛ خوتەننىڭ كېرىيە، چىرا قاتارلىق ناھىيەلىرىدە ئانىسىنى «ئاچا» دەپ چاقىرىش ئادىتى ساقلانغان[11]. بۇنى ئۇيغۇرلاردىكى «بالىنى چوڭ دادا، چوڭ ئانىسىغا بېقىشقا بېرىش ئادىتى»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغىچە يېتىپ كەلگەن بىر خىل ئىپادىسى، دەپ قاراش مۇمكىن. گەرچە ئۇيغۇرلاردا، «ئاتىسى»نى «ئاكا» دەپ چاقىرىش ئادىتى ھازىرقى زامانغىچە يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قېرىنداش تۈركىي تىللىق مىللەت بولغان قازاقلاردا ئاتىسىنى «ئاكا» دەپ چاقىرىش ئادىتى، ھازىرغىچە ساقلانغان[12].

**2) «ئەقىل، بىلىم، ئەقىللىك، بىلىملىك» دېگەن مەنىلىرىنىڭ كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى**

«ئۆگ» سۆزىنىڭ قەدىمدە «ئەقىل، بىلىم، ئەقىللىك، بىلىملىك» دېگەن مەنىلىرىنىڭ بولغانلىقى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن دەلىللەردىن مەلۇم. «قۇتادغۇ بىلىگ»تە، ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى «ئۆگدۈلمىش» بولۇپ، ئۇ «ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى» قىلىپ تەسۋىرلەنگەن[13]. موڭغۇللارنىڭ تارىختىكى ھۆكۈمرانى چىڭگىزخانىمۇ[14] بىر ئوغلىنىڭ ئىسمىنى «ئۆگەدەي» قويغان[15]. بۇ ئارقىلىق، «ئۆگ» سۆزىنىڭ قەدىمكى «پەم - پاراسەت، ئەقىل، تەجرىبىلىك، ئەقىللىك» دېگەن مەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنغان. «ئۆگ» سۆزىنىڭ بۇ مەنىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، پەقەت شەكىل جەھەتتە ئازراق ئۆزگىرىش ياسىغان. مەسىلەن: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگەنمەك، ئۆگەتمەك، ئۆگىنىش، ئۆگىتىش» سۆزلىرىنىڭ سۆز تومۇرى «ئۆگ» بولۇپ، بۇلارنىڭ «بىلىم (ئەقىل، تەجرىبە) ئۆگەنمەك ياكى ئۆگەتمەك» دېگەن مەنىلىرى دەل «ئۆگ» نىڭ يۇقىرىقى مەنىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدىكى «ئۆگرەتمەن - ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم»، «ئۆگرەنچى ئوقۇغۇچى»، «ئۆگرەنىم - مائارىپ»[16] دېگەن سۆزلەرمۇ، قەدىمكى «ئۆگ» سۆزىنىڭ «پەم - پاراسەت، ئەقىل، ئۇقۇم» دېگەن مەنىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

## 3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگەي» ۋە «ئۆگىنىش، ئۆگىتىش» سۆزلىرىنىڭ مەنە باغلىنىشى

«ئۆگ»نى سۆز تومۇرى قىلغان يۇقىرىقى ئىككى گۇرۇپپا سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنە باغلىنىشىنىڭ بار - يوقلۇقىغا كەلسەك، يۇقىرىقى تەھلىل ۋە دەلىللەردىن مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنە باغلىنىشى بارلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئالىم مەھمۇت كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، « ögsuz ئۆگسۈز - يېتىم، تەمتىرەپ قالغان ئادەم. بۇ سۆز، ئەقىل ۋە ئۇقۇم مەنىسىدىكى «ئۆگ »دېگەن يىلتىزدىن كەلگەن» دېيىش ئارقىلىق، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنە جەھەتتە باغلىنىش بارلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن[17]. يەنى، «ئۆگ»نىڭ «ئەقىل، پەم، ئۇقۇم» دېگەن مەنىسى، «تەجرىبىلىك، پەم - پاراسەتلىك ئانا» دېگەن مەنىدىكى «ئۆگ ياكى ئۆگە» سۆزى ۋە «بىلىم ئۆگەتمەك، بىلىم ئالماق» مەنىسىدىكى «ئۆگىنىش، ئۆگىتىش» سۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ھۇل سالغان، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

قىسقىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگ» سۆزىنىڭ «ئانا»، «پەم - پاراسەت، ئەقىل، ئۇقۇم، ئەقىللىك، بىلىملىك» دېگەندەك مەنىلىرى بولغان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگەي» سۆزى ۋە «ئۆگەتمەك»، «ئۆگەنمەك»، «ئۆگىنىش»، «ئۆگىتىش» دېگەندەك پېئىللارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولغان. يەنى، «ئۆگ» سۆزى چوڭقۇر تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قەدىمىي سۆز بولۇپ، بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىزدىنىش، ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن خىزمەت

قىلدۇرۇش زۆرۈر، دەپ قارايمەن.

## ئىزاھلار :

[1] قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋەسىقىلىرى دېگەندە، مىلادى 9 ـ ئەسىردىن 15ـ ئەسىرگىچە قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[2] 陈宗振.我国突厥语的"父母兄妹"等称谓及其演变 [J].民族语文,1996(4):72.

[3][4][5][8] [17] مەھمۇت قەشقەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»(1 توم)[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981: 130، 67، 122، 71.

[6][7][13] يۈسۈپ خاس ھاجىپ : «قۇتادغۇبىلىك»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 : 562، 416، 8.

[9] مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى»[M]. شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006.

[10] 何星亮.从哈、柯、汉亲属称谓看古老的亲属制[J].民族研究,1982(5)56.

[11][12] ئاينۇر ياسىن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئاتا، ئانا، دادا، ئاپا› سۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئىزدىنىش»[J]. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2015(4) : 32.

[14] چىڭگىزخان موڭغۇل، تۈركىي قوۋمدىن ئەمەس. لېكىن موڭغۇل خەلقىمۇ ئالتاي تىللىق خەلق سۈپىتىدە تارختا تۈركىي خەلقلەر بىلەن بىللە ياشىغان خەلق. شۇڭا بۇ يەردە مىسال قىلىندى.

[15] «چىڭگىزخان» دېگەن فىلىمگە قارالسۇن.

[16] مۆمىن ئابدۇللا: «تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989: 681، 682.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 03 ـ 122 ـ 04(2016) 5878 ـ 1005

# «ئائىلە» رومانىنىڭ ئىككى نەشرىدىكى ”宝岛“نىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا*

مېھرىگۇل تۇرسۇن

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، بېيجىڭ. 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە «ئائىلە» رومانىدا تىلغا ئېلىنغان ”宝岛“ دېگەن كىتاب ئىسمىنىڭ 1977 ـ يىلىدىكى نەشرى بىلەن 2012 ـ يىلىدىكى نەشرىدىكى تەرجىمە پەرقى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاخىرىدا قايسى تەرجىمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى خۇلاسە قىلىندى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** 宝岛 ؛ گۆھەر ئارىلى؛ گۆھەر ئارال

## 小说《家》两种维吾尔语版本中“宝岛”的翻译问题

米日古丽·吐逊

**摘要：** 本文中主要对《家》中所提到的一个书名 “宝岛”在 1977 年和 2012 年的维译版本中的区别进行分析，最终总结应该怎么翻译。

**关键词:** “宝岛”; göhär arili; göhär aral

**Abstract:** In this paper, two different versions of translation of one word “Treasure Island” in same novel --- “Home” are compared, for pointing out that translation is very crucial.

**Keywords:** “Treasure island”; göhär arili; göhär aral

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H2 ماتېرىيال بەلگىسى: A

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى تەرجىمە قىلغان باجىنىنىڭ «ئائىلە» رومانى 2012 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قايتا بېسىلىپ نەشردىن چىقتى. بۇ قېتىم نەشردىن چىققان رومانغا نەشرىياتتىكىلەر بىر قىسىم سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى، جۈملىلىرىگە قارىتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن بولۇپ، گەرچە كۆپ قىسىم ئۆزگەرتىشلەر جايىدا بولغان بولسىمۇ، بىراق بىر قىسىم جايلاردا خاتالىق سادىر بولغان. مەسىلەن:

(1) “三弟，走快点。”说话的是一个十八岁的青年，一手拿伞，一手提着棉袍的下幅，还掉过头看后面，圆圆的脸冻得通红，鼻子上架着一副金丝眼镜。（《家》1977：3页）

ÄT: Ukam, tezraq maŋayli, sözligüči 18 yašliq bir yigit bolup, bir qolida künlük tutqan, yänä bir qolida paxtiliq pärijisiniŋ pešini kötiriwalyan idi. U örülüp käynigä qaridi, uniŋ seriq qirliq közäynäk taqiwalyan yumilaq yüzi soydin qizaryan idi. (Ailä 1977:5 bät )

ÖT: Ukam, tezraq maŋayli,--- dedi on säkkiz yašliq bir yigit, bir qolida künlük tutqan, yänä bir qolida paxtiliq pärijisiniŋ pešini kötiriwalyan idi. U örülüp käynigä qaridi, uniŋ seriq qirliq közäynäk taqiwalyan yumilaq közi soyuqtin qizaryan idi. (Ailä 2012: 2 bät)

(2) 这时大家都已放下了碗，脸也揩过了。（《家》1977：11页）

ÄT Bu čayda hämmäylän qačilirini qoyup, yüzlirini sürtüp bolyanidi. (Ailä 1977:16 bät)

ÖT Bu čayda hämmäylän qačilirini qoyup, qolirini sürtüp bolyanidi. (Ailä 2012: 12 bät)

يۇقىرىقى(1)، (2) مىساللاردا، “圆圆的脸” بىلەن ”脸“ نى 1977 ـ يىلدىكى نەشرىدە «يۇمىلاق يۈزى» ۋە «يۈزى» دەپ تەرجىمە قىلغان. 2012 ـ يىلدىكى نەشرىدە «يۇمىلاق كۆزى» ۋە «قولى» دەپ خاتا

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: مېھرىگۇل تۇرسۇن (1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان) ماگىستىرانت، تەرجىمە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۆزگەرتىپ ئالغان. مەن بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى «ئائىلە» رومانىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن"宝岛" دېگەن كىتاب ئىسمىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئۈستىدە توختىلىمەن.

"宝岛" دېگەن بۇ كىتاب نامى 1977 - يىلى نەشىردىن چىققان سانىدا «گۆھەر ئارىلى» دەپ ئېلىنغان، 2012 - يىلى چىققان نەشرىدە نەشرىياتتىكىلەر «گۆھەر ئارال» دەپ ئۆزگەرتىپ نەشىردىن چىقارغان. مەسىلەن:

你只管放胆地去做。……老实说，朱先生把《宝岛》改编成剧本，就编得不好，演出来恐怕不会有什么好成绩。”（《家》1977：4页）

ÄT: Biraq sän dadilraq bolyin... Rastini eytqanda ju äpändi «göhär arili»ni yaxši sähniläštürälmäptu. Qoysaqmu yaxši nätijä čiqmasliqi mumkin. (Ailä 1977:6 bät)

ÖT: Biraq sän dadilraq bolyin... Rastini eytqanda ju äpändi «göhär aral»ni yaxši sähniläštürälmäptu.Qoysaqmu oŋušluq bolmasliqi mumkin. (Ailä 2012: 3 bät)

يۇقىرىدىكى مىسالدىن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز،"宝岛" دېگەن كىتاب نامى ئىككى خىل تەرجىمە قىلىنىپ ئېلىنغان. «گۆھەر ئارال» بىلەن «گۆھەر ئارىلى»نىڭ قانداق پەرقى بار؟ "宝岛"نى قانداق تەرجىمە قىلىپ ئالساق توغرا بولىدۇ؟ تۆۋەندە بىر - بىرلەپ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىپ، خۇلاسە قىلىنىدۇ.

## 1. "宝岛" دېگەن كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ ئەنگلىيەنىڭ بىر داڭلىق تەۋەككۇل ھېكايىسى. كىتابتا باش قەھرىمان جىم دېڭىز قاراقچىسى بىئېرنىڭ تەۋەررۈكى ئارىسىدىن بىر تۇتام ھۆججەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ بۇ ھۆججەتنى يېزا تۆرىسى تېررىروگنى بىلەن دۇختۇر لايسېۋېيغا[1] تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار بۇ ھۆججەتلەر ئارىسىدىن دېڭىز قاراقچىسى فورېنتنىڭ مەلۇم بىر قاقاس تاغقا كۆپ مىقداردا مال - دۇنيا كۆمۈپ قويغانلىقى خاتىرىلەنگەن قول يازمىنى بايقايدۇ - دە، يېزا تۆرىسى تېررىروگنى بىر كېمە سېتىۋالىدۇ ۋە بىر تۈركۈم ماتروس يالّلاپ، جىمنى ئېلىپ، ئاشۇ تاغقا گۆھەر ئىزدەپ ماڭىدۇ.

ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار ياللىغان ماتروسلارنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىز قاراقچىسى بولۇپ چىقىپ، ئۇلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ تاغدىكى بايلىقنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋالماقچى بولۇشىدۇ. جىم تاسادىپىي پۇرسەتتە بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قېلىپ، ئەھۋالنى يېزا تۆرىسى، كاپىتان ۋە دۇختۇرغا ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بىرلىكتە تەدبىر قوللىنىدۇ.

كېمە ئارالغا كەلگەندىن كېيىن، دەرۋەقە توپىلاڭ قوزغىلىدۇ. بىر قاتار ياۋۇزلارچە ئۇرۇش - چېپىش ۋە قايتا - قايتا كۈچ سىنىشىشلار ئارقىسىدا، كېمە ئىگىسى تەرەپ دېڭىز قاراقچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ ھەمدە ئارالدىكى سەرگەردان بېننىڭ ھەمكارلىقىدا بايلىقلارنى كېمىگە بېسىپ، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىدۇ.

## 2. «گۆھەر ئارال» بىلەن «گۆھەر ئارىلى»نىڭ پەرقى

گەرچە «گۆھەر ئارال» بىلەن «گۆھەر ئارىلى» دىن ئىبارەت بۇ ئىككىلا سۆز بىرىكمىسى ئوخشاشلا ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچى مۇناسىۋىتىدە بىرىكىپ كەلگەن ھەمدە ھەر ئىككىلىسىدىكى «گۆھەر» دېگەن سۆز باش كېلىشتە كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىككى سۆز بىرىكمىسىدىكى «گۆھەر» سۆزى بىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئەمەس. «گۆھەر ئارال»دىكى «گۆھەر» بولسا سۈپەت، «گۆھەر ئارىلى»دىكى «گۆھەر» بولسا ئىسىم.

«گۆھەر ئارال»دىكى «گۆھەر» دېگەن سۈپەت «ئارال»دىن ئىبارەت بۇ ئىسىمغا بېقىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن.

«گۆھەر ئارىلى» دېگەن بۇ ئىسىم بىرىكمىسىدە، «گۆھەر» دېگەن ئىسىم باش كېلىش شەكلىدە شەيئى نامىنى بىلدۈرۈپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن، «ئارال» دېگەن ئىسىم ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى

بىلەن تۇرلىنىپ ئېنىقلانغۇچى بولۇپ كەلگەن.

دېمەك، «گۆھەر ئارال» بىلەن «گۆھەر ئارىلى» دېگەن ئىككى سۆز بىرىكمىسىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىن كۆرۈپ تۇرۇپتۇقكى، بۇ كىتابقا ماۋزۇ قىلىپ قويۇلغان ئارال دەل دېڭىز قاراقچىسى مال - دۇنيا كۆمۈپ قويغان ئارالنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا "宝岛" دېگەن كىتابنىڭ نامىنى «گۆھەر ئارال» ئەمەس، بەلكى «گۆھەر ئارىلى» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. چۈنكى، تەۋەلىگۈچى - تەۋەلەنگۈچى مۇناسىۋەتنى ئەمەس، بەلكى پەقەت بىر خىل شەرتلىك بەلگە ياكى ئاتاش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان قۇرۇلمىدا، ئېنىقلىغۇچى تەركىبىنىڭ كەينىگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «- نىڭ» قوشۇلمايدۇ، بەلكى ئېنىقلانغۇچى تەركىبىنىڭ كەينىدە تەۋەلىك قوشۇمچىسى يەنى پەقەت ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسىلا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال خاس ئىسىم ياكى تۇراقلىق ئىسىملاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: قازاق قويى (哈萨克羊)، بازار باھاسى (市场价格)، سۈرگە دورىسى (泻药)، ئوپېرا ئۆمىكى (歌剧团)، قوناق ئۇنى (高粱面) قاتارلىقلار[2].

## ئىزاھلار:

[1] بۇ دوختۇرنىڭ خەنزۇچە ئىسمى 利弗西 بولۇپ، 1977 - يىلدىكى تەرجىمىسىدە «لايىسۋېي» دەپ ئېلىنغان. 2012 - يىلدىكى قايتا نەشرىدە «لارسېن» دەپ ئېلىنغان.

[2] لىتىپ توختى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ھاسىلاتما گىراماتىكىسى»[M]. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2012.

## پايدىلانمىلار:


1. ستېۋېنسون: «宝岛»(خەنزۇچە)[M] . شىن رو تەرجىمىسى. خۇبېي خەلق نەشرىياتى، 1980.
2. باجىن: «ئائىلە» (خەنزۇچە)[M] . خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1977.
3. باجىن: «ئائىلە» (ئۇيغۇرچە)[M]. خەمىت تۆمۈر تەرجىمىسى. ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1977.
4. باجىن : «ئائىلە» (ئۇيغۇرچە)[M]. خەمىت تۆمۈر تەرجىمىسى. ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012.
5. لىتىپ توختى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ھاسىلاتما گىراماتىكىسى» (خەنزۇچە)[M] . بېيجىڭ: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2012.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 05 ـ 125 ـ 02(2017) 5878 ـ 1005

# ئائىلە زۇلۇمى ۋە ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ھەققىدە تەھلىل*

رىزۋانگۈل ئابدۇراخمان، غالىپ ئىسمايىل

(شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى. 830001؛
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ ئائىلە زۇلۇمىغا مۇناسىۋەتلىك مەنئى قىلىش خاراكتېرلىك بەلگىلىمە كۆپەيتىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئائىلە زۇلۇمى ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى « ئائىلە ئىشى»دىن جەمئىيەت ئارىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى زور ئىلگىرىلەشنى نامايان قىلدى. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىزدە ئائىلە زۇلۇمى ھادىسىسى يەنىلا يىلمۇيىل كۆپەيگەن، بۇ ھادىسىلەرنىڭ يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆزگىرىش سۈرئىتى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. بۇ جەرياندا تەسىرى زور ئائىلە زۇلۇمى دېلولىرى جامائەتنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى ۋە تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولدى. نۆۋەتتە، قانداق قىلىپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئائىلە زۇلۇمى ھادىسىسىنى توسۇش، چەكلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەققىدە ئىزدىنىش نۆۋەتتە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئائىلە زۇلۇمى؛ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى؛ قانۇن ياردىمى

## 浅析家庭暴力和妇女权益的保护

热孜万古丽 · 阿不都热合曼, 阿力甫 · 司马义

**摘要：** 2001 年新婚姻法出台，增加了关于家庭暴力的禁止性规定，从此家庭暴力从过去被人们认为的“家事”走向社会干预层面，显示了社会的一大进步。但近年来，我国家庭暴力现象却依然逐年增多，且由隐蔽型向社会公开型的转变速度令人震惊。影响的家庭暴力案件引发了公众的广大关注和讨论。如何从我国实际情况出发，寻求制止、遏制针对妇女的家庭暴力现象的对策已是刻不容缓。

关键词：家庭暴力；妇女权益；法律救济

**Abstract:** The new marriage law established prohibitive regulations against domestic violence in 2001. From this point of time, domestic violence is not only domestic, but becomes a social issue. However, the rate of domestic violence has not decreased but increased instead, and its revelation has shocked the society. Therefore, how to deal with domestic violence is a crucial topic with no time to delay.

**Keywords:** domestic violence; women's rights; legal remedy

**كىتابلارنى جۈملىگە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** D923　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

ئائىلە زۇلۇمى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بىر خىل رەزىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزدىمۇ ئائىلە زۇلۇمى كۆپىيىپ قېلىۋاتقانلىقى مەلۇم، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەكشۈرگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، مەملىكەت بويىچە 270 مىليون ئائىلە ئىچىدە 81 مىليون ئائىلىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئائىلە زۇلۇمى مەۋجۇت بولۇپ، مەملىكەت ئائىلە ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 30% نى ئىگىلەيدىكەن ھەم ئائىلىدە زۇلۇم

* بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** رىزۋانگۈل ئابدۇراخمان (1971 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، مۇدىر مۇخبىر، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قانۇن ۋە پۇقرا» پىروگراممىسىدا فىلىم ئىشلەش ۋە رىياسەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
غالىپ ئىسمايىل (1963 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، مەمۇرىي قانۇن ۋە مەمۇرىي دەۋا قانۇنى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قىلغۇچىلارنىڭ %90 ى ئەرلەر ئىكەن؛ ھەر يىلى 100 مىڭ ئائىلە ئائىلە زۇلۇمى سەۋەبىدىن پارچىلىنىپ كېتىدىكەن. ئائىلە زۇلۇمى قىلمىشلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشى، تېخىمۇ ئېغىر بولغاندا ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىناقلىققا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى، مۇقىم، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى مىليونلىغان ئائىلىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىناقلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

## 1. ئائىلە زۇلۇمىنىڭ قانۇن ئۇقۇمى

غەرب ئەللىرىدىكى بەزى ئالىملار ئائىلە زۇلۇمىنىڭ دائىرىسىنى نىسبەتەن كېڭەيتكەن بولۇپ، «ئائىلە زۇلۇمى ئادەم بەدىنىگە قارىتىلغان زۇلۇم، جىنسىي جەھەتتىكى زۇلۇم، تىل جەھەتتىكى زۇلۇم، روھىي جەھەتتىكى زۇلۇم قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەتتا نىكاھتىن ئاجراشقان ئالدىنقى ئېرى بىلەن ئالدىنقى ئايالى ئوتتۇرىسىدىكى، بىللە تۇرۇۋاتقان ھەمراھى ۋە ئەسلىدىكى ھەمراھى ئوتتۇرىسىدىكى، ئوخشاش جىنسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زۇلۇممۇ ئائىلە زۇلۇمىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ»، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، دۆلىتىمىزنىڭ ئائىلە تۇرمۇش ئەنئەنىسىگە ئاساسلانغاندا، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ قارىشى مۇقەررەر ھالدا زىيادە كەڭ بولۇپ كەتكەن. ھالبۇكى، دۆلىتىمىزدە بولسا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «نىكاھ قانۇنىنىڭ ئەدلىيەلىك ئىزاھاتى (1) » دە ئائىلە زۇلۇمىنىڭ قانۇن ئۇقۇمى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە بېرىلگەن. نىكاھ قانۇنىدا ئېيتىلغان ئائىلە زۇلۇمى ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچى ئۇرۇش، باغلاش، زەخىملەندۈرۈش، جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش ياكى باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىنى بەلگىلىك زەخىملەندۈرۈش ئاقىۋىتىنى پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈزلۈكسىز خاراكتېرلىك، دائىملىق زۇلۇم قىلىش خورلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «نىكاھ قانۇنى» ۋە ئەدلىيەلىك ئىزاھاتتا ئائىلە زۇلۇمىغا بېرىلگەن ئېنىقلىما پەقەت قىلمىشنىڭ بىر خىل شەكلى بولغان ئۇرۇش، باغلاش قاتارلىق ئائىلە ئەزالىرىنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زەخىملەندۈرۈش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئاپتور تېپىك دېلولار ھەققىدە پروگرامما ئىشلەش ئېھتىياجى بىلەن تۇرۇشلۇق جايدىكى سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، پسخىكا زۇلۇمى، قىلماسلىق زۇلۇمى ۋە جىنسىي زۇلۇمنىڭ ئائىلە زۇلۇمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرىلاۋاتقانلىقىنى بايقىغان. دۆلىتىمىزدە «ئائىلە زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن، قانۇندا ئائىلە زۇلۇمىنىڭ دائىرىسى ئاساسلىقى قىلىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان جىسمانىي جەھەتتىكى زۇلۇم بىلەن چەكلىنىپ قالغاچقا، بۇ خىل ئەھۋال ئائىلە زۇلۇمىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالمىغان. 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ماقۇللىنىپ، 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يولغا قويۇلغان «ئائىلە زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» نىڭ 2 ـ ماددىسىدا: «بۇ قانۇندا ئېيتىلغان ئائىلە زۇلۇمى ئائىلە ئەزالىرى ئارا ئۇرۇش، باغلاپ قويۇش، ناكا قىلىپ قويۇش، جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش، شۇنىڭدەك دائىم ھاقارەتلەش، قورقۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جىسمانىي، روھىي جەھەتتە زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

بۇ ماقالىدە ئاياللارغا قىلىنغان ئائىلە زۇلۇمى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

## 2. ئائىلە زۇلۇمى قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان زىيىنى

**1) ئائىلە زۇلۇمى ئىجتىمائىي جاۋابكارلىق پىرىنسىپىغا خىلاپ**

ئىجتىمائىي جاۋابكارلىق پىرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا، نىكاھلانغۇچى ئىككى تەرەپ ئائىلىگە

نىسبەتەن ئەخلاقىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەكسىچە ئاياللارغا ئائىلە زۇلۇمى قىلغۇچى ئۆز بېشىمچى، شەخسىيەتچى، ئىچى تار، ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ناچار بولغاچقا، ئائىلە ئەزالىرىنى خالىغانچە خورلايدۇ، تاشلىۋېتىدۇ ياكى زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئائىلە مۇھىتىنى يامانلاشتۇرىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا ئەۋلادلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يامان تەسىر بېرىدۇ. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شاڭخەيدىكى مەلۇم رايوننىڭ ئائىلە زۇلۇمى سەۋەبىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى 1975 - يىلىدىكى % 28تىن 1995 - يىلى %44كە ئۆرلىگەن. ئۆرلەش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەمما ۋۇشى شەھىرىدىكى ئاجرىشىپ كەتكەن ئىككى مىڭغا يېقىن ئائىلىدە ئائىلە زۇلۇمى سەۋەبىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلەر % 50 تىن يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلىگەن[1].

**2) جىنايەت سادىر قىلىش نىسبىتى ئېشىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن**

ئائىلە زۇلۇمى قىلمىشى جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنى ئۆرلىۋېتىدۇ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش نىسبىتىنىڭ ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى ئائىلە زۇلۇمى مەۋجۇت ئائىلىلەردە چوڭ بولغان بالىلار (بولۇپمۇ ئوغۇللار) دا كىچىكىدىن باشلاپ بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئېڭى يېتىلىپ، باشقىلارغا زورلۇق ئىشلىتىش ياكى زىيانكەشلىك قىلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. ۋۇشى شەھىرىدىكى 171 نەپەر جىنايى قىلمىشى بار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، % 44 قۇرامىغا يەتمىگەنلەر خورلاشقا ئۇچرىغان بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا ئائىلە غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالمىغان ئىكەن[2]؛ ئىككىنچى، ئائىلە زۇلۇمى ۋاستىلىك ھالدا ئاياللارنىڭ زۇلۇم قىلىش ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنى يۇقىرىلىۋېتىدۇ. بەزى دېلو مىساللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە زۇلۇم قىلمىشىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان كۆپ ساندىكى ئاياللاردا ئۆچ ئېلىش پسىخكىسى پەيدا بولغان بولۇپ، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئۆيىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنى توپلاپ، زۇلۇم قىلغان ئەرلەردىن ئۆچ ئالغان؛ بەزىلىرى يەنە ئادەم ياللاپ رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ئۆچ ئېلىپ، قاتىللىق ۋەقە پەيدا قىلغان. لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئاياللار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، جىنايەت ئۆتكۈزگەن % 50 تىن كۆپ ئاياللار ئائىلە زۇلۇمىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار بولۇپ، ئېغىر زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ياكى قەستەن قاتىللىق قىلىش جىنايىتى سادىر قىلغان ئايال جىنايەتچىلەرنىڭ % 80 ى ئائىلە زۇلۇم مۇھىتى ئاستىدا جىنايەت يولىغا ماڭغان.

## 3. ئائىلە زۇلۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى توسۇش تەدبىرلىرى

**1) قانۇن - تۈزۈمنىڭ مەشغۇلاتچانلىقىنى كۈچەيتىش**

ھازىر دۆلىتىمىزدە ئائىلە زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش قانۇن رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى كونكرېت قانۇن - نىزاملارنىڭ مەشغۇلاتچانلىقى يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا بىر تەرەپتىن، «ئائىلە زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» نىڭ ئەمەلىي يولغا قويۇلۇشىغا تىرىشىپ كاپالەتلىك قىلىپ، ئائىلە زۇلۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جازالاش تەدبىرلىرى ۋە مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزگىچە ئائىلە زۇلۇمى دەۋا تەرتىپى بەرپا قىلىپ، ئەدلىيە تەرتىپىدىن پايدىلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن رامكىسى ئىچىدە ئائىلە زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىش، بولۇپمۇ «نىكاھ قانۇنى» دىكى زىيانىنى تۆلەش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئائىلە زۇلۇمى يۈرگۈزگەن تەرەپكە بولغان جازالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**2) مەخسۇس ئائىلە زۇلۇمى مۇرەسسە ئاپپاراتى تەسىس قىلىش ۋە « پاناھگاھ » قۇرۇش**

بىرىنچى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىچىدە مەخسۇس ئائىلە زۇلۇمى مۇرەسسە مەركىزى تەسىس قىلىش لازىم. ئائىلە زۇلۇمىغا ئۇچرىغان كۆپ قىسىم ئاياللار بىۋاسىتە سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ ئاجرىشىش دەۋاسى قىلىشنى خالىمايدۇ ھەم ئېرىنىڭ تۈرمىگە تاشلىنىشىنىمۇ خالىمايدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ تىنچ، بەختلىك ھالەتكە قايتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا مەھەللە كومىتېتى ۋە كەنت كومىتېتى ئىچىدە ئائىلە زۇلۇمى مۇرەسسە مەركىزى تەسىس قىلىپ، كەسپىي خادىملار ياكى كەنتتىكى پېشقەدەملەرنى ئىشقا سېلىپ، زۇلۇم قىلغۇچىغا نەسىھەت قىلىش، زۇلۇم قىلىشنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، ئائىلە زۇلۇمىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى، شۇنداقلا ئېلىپ كەلگەن قانۇن ئاقىۋىتىنى تەھلىل قىلىپ بېرىش لازىم. بۇ مەلۇم دەرىجىدە زۇلۇم قىلغۇچىغا ئەسكەرتىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، مەھەللە كومىتېتى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى «ئاياللار پاناھلىنىش ئورنى» تەسىس قىلىش لازىم. بىز چەت ئەلنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلساق بولىدۇ. ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى لوندوندا تۇنجى « ئاياللار پاناھگاھى» قۇرۇلغان، كېيىن گوللاندىيە، شىۋېتسىيە، كانادا، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش پاناھلىنىش ئورنى بارلىققا كەلگەن. دۆلىتىمىزنىڭ شياڭگاڭ رايونىدىمۇ «ئىناق ئائىلە»، «ئەلگە نەپ مەركىزى» دەپ ئاتالغان ئىككى ئاياللار پاناھلىنىش ئورنى قۇرۇلغان. ئاياللارنىڭ پاناھلىنىش ئورنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاياللارنى زۆرۈر بولغان مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەش، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاياللارنىڭ كۈچ قۇدرەتكە، ئىشەنچكە ۋە ئىجتىمائىي بايلىقلارغا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنى داۋاملىق زىيانكەشلىك ۋە زۇلۇمنىڭ تەھدىت سېلىشىغا ئۇچراتقۇزماسلىقتىن ئىبارەت. بۇ ئورگان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاياللارنى جىددىي قۇتقۇزۇۋالىدۇ، لېكىن ئائىلە زۇلۇمىنى يىلتىزىدىن يوقىتالمايدۇ، پەقەت ئۇلارنى ۋاقىتلىق ماكانلاشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئاغرىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىكنى زور دەرىجىدە يېنىكلىتىپ، ئاياللارنىڭ تاللاش پۇرسىتىنى كۆپەيتىدۇ.

**3) ئاياللارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە مۇستەقىللىقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كاپالەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش لازىم**

ئاياللارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىشى ئاياللارنىڭ ئائىلىدە جىنسىي كەمسىتىشكە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى چارىسى، شۇنداقلا ئاياللارنىڭ ئائىلە زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى چارىسى. لېكىن ئۆز كۈچىگە تايىنىش ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئاساسىدا بولۇشى كېرەك، ئاياللارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك:

بىرىنچى، ئاياللارنىڭ تەربىيەلىنىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. جۇڭگودا 2000 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىدا، «ئىقتىدارسىز ئاياللار ئەخلاقلىق كېلىدۇ » دېيدىغان قاراش چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، بۇ خىل قاراش ھېلىھەممۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ساقلانماقتا. شۇڭا ئاياللارنىڭ مۇستەقىللىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز دېيدىكەنمىز، چوقۇم ئۇلارنىڭ تەربىيەلىنىش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاياللار تەربىيەسى مائارىپى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ھەم باسقۇچلارغا بۆلۈپ يولغا قويۇپ، ئاياللارنى بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاياللارنى تەربىيەلىنىش جەھەتتە تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ تەربىيەلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، ئاياللارنىڭ ساپاسى بىلەن ئەرلەر ساپاسى ئوتتۇرسىدىكى پەرقنى ئىمكانقەدەر تېزرەك تۈگىتىش كېرەك.

ئىككىنچى، ساغلام بولغان ئاياللارنىڭ ئىشقا

ئورۇنلىشىش كاپالەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش لازىم. بىر تەرەپتىن، ئاياللارنى تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش، ئاياللارنىڭ جىنسىي كەمسىتىلىشىنى مەنئى قىلىش، ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى تاللاشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىگىلىك تىكلەشتە ئېتىبار قىلىش ۋە ياردەم بېرىش لازىم.

قىسقىسى، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى، مۇقىم، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى ملىيونلىغان ئائىلىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە. ئاياللارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تىرىشىپ ئائىلە زوراۋانلىقىنى ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى جازالايدىغان مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسى ۋە بىر ئىجتىمائىي پاناھلاندۇرۇش ئورنى بەرپا قىلىپ، ئائىلە زوراۋانلىقىنىڭ يۈز بېرىشىنى ئازايتىپ، ئاياللار زوراۋانلىققا ئۇچرىمايدىغان بىر ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشكە كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم.

## ئىزاھلار:

[1] 浅谈家庭暴力中我国妇女权益保护的法律依据及完善研究[J/OL]. http://www.docin.com/p-1798754676.html

[2] 浅谈家庭暴力中我国妇女权益保护的法律依据及完善研究[J/OL]. http://www.docin.com/p-1798754676.html

## پايدىلانمىلار:


1. 张亚林.家庭暴力现状及干预[M].人民卫生出版社, 2011.
2. 赵凤喈.中国妇女在法律上之地位[M].山西人民出版社发行部, 2014.
3. 北京大学法学院人权研究中心.国际人权文件选编[M].北京:北京大学出版社, 2001.
4. 迁西县家庭暴力情况调查报告[J/OL].http://www.tswomen.org
5. 郭箴.中国妇女问题[M].山西人民出版社发行部, 2014.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 130 ـ 02(2017) 5878 ـ 1005

# يۇنان مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن كۇڭزىچىلارنىڭ قانۇن ئىدىيەلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە*

ئەركىن توختى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئەپلاتۇن ۋە ئارىستوتېل ۋەكىللىكىدىكى يۇنان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قانۇن ئىدىيەسى غەرب ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى چىن بەگلىكى دەۋرىدىكى كۇڭزىچىلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى جۇڭگو ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، كېيىنكى دەۋر جۇڭگو قانۇنلىرىنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە، يۇنان مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن ئالدىنقى چىن بەگلىكى مەزگىلىدىكى كۇڭزىچىلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئەپلاتۇن ؛ ئارىستوتېل؛ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش؛ ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش؛ مۇرەسسە مادارا يولى

## 论古希腊思想家与儒家的法律思想比较分析

艾尔肯 · 托乎提

**摘要：**古希腊思想家主要以柏拉图和亚里士多德为代表，他们的法律思想是西方传统法律文化的历史源流；先秦儒家的法律思想是中国传统法律文化的源流，是中国历朝历代制定法律的重要依据和范本。本文比较分析古代希腊思想家和先秦思想家的法律思想。

**关键词：**柏拉图；亚里士多德；法治；德治；中庸之道

**Abstract:** The ancient Greek's ideologists are represented by Plato and Aristotle, and their legal thoughts have become historical origin of western traditional laws and culture. Meanwhile, pre-Qin Confucianism was the founder of Chinese traditional legal thought and has become mainstay of contemporary Chinese law. This paper compares between ancient Greek's ideologist and Confucian legal thoughts.

**Keywords**: Plato; Aristotle; rule by law; rule by virtue; golden medium

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** D909 . **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

يۇنان ۋە رىم قانۇن ئىدىيەسى ــ غەرب قانۇن ئىدىيەسىنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. يۇنان ئۆزىنىڭ قانۇن ئىدىيەسى بىلەن مەشھۇر. رىم بولسا ئۆزىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. يۇنانىنىڭ ئادالەت نەزەرىيەسى، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى نەزەرىيەسى كېيىنكى دەۋرلەرگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى سىپتسرو گرېتسىيەنىڭ قانۇن - ئىدىيەسىنى رىمغا ئېلىپ كىرگەن[1].

يۇنانلىقلار بارلىققا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قانۇن ئىدىيەسى گرېك پەلسەپەسىگە ئاساس سالغۇچى ئەپلاتۇن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى427 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 347 ـ يىلىغىچە) بىلەن ئارىستوتېل (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 384 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 322 ـ يىلىغىچە) دىن ئىبارەت بۇ ئىككى بۈيۈك مۇتەپەككۇرنىڭ قانۇن ئىدىيەسى ئاساسىدا بارلىققا

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئەركىن توختى (1961 ــ يىلى 6 ــ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، قانۇن - تۈزۈم تارىخى، قانۇن - ئىدىيە تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇ ئىككى مۇتەپەككۇرنىڭ قانۇن ئىدىيەسى ئۇلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيەسىنى چىقىش قىلغان. ئارىستوتېل كاتېگورىيە تەلىماتىنى تۈزۈپ چىقىپ، تەپەككۇر شەكلى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدىكى لوگىكا ئىلمىنى بېيىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىيالېكتىك تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىنى ۋە ھەرىكەت شەكلى نەزەرىيەسىنى تۈنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان[2]. ئۇ يەنە ئېستېتىكا ۋە ئېتىكا توغرىسىدىكى قىممەتلىك قاراشلىرى ئارقىلىق، ئەپلاتوننىڭ ئاتالمىش «ئامەت» ھەققىدىكى ئىدېئالىستىك چۈشەنچىلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئەخلاق مەسىلىسىنى ئادەمدىن ئىبارەت «سىياسىي ھايۋان»نىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشنى تەشەببۇس قىلغانىدى[3]. شۇ دەۋردە ئۇزۇن تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە شەرقتىكى قەدىمىي چوڭ دۆلەت جۇڭگودا كۆكزىچىلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى مۇھىم رول ئوينىغان.

## 1. يۇنان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قانۇن ئىدىيەسى

### 1) ئەپلاتوننىڭ قانۇن ئىدىيەسى

ئەپلاتون ئافىنادىكى بىر باي قۇلدار ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ياخشى تەربىيە ئالغان. سوقرات ئۇنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇ ئارىستوتېلغا ئۇستاز بولغان ئىدى. ئەپلاتوننىڭ قانۇن ئىدىيەسى«ئادالەت»نى يادرو قىلغان بولۇپ، ئۇ: «ئادالەت ـ ھەر بىر ئادەم مەملىكەتتە ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئىتىگە مۇناسىپ ئىش بېجىرىش دېمەكتۇر»[4]، دەپ قارىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئادالەت ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەركىم ئۆز خىزمىتىنى قىلىش، ھەر كىم ئۆز ئورنىدا ئىشلەش، ھەر كىم ئۆز ئورنىنىڭ تەرتىپىگە رىئايە قىلىش، ھەر كىم ئۆز نېسىۋىسىگە ئىگە بولۇش دېگەنلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئادالەت نەزەرىيەسىمۇ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى كىشىلەر پەقەت ئىش تەقسىماتى ئاساسىدا ھەمكارلاشقاندا، ھەركىم ئۆز نېسىۋىسىگە قانائەت قىلىپ، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغاندىلا دۆلەتنى ئادالەت دۆلىتىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ[5]، دەپ قارىغان. « ئەپلاتون ئىنسانلارنى ھۆكۈمران سىنىپ، قوشۇمچە ھەمدەمچىلەر، ئىشلەپچىقارغۇچىلار دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلگەن بولۇپ، ھەممىسى ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى، باشقىلارنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا ئارىلاشماي ئۆز ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ ئۆزى ئادالەتتۇر»، ئۇلار «خۇشاللىقتىمۇ ۋە ھەۋەستىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى لازىم»، «ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بىر خىل تەرتىپ»، مانا مۇشۇنداق دۆلەتلا «ئادالەتلەك»، «غايىۋى»دۆلەتتۇر[6]، دەپ قارىغان.

ئەپلاتوننىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان. ئۇ تەسۋىرلىگەن غايىۋى دۆلەت— قانۇنغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئەڭ قالتىس، كارامەت ياخشى ئادەملەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ باشقۇرۇلىدىغان بىر مەمۇرىي دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يەردە تەكىتلىگىنى قانۇن بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت ئىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «قانۇننامە» دېگەن ئەسىرىدە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا سەل قارايدىغان ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش نۇقتىئىنەزەرىدە بۇرۇلۇش بولغان. ئۇ يەنە: «مەڭگۈلۈك خاراكتېر پەيدا قىلالايدىغان نەرسىلەرگە ئېتائەت قىلىشىمىز كېرەك، ئۇ ئەقلىنىڭ بۇيرۇقى، بىز ئۇنى قانۇن دېيىمىز. پەقەت دۆلەت قانۇنىغا ئەڭ ئېتائەت قىلالىغان ئادەملەرلا ئالىي مەنسەپكە قويۇلىدۇ. بىز بۇنداق ئەمەلدارلارنى قانۇننىڭ چاكىرى دەيمىز...بىز ئۇلارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئەخلاق-پەزىلىتىگە ئىشىنىمىز، مانا بۇ دۆلەتنىڭ گۈللىنىش ياكى خارابلىشىشىنى بەلگىلەيدىغان ئامىلدۇر»[7]دېگەن. بىلىشكە بولىدۇكى ئەپلاتون ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى غەرب قانۇن ئىدىيە تارىخىغا ناھايىتى زور تەسىر

كۆرسەتكەن.

**2) ئارىستوتېلنىڭ قانۇن ئىدىيەسى**

ئارىستوتېل ئادالەتنى قانۇن ئىدىيەسىنىڭ يادروسى قىلغان. ئۇ ئەپلاتون «قانۇنىنامە»دە ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي پىلانى قىلىش ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئارىستوتېل «تەبىئىي ئادالەت قائىدىسى ھەرقانداق جايدا ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە، بىزنىڭ قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىقىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئالاقىسى يوق. ئادەتلەنگەن ئادالەت قائىدىسىنى باشتىلا ئۇنداق ياكى مۇنداق ئۇسۇللار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ»[8]، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئارىستوتېلنىڭ نۇقتىئىنەزەرى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن ئەلا، ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش دانىشمەنلەرگە تايىنىپ ئىدارە قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ، بىراق ھەقىقىي دانىشمەنلەر ناھايىتى ئاز، ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا ھەمىشە ۋارىسلىق قىلىنىدۇ، ئەگەر ۋارىسلىق قىلغۇچى قابىلىيەتسىز بولۇپ قالسا دۆلەتكە ئەڭ زور خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئەڭ ياخشى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى مۇرەسسە - مادارىچىلىق يولىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئىدارە قىلىدىغان ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ تىنچلىققا ئەڭ پايدىلىق[9]، دەپ قارىغان. ئارىستوتېل يەنە بايان قىلىپ: «قانۇننىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى پۈتكۈل دۆلەت خەلقىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئادالەت ۋە ياخشى ئەخلاق تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇشقا ياردەم بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك»لىكىنى، قانۇن«ئەخلاق ھەرىكىتىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يامانلىقنى چەكلەيدۇ»غانلىقىنى چۈشەندۈرگەن[10]. ئۇ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن ئەلا دېگەننى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، يەنە ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىمۇ يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان.

## 2. كۇڭزىچىلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى

كۇڭزىچىلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى«ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»نى زور كۈچ بىلەن يولغا قويغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. كۇڭزىچىلار «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياخشىلىق» نۇقتىئىنەزەرىنى تەشۋىق قىلىپ، «ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»نى دەل ئەنە شۇ «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياخشىلىق» ئۈستىگە قۇرۇپ چىققان.«ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»نىڭ تەلىپى يۇقىرى ئەخلاق ساپاسىغا ئىگە ئالىي ھۆكۈمرانلار دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش ئىدى.

قەدىمكى غەربىي جوۋ دەۋرىدە «تەڭرىگە مۇناسىپ ئەخلاقنى يولغا قويۇپ، جازادا ئېھتىياتچان بولۇش»تىن ئىبارەت قانۇن ئىدىيەسى ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلغانلىقتىن، ئۇ دەۋردە دۆلەت گۈللەنگەن، پۇقرالار ئۈستىدىكى ئېزىش - ئېكسپىلاتاتسىيە ئازايغان، پۇقرالارغا ئەخلاق تەربىيەسى بېرىلىپ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇنقىدىن بىر ئاز ياخشىلانغان ۋەزىيەت يارىتىلغان. بۇ كۇڭزىچىلارنىڭ ئەخلاق، ئەدەپ - قائىدىلىرىنىڭ شۇ دەۋردە ئوينىغان رولىنىڭ نەتىجىسى بولغان.

## 3. قەدىمكى جۇڭگو ۋە غەرب قانۇن ئىدىيەسىنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى

بىرىنچى، ئەپلاتون، ئارىستوتېل ۋە ئالدىنقى چىن دەۋرىدىكى كۇڭزىچىلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇلار ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيەسىنى ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلغان. ئەپلاتون ۋە كۇڭزىچىلارنىڭ ئىدىيەلىرى «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياخشىلىق» نۇقتىسىدىن بايان قىلىنغان. ئەكسىچە ئارىستوتېل«ئىنسان تەبىئىتىدىكى يامانلىق» نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىككىنچى، ئەپلاتون، ئارىستوتېل ۋە ئالدىنقى

چىن دەۋرىدىكى كۇڭزىچىلارنىڭ ھەممىسى تەربىيەنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بەرگەن، تەربىيە ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقىي تەربىيەلىنىشى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. كۇڭزىچىلار ئەخلاق تەربىيەسىنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئومۇمىي پىلانىنىڭ ئاساسى قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەپلاتون ھەممىدىن بەكرەك ئەخلاقىي تەربىيەگە ئەھمىيەت بەرگەن. ئارىستوتېل ئەخلاق بىلەن قانۇندىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتىنى تەڭ بايان قىلغان.

ئۈچىنچى، ئارىستوتېل بىلەن كۇڭزىچىلار «مۇرەسسە مادارا يولى»نى نىسبەتەن كۆپرەك تەكىتلىگەن بولۇپ، ئارىستوتېل دۆلەت ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنى ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاساسى قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. ئەپلاتون بۇ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان.

«دۆلىتىمىز ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك دۆلەت بولۇپ، قانۇن ئىدىيەسى بىرقەدەر بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، قانۇن ئىدىيەسىگە چېتىلىدىغان دائىرە ناھايىتى كەڭ، مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرمۇ كۆپ. بىز تېخى تولۇق ئىگىلەپ بولالمىغان ياكى تەتقىق قىلىپ بولالمىغان ماتېرىياللار تېخىمۇ كۆپ. «قەدىنامە»، «گەن قەسىمى»، «تاڭ قەسىمى»، « پەن گىڭ»، «كاڭ بۇيرۇقى »، «لۈي جازاسى» قاتارلىق ماتېرىياللاردىن تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 16 - ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8 - ئەسىر ئارىلىقىدىكى غەربىي جوۋ سۇلالىسى دەۋرىدە پىشىپ يېتىلگەن جىنايى ئىشلار قانۇن ئىدىيەسى بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئالدىنقى چىن بەگلىكى مەزگىلىدە شاڭياڭ(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى390 - يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى338 - يىلىغىچە)، خەن فېي(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 280 -يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى233 - يىلىغىچە) قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم قانۇنچىلار مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «قانۇن ئۆزگەرتىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، فېئودال مۇستەبىت ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىئىنەزەرلەرنى ۋە قانۇننىڭ ماھىيىتى، رولى ۋە جازانى تەتبىقلاش توغرىسىدىكى نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان»[11].

بۇلار ئېلىمىز قەدىمكى زامان قانۇن ئىدىيەسىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ دەۋردە يۇنان، رىم مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئارىستوتېل «ئافېنانىڭ سىياسىي تۈزۈمى»، «سىياسىيشۇناسلىق »، «ئېتىكىشۇناسلىق»، سېتسېرو (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 106 - يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 43 - يىلىغىچە) «دۆلەت توغرىسىدا»، «قانۇن توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە قۇللۇق تۈزۈمنى ئاقلايدىغان تەبىئىي قانۇن نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بىراق بۇ چاغدا شاڭ ياڭ، خەن فېي قاتارلىقلار «شاڭ جۈنشۇ»، «خەن فېيزى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق دەۋرى چىن بەگلىكىنىڭ ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن باشلانغان بولۇپ، غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىشىشىدىن 6 - 7 ئەسىر ئىلگىرى بولغان. پۈتكۈل فېئودالىزم دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ قانۇن ئىدىيەسى فېئودال ھۆكۈمرانلىققا ۋارىسلىق قىلغان كۇڭزىچىلىق ئەنئەنىسى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن مەزگىل توختاپ قالغاچقا، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چىن، خەن سۇلالىسىدىن كېيىن جۇڭگودا قانۇنشۇناسلىق بولمىغان، دېگەن قاراشلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان. بىراق بىز يۇقىرىقىلاردىن جۇڭگودا قانۇنشۇناسلىق خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.مەسىلەن، «غەربىي ياۋروپا فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىلىدىكى دىن ئومۇميۈزلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، ھەقىقەتەن توماس ئاكۋىنا(1225 - 1274) غا ئوخشاش مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس ۋە پەيلوسوپلار بارلىققا كەلگەن. ئۇلار سىستېمىلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق مەدرىس پەلسەپەسىنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ، غەرب قانۇن ئىدىيە تارىخىدا توماس قانۇنشۇناسلىق ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمما جۇڭگودا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرنىڭ

دەسلەپكى مەزگىلىدىلا ئەممىنىيە دەۋرىدىكى قوچقار ئېقىمىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى دوك جوڭشۇ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176- يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 104 - يىلىغىچە)مەيدانغا چىققان»[12]. ئۇ ئالدىنقى چىن دەۋرىدىكى كۇڭزىچىلار ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ يېڭى كۇڭزىچىلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «ياخشى تەدبىر»، «ئەممىنىيە دەۋرىدىكى گۈللىنىش»، «ئەممىنىيە ھۆكۈمنامىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئەخلاقنى ئاساس، جازانى قوشۇمچە قىلىش، جىنايەتكە دەستۇرلاردىن پايدىلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىقلارنى تەكىتلەپ، فېئوداللىق ۋارىسلىق قانۇن ئىدىيەسىگە ئاساس سالغان. بۇ كېيىنكى قانۇنلارنى چۈشەندۈرۈش ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئۇ خۇددى رىم قانۇنلىرىغا ئىزاھات بەرگەن قانۇنشۇناسلىق ئېقىمىغا ئوخشاش قانۇنشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا «جوڭگونىڭ چىن، خەن دەۋرىدىن بۇيان، دەرۋەقە غەربىي ياۋروپادىكىدەك ئۇنداق نۇرغۇنلىغان، تىپىك قانۇنشۇناسلار ۋە قانۇنشۇناسلىق ئېقىمى بولمىغان، مەخسۇس قانۇنشۇناسلىق ئەسەرلىرىمۇ بولمىغان بولالارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق 17 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرگىچە بولغان بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە گروتوس (1583 - 1645)، خوببۇس (1588 - 1679)، لوك(1632 - 1704)، مونتىسكيۇ (1689 - 1755)، روسسو (1712 - 1788)، لېيبنىز(1646 - 1716) قاتارلىق سىياسىي نەزەرىيەشۇناسلار، قانۇنشۇناسلار دۇنيا مۇنبىرىگە چىققاندا، دۆلىتىمىزدە خۇاڭ زوڭشى، گۇ يەنۇۋ، ۋاڭ فۇجى، تاڭ جېن قاتارلىق مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرلار مەيدانغا كەلگەن[13]. ئۇلار: «دۆلەتنى ئاساس قىلىش، ئەمەلدارلارنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش»، «پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر ئورتاق ئىدارە قىلىش»، «پۇقرالارنىڭ سىياسىينى مۇھاكىمە قىلىشىغا يول قويۇش» قاتارلىق دېموكراتىك تۈسكە ئىگە بولغان سىياسىي قانۇن تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان[14]. بۇ دەۋردىكى قانۇن - ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر كېيىنكى بۇرژۇئا قانۇن ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان.

## 4. دۆلىتىمىز قانۇنچىلىقىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر

ھازىر جوڭگودا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش - سوتسىيالىستىك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولۇپ قالدى. دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش دۇنيا خەلقى ئىنتىلىدىغان ئورتاق قىممەت قارىشى ھېسابلىنىدۇ. قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت ھەر بىر پۇقرا تەقەززا بولىدىغان تۈزۈلمىدۇر. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مەملىكىتىمىز يەنە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىشقا، مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا دېموكراتىيە بىلەن قانۇن - تۈزۈمنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دېموكراتىيەنى تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە قانۇنلاشتۇرۇش كېرەك. جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىپ، ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

جوڭگو غەرب دۆلەتلىرى بىر ئەسىردە تاماملىغان قانۇن چىقىرىش مۇساپىسىنى قىسقىغىنا نەچچە ئون يىلدا تاماملاپ دەسلەپكى قەدەمدە ئاساسىي قانۇننى يادرو قىلغان سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. 1997 - يىلى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى پارتىيەنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي پىلانى قىلىشنى رەسمىي بېكىتتى. تايىنىدىغان قانۇن بولۇش ھەر قايسى ساھەلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مانا بۇ بىز قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ ياخشى نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى ئەمەلىيەت قانۇننىڭ ئاساسى، قانۇن ئەمەلىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىشى لازىم.

قىسقىسى، ئىلمىي بولغان قانۇن چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بولغان ئىكەن تايىنىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. چۈنكى قانۇن بولۇپ ئۇنىڭغا تايانمىغاندا ياكى قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولمىغاندا ھەر قانچە كۆپ قانۇن بولسىمۇ ئۇ بىر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قەتئىي جازالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش - قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇشتا يەنە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي خەلق ئورتاق تىرىشىدىغانلا بولسا ئىشىنىمىزكى جۇڭگونى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## ئىزاھلار:

[1] 许爱国,李桂林.西方法律思想史[M].北京大学出版社,2002(二):165.
[2] 黄基泉. 西方宪政思想史略[M]. 山东人民出版社,2004: 99.
[3] [5][6] ئابۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986: 62.
[4] 柏拉图. 理想国[M]. 商务印书馆,1986:154.
[7] 崔永东. 中西方法律文化比较[M]. 北大出版社,2004:137.
[8] 李龙. 西方法学著作提要[M]. 江西人民出版社,1999:16.
[9] 汪太贤. 西方法治主义源与流[M]. 法律出版社,想国[M].商务印书馆,1986:154.
[10] 亚里士多德. 政治学[M]. 吴寿彭译.商务印书馆,1997:3.
[11][12][13]张国华,饶鑫贤.中国法律思想史刚[M].甘肃人民出版,1984:19-21.
[14] ئەركىن توختى: «جۇڭگو قانۇن - ئىدىيە تارىخىدىن لېكسىيە»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998: 117.

## پايدىلانمىلار:


1. 黄基泉. 西方宪政思想史略[M]. 山东人民出版社，2004.
2. 柏拉图. 理想国[M]. 商务印书馆，1986.
3. 汪太贤.西方法治主义源与流[M]. 法律出版社，2011.
4. 崔永东.中西方法律文化比较[M]. 北大出版社，2004.
5. 李龙.西方法学著作提要[M]. 江西人民出版社，1999.
6. 亚里士多德.政治学[M]. 吴寿彭译.商务印书馆，1965.
7. 崔永东.中西方法律文化比较[M]. 北大出版社，2004.
8. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986.
9. ئەركىن توختى: «جۇڭگو قانۇن - ئىدىيە تارىخىدىن لېكسىيە»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998.
10. 李贵连.中国法律思想史[M]. 北京：大学出版社,1999..
11. 沈宗灵.法理学[M]. 北京：大学出版社, 1998.
12. 王立民.法律思想与法律制度[M].中国政法大学出版社,2002.
13. 刘新.中国法律思想史[M].人民大学出版社,2000.
14. 侯欣一.中国法律思想史[M].中国政法大学出版社,1999.


جاۋابكار مۇھەررىر: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 05 - 136 - 02(2017) 5878 - 1005

# مۇھەررىرلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيىنى ياڭرىتىشتىكى رولى*

مەدىنە تاھىر

(شىنجاڭ گېزىتخانىسى، ئۈرۈمچى. 830051)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقانداق تاراتقۇ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تېما، شۇنداقلا جەمئىيەتتە ئىجادىي ئېنېرگىيە تارقىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مېلودىيەسىنى ياڭرىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. بۇ ماقالىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز ئاخباراتچىلىقىدىكى ئورنى، رولى، ئەھمىيىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، شۇنداقلا مۇھەررىرلەرنىڭ بۇ جەرياندا ئەسەرگە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئىجابىي ئېنېرگىيە تارقىتىشتا قانداق رول ئوينىشى كېرەكلىكى قاتارلىقلار ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ؛ تېما ؛ مەزمۇن ؛ مۇھەررىر ؛ ئىجابىي ئېنېرگىيە

## 编辑在唱响民族团结乐章的作用

买迪娜 · 塔依尔

**摘要：** 民族团结题材是我区所有媒体的永恒主题，也是在全社会 宏扬正能量，唱响民族团结主旋律，实现社会稳定和长治久安总目标的关键，本文以实际事例揭示了民族团结在我区新闻媒体上的地位、作用、意义和宣传民族团结故事的必要性以及编辑们在处理这类作品上是如何倾注心血，宏扬正能量，发挥作用的。

**关键词：** 民族团结； 主题； 内容； 编辑； 正能量

**Abstract:** The ethnic unity is the key and evergreen topic of Xinjiang. It is also the main theme of the society to advocate the positive energy for realize the prolonged stability in the region. This paper reveals the importance of news press in advocating ethnic unity in Xinjiang by real stories to advocate the editor's role in protecting ethnic unity.

**Keywords:** ethnic unity; theme; content; editor; positive energy

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G23　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسى مۇخبىر، مۇھەررىرلەر ئەڭ كۆپ باش قاتۇرىدىغان، ئەڭ كۆپ ئىزدىنىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق تاراتقۇلار ۋە ئاخبارات خىزمەتچىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 2016 - يىلى 19 - فېۋرال «خەلق گېزىتى»، شىنخۇا ئاگېنتلىقى قاتارلىق چوڭ، مۇھىم تاراتقۇلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش تۇتۇپ، ئاخباراتنىڭ تارقىتىش قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، يېڭىلىقچىلىق ۋە تەھرىرلىك ئەمەلىيىتىدە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيەنىڭ ئاساسلىق تاراتقۇلىرىنىڭ تارقىتىش كۈچى، يېتەكلەش كۈچى، تەسىر كۈچى ۋە سېھرىي كۈچىنى بارغانسېرى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسىنى تېخىمۇ تەسىرچانلىقتا، ئىجادىيلىقتا، يېڭىلىقتا ئىگە قىلدى،

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** مەدىنە تاھىر ( 1969- يىلى 6 - ئايدا تۇغۇلغان) كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، ئاخبارات تەتقىقاتى شۇغۇللىنىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مېلودىيەسىنى تېخىمۇ جاراڭلىق ياڭرىتىپ، تېخىمۇ يىراقلارغا يەتكۈزدى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئەمىنلىكى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىش ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. بۇ جەرياندا مۇخبىرلار يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت ھېكايىلەرنى قېزىپ، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، نۇرغۇن يېڭى ۋە ئەھمىيەتلىك تېپلارنى تېپىپ چىقىپ، نۇرغۇن نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولسا، مۇھەررىرلەر كىشىنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدىغان ۋە جەلپ قىلىدىغان شىنجاڭ ھېكايىسىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندى، تېما ئۇيۇشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىلغار تېپلارنى تاللاش، مۇخبىرلار بىلەن ئۇلارنى ئۇچراشتۇرۇش، ئاندىن مۇخبىرلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەسەرنىڭ تۈنجى ئوقۇرمىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەسەرنىڭ مېلودىيەسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش، تىلىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، جانلىق قىلىپ، ئىجادىي ئىنېرگىيەنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ كەڭ تارقىتىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ھەمدە داۋاملىق كۆرسىتىۋاتىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسى قانچىكى تەسىرلىك سۆزلەنسە، ئوقۇرمەنلەرگە شۇنچىكى تېز ۋە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ ۋە يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تاراتقۇلار دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيىنى ياڭرىتىشتىكى ئۈلگىلىك تېپلارنى ئوبدان تاللاپ ۋە يېڭىچە تېمىلارنى قېزىپ، تېخىمۇ جانلىق مەزمۇن، يېڭىچە شەكىلدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيىنى ياڭرىتىپ، تەسىرلىك ئىتتىپاقلىق ھېكايىسىنى جانلىق سۆزلەپ، گۈزەل شىنجاڭنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ئۆزگىچە روھىي قىياپىتىنى ھەم تولۇپ ـ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىپ، ئىجابىي ئىنېرگىيە ۋە كۈچ تارقاتتى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت گېزىتلىرى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغارلارنىڭ ھېكايىسى»، «مەن ۋە تۇغقىنىم» قاتارلىق سەھىپە، بەتلەرنى تەسىس قىلىپ، بۇ تېمىدىكى ئاخبارات ئەسەرلىرىگە كەڭ سورۇن ھازىرلاپ بەردى. بۇ تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ھەقىقەتەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتتى. نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى، جانلىق، تەسىرلىك ھېكايىلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. بۇ ئەسەرلەردە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش، ۋاپادارلىق، يېقىنلىق ھېسسىياتى چىن، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا قالماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىي مېلودىيەسى كۈچلۈك ياڭرىدى. ئەلۋەتتە، بۇ نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە مۇخبىرلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئوينىغان قەلىمىنىڭ ھېسسىياتقا تويۇنۇشى قاتارلىق ئامىللار مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، مۇھەررىرلەرنىڭ بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش، قىممىتىنى نامايان قىلىش، ئىجادىي ئىنېرگىيە تارقىتىشتىكى خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

ئەلۋەتتە، مۇھەررىرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىدىكى ئۈزلۈكسىز مېلودىيەلەرنى ياڭرىتىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھەقلىقمىز، بىراق ئاخبارات كەسپىدىكى رىقابەت كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان، كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مۇھەررىرلەر تېخىمۇ تىرىشىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ كىشى قەلبىنى تېخىمۇ لەرزىگە سېلىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىجابىي ئىنېرگىيە تارقىتىشىغا كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىرلەر مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك:

## 1. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى تاللاشتا يېڭىلىققا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېيى پائالىيىتى يولغا قويۇلغىلى 30 يىلدىن ئاشتى. بۇ 30 نەچچە يىلدا نۇرغۇن نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيىنى ياڭراتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار تىپلارنىڭ، ئۆلگىلەرنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ھازىرمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ يېزىلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئوخشاش بىر تېمىدا بىر نەچچە ئەسەر يېزىش مۇخبىرلار ئۈچۈن خېلىلا قىيىن، چۈنكى مۇخبىر ھەر قېتىم قولىغا قەلەم ئالغاندا، ئەسەرلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. لېكىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى خەۋەر - ماقالىلەرنى يازىدىغان مۇخبىرلار كۆپەيگەنسېرى، شۇنداقلا بۇ تېمىدىكى ئەسەرلەر كۆپەيگەنسېرى مۇھەررىرگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئېشىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئوخشاش تېما، ئوخشاش مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنىڭ قايسىسىنى تاللاش، قايسىسىنى ئىشلىتىش بىر مەسىلە. مېنىڭچە، بۇنداق ۋاقىتتا مۇھەررىر ئەسەر تاللاشتا ئاخباراتنىڭ بىر نەچچە مۇھىم پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ ساغلام، ئاكتىۋال ئىكەنلىكىگە، جەمئىيەتتە ئىجابىي ئېنېرگىيە تارقىتالايدىغانلىقىغا قارىشى، ئاندىن ئەسەر ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە بولغان - بولمىغانلىقىغا قارىشى كېرەك.

ئادەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە مەزمۇن تەكرارلىقى كۆپ، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى ئىختىيارىي مۇخبىرلار يازغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىدىكى تېما، مەزمۇن تەكرارلىقى ئوقۇرمەنلەرنى بىزار قىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئەسەرلەردە تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقنى بېقىۋېلىشتەك ئەنئەنىۋى ھېكايە ۋەقەلىكى كۆپ سۆزلىنىدۇ، ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىمۇ ئىنتايىن كونا بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ماقالىنىڭ ماۋزۇسىنى ئوقۇپلا ياكى مۇقەددىمىسىنى ئوقۇپلا، ئاساسىي مەقسەتنى چۈشىنىپ بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بولمايدۇ، شۇڭا مۇھەررىر بۇنداق ئەنئەنىۋى ۋە دوگما يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدا يېزىلغان، مېدىيالاردا كۆپ تەكرارلانغان مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى تاللاشتىن ساقلىنىپ، ھېكايىسىمان تۈس ئالغان، ۋەقەلىكى چىن ۋە تەسىرلىك بولغان، چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى كىشىلەرگە چوڭقۇر تونۇتىدىغان، ھەقىقەتەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيىنى ياڭرىتىشتا ئاممىغا ئۆلگە بولالايدىغان ئەسەرلەرنى تاللىشى كېرەك. «تۇغقانلار قايتا ئۇچراشقاندا...» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2017 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىدىن) دېگەن ماقالە ھەقىقەتەن ياخشى تاللانغان، چۈنكى بۇ ئەسەر «ئۇ ئەمدىلا چۈشلۈك تاماق يەي، دەپ ئولتۇرۇشىغا تېلېفونى سايرىدى» دېگەن بىر جۈملە ئاپتور سۆزىدىن كېيىن، قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتۈۋاتقان ئاۋۇت ھوشۇر ۋە چيۇ جىنخۇانىڭ دىيالوگى بىلەن باشلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئىختىيارسىز ئەسەر ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. بۇنداق يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدىكى ئەسەرنى تاللىشى مۇھەررىرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئەھمىيىتى، قىممىتىنى تونۇپ يېتىش ئىقتىدارىغا باغلىق، ئەلۋەتتە.

## 2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سۆز - جۈملىلىرىنى تەھرىرلەشكە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈش كېرەك

ئەلۋەتتە، تەھرىرلىكتە ھەرقانداق ئەسەرنىڭ تىلىنى تاۋلاش، سۆز - جۈملىلىرىگە، گىرامماتىكىلىق،

لوگىكىلىق باغلىنىشلىرىغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈش، تىلىنى يېقىملىق، بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى قىلىش مۇھەررىرگە قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ، بىراق مۇھەررىرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سۆز - جۈملىلىرىنى تەھرىرلەشكە تېخىمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى كېرەك. چۈنكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسى ناھايىتى ئاكتىۋال ئىجابىي تېما، شۇنداقلا تەربىيەۋى ئەھمىيىتى زور تېما بولسىمۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە، دىن، ئۆرپ- ئادەت، مىللىي مەدەنىيەت قاتارلىق زىل، نازۇك مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، ئەسەردىكى بىرەر سۆز - جۈملىنىڭ خاتا كېتىشى تۈپەيلىدىن چۈشەنچە ئايدىڭ بولماي، بەزىبىر كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق بولۇپ قالسا، مۇھەررىر ئىجابىي ئېنېرگىيە تارقىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سەلبىي ئېنېرگىيە تارقىتىپ، ئاخباراتنىڭ پىرىنسىپىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان بولۇپ قالىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سۆز - جۈملىلىرىنى تەھرىرلىگەندە، نازۇك تەرەپلىرىگىلا ئەمەس، ھەرقانداق بىر سۆز - جۈملىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

«كوئېنلۇن تاغ باغرىدا پورەكلەپ ئېچىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق گۈللىرى» ماۋزۇلۇق ماقالە («تەڭرىتاغ» تورىنىڭ 2017 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى خەۋىرىدىن) نىڭ مۇقەددىمىسى «كوئېنلۇن تاغ باغرىغا جايلاشقان 14 - شى 1 - چارۋىچىلىق مەيدانىدا ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇ جايىنى سۇغىرىپ ۋە كۆكەرتىپ، بىللە ياشاپ، بىللە ئىشلەپ، ئۆزئارا ياردەم قىلىشىپ كەلدى» بولۇپ، ناھايىتى ئاددىي بولغاچقا، كىشىنى ئانچە جەلپ قىلالمايدۇ. مېنىڭچە، مۇھەررىر بۇ مۇقەددىمىنى ئۆزگىچىراق قىلىپ بەدىئىي تۈسى قويۇقراق جۈملىلەر بىلەن باشلىشى، ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەررىر «كوئېنلون تاغ باغرىدا» دېگەننى «كوئېنلۇن تېغى باغرىدا» دەپ ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ رولىنى تولۇق نامايان قىلىپ، جۈملىنىڭ راۋان، توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، «14- شى 1 - چارۋىچىلىق مەيدانى» نىڭ ئالدىغا «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى» نى قوشۇپ، جۈملىنىڭ مۇكەممەللىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## 3. مۇھەررىرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىنى كەڭ دائىرىلىك چۈشىنىشى كېرەك

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسى مەڭگۈلۈك تېما بولۇش سۈپىتى بىلەن، ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىراق ھازىر كىشىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بولغان چۈشەنچىسى سەل تار دائىرىدە بولۇۋاتىدۇ، جۈملىدىن مۇخبىر، مۇھەررىرلەرنىڭمۇ شۇنداق. ئەمەلىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. بىر مىللەتتىن بولغان بىر كىشى بىلەن يەنە بىر مىللەتتىن بولغان يەنە بىر كىشى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق، دوستلۇق، باشقا مىللەتتىن بولغان كىشىگە بىرەر قېتىم ياردەم قىلىشتەك ئىشلارلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىغا تەۋە بولىدۇ، دەپ قاراش بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. مېنىڭچە، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، مىللەتلەر ئارا بېرىش - كېلىشنى قويۇقلاشتۇرىدىغان ئاكتىۋال تېمىلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئەسەرلەر تېپىغا كىرىدۇ، شۇڭا مۇھەررىرلەر ماقالە تاللىغاندا، نوقۇل بايا تىلغا ئېلىنغاندەك ئەنئەنىۋى چۈشەنچىدىكى ئەسەرلەرنىلا تاللىماي، كەڭ دائىرىلىك ئەسەر تاللاپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىغا بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشى كېرەك.

«ئالىي مەكتەپ شەھىرى ۋۇخەندە ھاياتىنى نۇرلاندۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى» («شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2014 - يىلى 20 - دېكابىردىكى سانىدىن) دېگەن ماقالىدە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىدە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ۋە دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ياكى ۋۇخەندە خىزمەت قىلىۋاتقان يەتتە ئۇيغۇر ياشنىڭ ۋۇخەندىكى تۇرمۇشى ۋە ۋەتەنگە، پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى، شۇ جايدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قاتارلىقلار يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ

ماقالىنىمۇ دەل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى نۇرلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيىنى ياڭرىتىشتا ئىجابىي ئېنېرگىيە تارقىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئەسەر، دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ ياشلار ۋۇخەندىكى مۇھىتقا كۆنۈپ، شۇ جايدىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن يېقىن ئۆتۈپ، ۋۇخەننى ئۆز يۇرتىدەك كۆرگەچكە، شۇ جايدا يىلتىز تارتقان ياكى بىلىمنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. بىراق بۇ ماقالىدە، شۇ ياشلارنىڭ شۇ جايدىكى ياكى ئۆز مەكتىپىدىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ياكى ياشلار بىلەن بولغان قېرىنداشلىق، دوستلۇق مېھرى توغرىسىدىكى تەپسىلىيرەك ھېكايىلەر بايان قىلىنمىغان. مېنىڭچە، مۇھەررىر بۇ ئەسەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، مۇخبىرغا شۇ ياشلارنىڭ شۇ جايدىكى ياكى ئۆز مەكتىپىدىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان قېرىنداشلىق، دوستلۇق مېھرى توغرىسىدىكى تەسىراتى، ھېكايىسىنى قوشۇپ، ماقالىگە تېخىمۇ ئېنېرگىيە سىڭدۈرۈش تەكلىپىنى بەرسە ھەمدە شۇنداق مەزمۇننى قوشۇۋەتكەن بولسا ئەسەرنىڭ ئىجابىي ئېنېرگىيە تارقىتىش رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان، قىممىتى تېخىمۇ ئاشقان بولاتتى. دېمەك، مۇھەررىر ئىجادىي ئېنېرگىيە تارقىتالايدىغان مەزمۇنلارنى گىرەلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە يېزىلغان ئاخبارات ئەسەرلىرى چىن، ئەمەلىي بولۇشتەك ئەۋزەللىكى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى بىلەن كىشىنىڭ زوقىنى تارتىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ ئىجابىي ئېنېرگىيە تارقىتىش ئىقتىدارى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت بولۇشى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، مۇھەررىرنىڭ ئەسەرگە سىڭدۈرگەن ئەجرى، ئەسەرنىڭ ھەربىر سۆز ـ جۈملىسىنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى نادىر ئاخبارات ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، جەمئىيەتتە ئاكتىپ كۈچ، ئىجابىي ئېنېرگىيە تارقىتىپ، ئاممىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، مۇھەررىرلەر داۋاملىق ئىزدىنىشى كېرەك.

## پايدىلانمىلار:


1. «شىنجاڭ گېزىتى»[N]. 2017 ـ يىلى 15 ـ مارت سانى.
2. «تەڭرىتاغ» تورى[O/F]. 2017 ـ يىلى 3 ـ مارت خەۋىرى.
3. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»[N]. 2014 ـ يىلى 20 ـ دېكابىر سانى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

# Journal of Xinjiang University
## (Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.38, Iss.2 (Total:150) Jun 2017

### Contents

A Study on the Use of SWOT Analysis in Xinjiang's Foreign Trades Under the "One Belt One Road" Strategy..........Nurlanbek Khabbas(1)
An Investigation on the Origin of Three-Stringed Lute Found in Damagou Ruins..........Ablat Yasin Baba(10)
A Discussion on Opinions upon Inheriting Uyghur Classic Literature..........Ablikim Abdurahman(27)
A Review on the Domestic Research Situation of Salar..........Ruqiye Osman(36)
A Brief Study on the Basic Approach of the policy of Overall Strictly Governing the Party..........Najmidin Yusuf(43)
A Discussion on Relationship between Social Governance and "China's Dream"..........Ghalib Teliwaldi(53)
A Discussion on Protecting Tajik's Intangible Cultural Heritages(2)..........Sherin Khurban(57)
A Study on the Uyghur's Folky Dastan "Gor Oghli" in China..........Ghayratjan Osman, Osman Juma(66)
A Discussion on Vocabularies of Marital Customs in "The Dictionary of Turkic"..........Mamat Khayum, Aygul Abliz(79)
A Discussion on View of Peace and Harmony in Uyghur Proverb..........Ayghul Abdurehim(89)
A Discussion on Logical Method and Regulation of Concept Division..........Kheyum Mejid(96)
A Study on an Ancient Uyghur and Chinese Dictionary ---- "The Gaochang Glossary"..........Kerimjan Sabiryi, Khasimjan Sadikhop (102)
A Discussion on Structure of Mixed Words in Contemporary Uyghur Language..........Abdurahman Khurban(108)
A Discussion on Methodological Matters in Describing Language and Linguistic Fieldwork..........Resalat Ablimit(114)
A Discussion on the Meaning and the Development of "og" in Ancient Uyghur Language..........Aynur Yasin(118)
A Discussion on "göhär arili" and "göhär aral" in the Novel of "Home"..........Mehrigul Tursun(122)
A Brief Discussion on Domestic Violence and the Protection of Women's Rights..........Rezwangul Abdurahman, Ghalib Esmayil(125)
A Comparative Discussion between Ancient Greek's Ideologist and Confucian Legal Thought..........Erkin Tohti(130)
A Discussion on Editor's Role in Advocating the Ethnic Unity..........Madina Tayir(136)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философии и общественной науки на уйгурском языке)

**№.2.2017г (Общий: № 150)**

**Содержание**

Стратегия «Один пояс один путь» и проанализирование SWOT синьцзянских предприятий внешней торговли...................................................................................... Нурланбек Капас

О происхождении трехструнной Пипа, извлеченной из развалины Дамиго……………..
....................................................................................................................... Аблэт Ясын

О наследовании учений классической уйгурской литературы и искусства……………….
.............................................................................................................. Абликим Абдурахман

Сведение об изучении саларского языка в нашей стране…................................ Рукия Осман

Актуальное значение и основные способы всестороннего строгого ведения партии………
………..........................................................................................................Нэжмидин Юсуп

О взаимоотношении системы оздоровления и «Китайской мечты»………………………
.................................................................................................................. Халип Тиливалди

Размышление об охране наследия таджикской нематериальной культуры………………….
......................................................................................................................... Ширин Курбан

О настоящем положении исследования уйгурского народного дастана «Гурь оглы» в нашей стране.................................................................... Хэйрэтжан Осман, Осман Жумэ

О брачной бытье в «Словари тюркских наречий» ..................... Мэмэт Каюм, Айгуль Аблиз

Мнение о стабильности и гармоничности, отраженное в уйгурских народных пословицах
............................................................................................................... Айгуль Абдурэхим

Логические методы и правила распределения концепций…............................... Кеюм Мижит

Краткое сведение о «Словарьнике Идикут» на древнем уйгурском и китайском языках……
.............................................................................. Касимжан Садикуп, Керимжан Сабири

О структуре смешанных мотивированных слов в современном уйгурском языке…………
............................................................................................................. Абдурахман Курбан

Некоторые элеменины, требующие разъяснения во время расследования и описания языка
...................................................................................................................... Рисалэт Аблимит

О значении древнего уйгурского слова《تۇگ》и его развитии…………........................Айнур Ясын

О переводе выражения“宝岛”в двух переводных текстах романа «Семья»…………………
.................................................................................................................. Михригуль Турсун

Семейное насилие и охрана права женщины ........... Ризвангуль Абдурэхман, Галип Исмаил

Сопоставительное изучение античных мыслителей и юридических мнений Даусизма……
..........................................................................................................................Эркин Тохти

Роль редактора в усиливании национальной сплоченности…..............................Мэдинэ Тайир

# تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوف

## 米尔苏里唐·乌斯曼诺夫研究员



مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئۇيغۇر، ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى، تەتقىقاتچى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىس، دوكتورانتلار يېتەكچىسى.

مىرسۇلتان ئوسمانوف 1929 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياركەنت شەھىرى ئاقكەنت يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1932 - يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىدە ئوقۇغان ۋە 1943 - يىلى ئىلى بىلىم يۇرتىنى پۈتكۈزگەن. 1951 - يىلى بېيجىڭغا بېرىپ، سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان ھەم شۇ مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1957 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، 1965 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئومۇمىي تىلشۇناسلىقتىن دەرس ئۆتكەن. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ 1980 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە خىزمەت قىلغان. 1980 - يىلى 11 - ئايدىن 1989 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1989 - يىلدىن باشلاپ 1997 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان. 1987 - يىلى تەتقىقاتچى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئالاھىدە تۆھپىكار مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس»ى بولۇپ باھالانغان. 1989 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەرنى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 - يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك تۆھپىكار مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغان. 2005 - يىلى قەشقەردە ئېچىلغان «مەھمۇت كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا «دىۋان تەتقىقاتىدىكى تۆھپىكار ئالىم» دېگەن شەرەپلىك نامغا نائىل بولغان.

مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ 1964 - يىلى تىلشۇناس نەسرۇللا يولبولدى بىلەن بىرلىشىپ يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابى يېڭى يېزىقتا نەشر قىلىنغان. ئۇ 1977 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە قاتناشقان ۋە ئىككى تومىنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان يېڭى يېزىق نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئۇ يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» قاتارلىقلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە بۇ لۇغەتلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» ش ئۇ ئا ر بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ 1991 - يىلى تىلشۇناس مەترەھىم سايىت بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1988 - ، 1989 - يىللىرى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى» دېگەن كىتابنى تۈزۈشكە قاتناشقان. 1990 - يىلى ئۇ يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1997 - يىلى ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوشۇمچە قوشۇلۇش شېۋىسى» ناملىق كىتابى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1999 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى شۇ كىتابنىڭ قىسقارتىلغان خەنزۇچە نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى» ناملىق كىتابى 1999 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 2004 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلغان. 2005 - ، 2006 - يىللىرى ئالىم مىرسۇلتان ئوسمانوف لوپنۇر مەدەنىيەت تارىخى ئۈستىدە ئۇيغۇر تىلى نۇقتىسىدىن قايتا ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى» ناملىق كىتابىنىڭ كېڭەيتىلگەن يېڭى نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، مىرسۇلتان ئوسمانوف «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە يېڭى، مۇكەممەل نۇسخىسىنى تۈزىتىپ بېكىتىشكە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ يەنە ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەشكىللىگەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە تەتقىقات تېمىسى «ئورخۇن ئابىدىلىرى سۆزلۈكى»نىڭ كەسپىي يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.